ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى

لىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرەيلى

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2- نومۇر پوچتا نومۇرى: 830003)

شىنجاڭ ئاخباراتى تىجارەت تەرەققىيات شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل تاغ يولى 289- نومۇر پوچتا نومۇرى: 830002)

فورماتى: 1/32 باسما تاۋىقى: 18

2000- يىلى 5- ئايدا بېسىلدى

بېسىشقا رۇخسەت [illegible] نومۇرى (2000) 160 نومۇرلۇق

# مۇندەرىجە


ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن .................................... 1

شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ .............................. 26

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۈستىدە تەكشۈرۈش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى .................................... 42

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى .................................... 89

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بارايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى جاڭ جېنيا ................ 110

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى
تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ
باشلىقى چى جېنتىڭ ...... 131

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى
ئاساسىي ئىپادىلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر - تەكلىپلەر
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ
دوتسېنتى خۇجۇفىڭ ...... 171

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ
كىرىشتىكى ئاساسىي ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە
تەتقىقات
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات
ئورنىنىڭ دوتسېنتى ساۋخۇڭ ...... 222

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىكى مىللىي تىل
- يېزىق خەۋەرلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مىللىي تىل - يېزىقتىكى
خەۋەر - ماقالىلارنى باھالاش گورۇپپىسى ...... 270

چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا
تەشۋىقات جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە
ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر
شىنجاڭ رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خې
فۇلىن ...... 278

بازىنى چىڭ ساقلاپ، بوشلۇق قالدۇرماي، مەدەنىيەت سېپىدىكى
بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقايلى
ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ
شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر شۇخۇاتيەن ...... 296

ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇقىملىق خىزمىتى

ۋەزىيىتى ۋە مۇناسىپ تەدبىرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ................... 310

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاخبارات - نەشرىيات خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مىجىت ئابدۇرسۇل ........................ 326

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىشى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى ۋاڭ بىڭ ··· 340

قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى

قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى ........................ 350

شەھىرىمىزدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى ۋە قارشى تەدبىرلەر

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئەنەيتۇللا ........................ 380

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش داۋامىدىكى تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زىننەت ئۆمەر ........................ 393

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەھۋالى ۋە مەسىلىلەر توغرىسىدا

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

ليۇلىنتىڭ........................................................ 409
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ........................................................ 428
نۆۋەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى تەدبىرلەر
ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ...... 450
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ چۈنگلۈن ........................ 460
ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلايلى
ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ...... 483
ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بوشاشماي پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك
ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ... 511
سانجى ئوبلاستىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۈي شۈجېي ........................ 524
بەش ئاڭنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيىۋى ئىستىھكام قۇرايلى

بۆرتالا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گوييىڭخۇا ........................................ 542
«ئىككى قولدا تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى
بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز
ئۆستۈرەيلى
ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شى خۇيچۈڭ ........................................ 549

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھە-سىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن، مۇرەككەپ بولدى، ۋەزىيەت ناھايىتى جىددى بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئالدىسىنىڭ، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق جەھەتتە دۇچ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى ۋە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى پائال يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي تەۋرەنمەي قارشى تۇرۇپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى. لېكىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى ئېلىمىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ چېگرىسىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قۇترىتىپ ۋە قوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراتقان سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىمۇ كەسكىن خىرىس ۋە تەھدىتكە دۇچ كەلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىر تەرەپتىن بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تايانچلىرى، زوراۋان - تېررورچى جىنايەتچىلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى «ئەلەم» جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىدەك ئەھۋالغا قارىتا، بىز تىغمۇ — تىغ ھالدا قاتتىق زەربە بېرىش، قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، ئاۋۋال قول سېلىپ دۈشمەننى تىز پۈكتۈرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەن قەيەردە باش كۆتۈرسە، شۇ يەردە قەتئىي قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كېلىمات بولۇپ شەكىللىنىشىگە ھەرگىز يول قويماي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر

تۈركۈم ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىلىرىنى بىتچىت قىلدۇق، تەسىر قوزغىغان بىر تۈركۈم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى پاش قىلدۇق، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن جانلىق كۈچلىرىنى يوقاتتۇق، دۈشمەننىڭ بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، قىسمەن جايلاردا كۆرۈلگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى يامراپ كېتىش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ناچارلىشىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆڭشىدۇق ۋە ياخشىلىدۇق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىزنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىمىزنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇندىن كېيىن ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەنلەر «قەلەم» جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە دائىر جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئاممىنى بارغانسېرى چوڭقۇر زەھەرلەۋاتقانلىقىدەك ئېغىر ۋەزىيەتكە قارىتا، بىز نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، دۈشمەنلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلمىشتەك ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسى ۋە جىنايى ماھىيىتىنى پولاتتەك پاكىتلار بىلەن پاش قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيىنىڭ سالمىقىنى ۋە ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىنى باشقۇرۇش، قورۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇق، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئىدىيە جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى دېگەندەك كۈچلۈك بولمىدى، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلىشى تەكشى بولمىدى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملاردا تۈپتىن تۈزەش جەھەتتە يەنە نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلار بار. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە تەشۋىقات، ئىدىيە تارماقلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە.

تۆۋەندە بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىرقانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش كېرەك

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1996- يىلىدىكى 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ»، «نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا كۈرەشتە، شىنجاڭدا بىرمۇنچە رېئال ۋە يوشۇرۇن تېنچسىزلىق ئامىللىرى مەۋجۇت، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتنى ۋاقتىدا كۈچەيتمىگەندە، بىرقەدەر چوڭ كۆلەمدىكى ۋەقەلەر تويۇقسىز يۈز بېرىپ، ھەتتا مەلۇم دائىرىدە پاراكەندىچىلىك، مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998- يىلى 7- ئايدا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى» دەپ كۆرسەتتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ دۇچ كەلگەن ئاساسىي خەۋپ توغرىسىدىكى ئوقتۇرۇشىنى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا قىلغان كۆپ قېتىملىق سۆزىنىڭ روھى تامامەن بىردەك، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بايراق روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتەك يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر مىللەت

كادىرلىرى، بولۇپمۇ ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دېگەن بۇ توغرا ھۆكۈمگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك، شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش كېرەككى، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرىشىمىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئېلىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان كۈرەش، جۇڭگو خەلقىنىڭ 100 نەچچە يىلدىن بۇيان جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىقەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامى.

يېڭى خەلقئارا سىياسىي قۇرۇلمىدا، ئامېرىكا دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگونى «ئەڭ خەتەرلىك يوشۇرۇن رەقىپ» دەپ قاراپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىنى جىددىي يولغا قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى سىياسىي ۋە قورال كۈچى جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە شىنجاڭغا بولغان پارچىلاش، سىڭىپ كىرىش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. 1998- يىل 6- ئاينىڭ 16- كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچى

ئۇنسۇرلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى سۆز قىلىشىغا يول قويىدى؛ ئۇلار ئامېرىكا ئاۋازى، ئازادلىق رادىئو ئىستانسىسى، ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى قورالىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئاشقۇنچىلارغا قارىتا جۇڭگوغا قارشى بىۋاستە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؛ خەلقئارادىكى ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى كۈچلىرىنى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاشقا قۇتراتتى ۋە مەدەت بەردى.

غەرب دۈشمەن كۈچلىرى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، چېگرا سىرتىدا كۆپ خىل يېزىقتىكى ئەكسىيەتچىل كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا تەشكىللەپ، «غازات» ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان 100 نەچچە خىل قوللانمىنى باستۇردى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاڭلىتىش بېرىدىغان 5 رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى قۇردى، نۇرغۇن ئۇن ـ سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلىدى، خەلقئارالىق ئىنتېرنېتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك خىتاپنامىسى قاتارلىق قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلار ۋە ماتېرىياللارنى تارقاتتى. پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىش، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە توشۇپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەردىن بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش خاراكتېرىدىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى شىنجاڭغا يوشۇرۇنچە ئېلىپ كىرىۋاتىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى جىددە رادىئو ئىستانسىسى، تاشكەنت قېرىنداشلار رادىئو ئىستانسىسىمۇ دىن مەزمۇن قىلىنغان مۇكاپاتلىق ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەربىر سوئالغا توغرا جاۋاب بەرگەنلەرگە 100 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىكىلەرنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇرۇپ، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. چەتنىڭ رادىئوسىنى ئاڭلايدىغان كىچىك رادىئو مەلۇم ۋاقىت سېتىلىپ تۈگەپ كېتىشتەك نورمالسىز ئەھۋاللار يۈز بەردى، بۇلار شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى قوزغىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. كوسوۋو ۋەقەسى ۋە چېچېنىيەنىڭ «مۇستەقىللىقى» مەسىلىسىنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا، بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، بەزى جايلاردا ئاشكارا ھالەتكە كۆچتى. بىرىنچىدىن، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشىر بۇيۇملىرىنى ئاشكارا ئىشلەپ سېتىپ، بېسىپ تارقىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە بۆلگۈنچىلىككە دائىر جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى، بۇنداق بۇيۇملار كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى يەنىلا توختىماي چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بولغان سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتتى، قىسمەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردا ئوقۇغۇچىلار ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژورناللارنى ئوقۇپ، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن لىنتىلىرىنى قويدى، بۇنىڭ ياش ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى زور بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، تەبلىغ ئېيتىش قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىلەرنى دىن ئەسەبىيلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇترىتىپ، «غازات»نى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش»، «كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش» «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» توغرىسىدا جارسىلىۋاتىدۇ.

بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يەنە بىرمۇنچە ئاجىز ھالقىلار ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزى تارماقلار ۋە كادىرلارنىڭ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»كە ئۇرۇنۇشىنىڭ رېئال خەۋپى ۋە ئېغىر زىيىنىغا بولغان تونۇشىنى يېتەرلىك ئەمەس، نۆۋەتتە خەلقئارادا يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان مىللەت، دىنغا ئائىت قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئىگىلىشى يېتەرسىز، بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى تەلۋىلەشكەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك

رخاھىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرسىز، بولۇپمۇ دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇش ۋە ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ھوشيار بولۇشى كەمچىل، مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «مىللەت» ۋۇيۇسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورىنىۋېلىپ، سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلىشى يېتەرسىز؛ بەزى كادىرلار مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىملىقىنىلا كۆرۈپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىغا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشكە سەل قاراۋاتىدۇ؛ بەزى كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە «ئەلەم» ئارقىلىق زەربە بېرىش جەھەتكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشنى خالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «قەلەم» جەھەتتىكى قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىق قىلىشى ئاز، چارىسى ئاز بولۇپ، تەدبىرلىرى كۈچلۈك ئەمەس. بولۇپمۇ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، دىن باشقۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت.

جايلار، تارماقلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەخىرسىزلىكى، مۇشكۈللىكى ۋە مۇھىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەك. مۇنداق بىر قاراشنى، يەنى مۇبادا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى ياخشى تۇتالماسلىقىمىز ئوخشاشلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى كېرەك. ھازىردىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىشكە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى لازىم.

2. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتىكى بىرنەچچە مۇھىم خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك، تۆۋەندە مەن بىرقانچە تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتنى نۇقتىلىق تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

(1) ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۈچەيتىش كېرەك.

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش — پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى. يۇقىرىدا، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدا «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»، يەنى م ك (1999) 17- نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلىۋاتىدۇ. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ ئاساسلىقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارغا ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تەربىيە بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسى توغرىسىدىكى تەربىيىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزىملىق، سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ «فالۇن گۇڭ»، «پىسى» مەسىلىسىگە بولغان ئويلىنىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئېغىشماي داۋاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك؛ ۋەزىيەت ـ سىياسەت تەربىيىسى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي

قانۇن ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك؛ ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ئاممىنى ئەخلاق قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش، ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇش كېرەك. ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش، مەدەنىيەت قاراشتىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال ئارقىلىق تارىخ ۋە رېئاللىق ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك زور مەسىلىلەرگە ماركسىزملىق ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئىدىيىۋى قورالىنى ئىگىلەپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى ھەقىقىي قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇلارغا بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى پارتىيىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، زورىيىشى، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشى پارتىيە ۋە خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ خاتا بولۇشى پارتىيە ۋە خەلققە

بالايى ئاپەت كەلتۈرىدۇ»، دەپ تەكىتلىگەنىدى. گېزىت - ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇمى قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا بولغان تەسىرى ۋە رولى ناھايىتى چوڭ، شۇڭا ئۇلارنى پارتىيىنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇشىمىز، ئوبدان باشقۇرۇپ، ئوبدان ئىشلىتىشىمىز لازىم. جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ ھەممىسىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، روھلاندۇرۇش، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى پائال تۈردە ياخشى قىلىش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ۋە كۈچلۈك تەنقىد قىلىش كېرەك، ئۇلارنى جامائەت پىكرى بازىسى بىلەن تەمىنلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

(2) پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، مىللەت، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئەزەلدىن مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتكە دائىر بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققان. پارتىيىمىزنىڭ مىللەت سىياسىتى — ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللەت مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

تىل - يېزىقىغا، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەركەزنىڭ ئېتىبار بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئىلگىرى نامرات ۋە ئارقىدا قالغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەركەز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، سېلىنما، مالىيە، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇردى، تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنى شىنجاڭغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشكە يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بۇ — پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، داۋاملىق ھالدا باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسەتكىنىدەك: «پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك». بۇ ئۈچ جۈملە سۆز — پارتىيە مىللەت سىياسىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى. پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرەققىيات تېزلىتىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇلىۋاتقان، مۇقىملىق قوغدىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قاراش، پارتىيىنىڭ مىللەت

نەزەرىيىسى ۋە مىللەت سىياسىتى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىدە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزئارا ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان گەپ - سۆز ۋە ئىشلارنى قىلمايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىغان قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگىلىك رول ئوينايدىغان قىلىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق دىن قاراشتىن پايدىلىنىپ تەربىيە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن ئېلىمىزنىڭ دىن سىياسىتىنى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش، دېگەن ئۈچ جۈملە سۆزگە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىدى. ئۇ يەنە، دىندىكى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش مەقسىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش، مىللەتلەرنى، ۋەتەننى بۆلۈۋېتىش بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى، مۇشۇنداق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەن ھامان، ئۇلارغا ۋاقتىدا، كەسكىنلىك بىلەن قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. بىز ئەستايىدىللىق بىلەن، دىن خىزمىتىدىكى ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقلار بويىچە دىن خىزمىتىنى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما كۆپ بولغان، كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون. ئازادلىقتىن بۇيان، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوغدالدى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەمما، ئىنتايىن ئاز ساندىكى دىن ئەسەبىيلىرى ھەمىشە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، «غازات»نى تەرغىپ قىلىپ، ئاممىنى قۇترىتىۋاتىدۇ، ئالداۋاتىدۇ ۋە ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىنىي پائالىيەتلەرنى چوقۇم قانۇن ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرا بولسۇن، ھېچكىمنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى چىقىشىغا، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە بولمايدۇ. مەيلى قانداق ئادەم، قانداق گورۇھ، قانداق سورۇن، قانداق شەكىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلغان، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ نورمال تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ زەربە بېرىشتىكى مۇھىم نۇقتىمىز، يۇمشاق قوللۇق قىلىشىمىزغا ھەرگىز بولمايدۇ. ئاز ساندىكى تارماقلار ۋە كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان دىن مەسىلىسىنى باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك

دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى قاتتىق ئايرىش، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىغا زەربە بېرىش كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە ۋە ئادەتتىكى تونۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، زور كۆپچىلىك ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىغا ئاتلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا پائال يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(3) شەھەر - يېزىلاردىكى بولۇپمۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» قەستىگە قارشى تۇرۇش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش ئىستىھكامىنى قۇرۇپ چىقىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرى بولۇپمۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز بولۇشى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى، چوقۇم سوتسىيالىستىك ئىدىيە - نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنى پۇختا ئىگىلەش

يۈكسەكلىككىدە تۇرۇپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش، ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى پۇختا ۋە ياخشى ئىشلەش كېرەك. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، گېزىت - ژۇرناللارنى يەتكۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، كىنو قويۇشنى ئامال قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىش، تارقىتىش ۋە ئوقۇش - قوللىنىش ئىشىنى ياخشى تەشكىللەش؛ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى داۋاملىق ياخشى تەشكىللەش كېرەك. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى پىلانىنى دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت تەلەپلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ چېگرادىكى ناھىيە - شەھەرلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپرەك مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مەركەز ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ شىنجاڭدا ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ شەرت - شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك شەھەر - بازار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات -

سەنئەت ئىجادىيىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى قاتارلىق تارماقلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشى كېرەك.

(4) مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ئادەم تەربىيىلەشتە مائارىپ ئاساس. مائارىپ ساھەسىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىغا، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن مەكتەپ تەربىيىسىنى تالىشىشنى ۋە ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى گۆدەكلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇپ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزۈپ كەلدى.

مائارىپ سىستېمىسى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ھەدەپ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىۋاتقان ئەھۋالغا قارىتا، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر يۈرۈش كۈچلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم، مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە چوقۇم قەتئىي مەيداندا تۇرۇپ، بايرىقىنى روشەن قىلىشى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ «تۆتكە ئىگە» قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلىگۈچى ئۇستاز، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى

مۆلىرىنى تارقاتقۇچى، ئۇلار سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتەك سىياسىي مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، چوقۇم ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسىشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، سىياسىي - ئىدىيىۋى ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇش كېرەك؛ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەك، قايتا - تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تازىلىۋېتىش ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدەپ، قانۇنىي جاۋابكارلىقىغا تارتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونسپېكتى، دەرس تېزىسى ۋە دەرس پىلانىنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى، رەھبەرلەر دەرس ئاڭلاش تۈزۈمى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈشىنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدىكى ۋە دەرستىن سىرتقى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ۋە دىن ئۇقتۇشىنەزەرلىرىنى تارقىتىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن بەلگىلىمىسىدە بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيە بېرىپ توساش، تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى قەتئىي تۈردە مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىش كېرەك. دىن باشقۇرۇش قائىدە - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ، دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى ئېچىش ياكى

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى دىن ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش ۋە مەجبۇرلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

(5) زور كۈچ سەرپ قىلىپ مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى شۇنىڭدەك قانۇنسىز دىنىي نەشىر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىشتۇرۇش كېرەك.

مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش — ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، بەزى جايلاردا باشقۇرۇش چىڭ بولماسلىق مەسىلىسى كۆنسېرى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، بەزى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشىر بۇيۇملىرى يامراپ ئاپەتكە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا غايەت زور زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بىز چوقۇم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئەستايىدىل ئىنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشىر بۇيۇملىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز ۋە يىغىشتۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، كىتاب - ژورنال سېتىش، كۆپەيتىپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايما - نۇقتىلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەزلىك ھالدا ئىنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ كىنىشكىسى بار بولسىمۇ، لېكىن قانۇنسىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن يايما - نۇقتىلارنى مۇددەت بەلگىلەپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك. جايلار ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي مىقدار ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسىگە ئاساسەن، ئۆز جايىدىكى كىتاب - ژورنال يايما - نۇقتىلىرى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەش نۇقتىلىرى، سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويۇش نۇقتىلىرىنى ئىنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئومۇمىي مىقدارنى تېزگىنلەش ۋە ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇشنى يولغا

قويۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقە تورىنى ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، دىن تەلۋىلىكىنى قوزغىتىدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشر بۇيۇملىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىش، مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتكەسچىلىك بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن قانۇنسىز باستۇرۇلغان، ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، تورلۇق ياساش ـ سېتىش ئۆۋۈلىرىغا مەركەزلىك زەربە بېرىش كېرەك. تەشۋىقات، بىرلىكسەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مىللەت — دىن ئىشلىرى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مەدەنىيەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، تاموژنا قاتارلىق تارماقلار ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بىردەك ھەرىكەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ترانسپورت بازارلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نەشر بۇيۇملىرىنى بەلگىلەنگەن نۇقتىلاردا ھاۋالىلىك توشۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنىڭ توشۇلۇش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. مىللەت، دىن مەسىلىسىگە دائىر نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇشنى كۈچەيتىش، كىتاب ـ ژورناللارنىڭ نۇسخىسىنى يوللاپ بېرىش تۈزۈمى ۋە تەكشۈرۈپ ئوقۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ دىنىي بىلىملەرگە دائىر بىر تۈركۈم كىتابلارنى پىلانلىق ھالدا نەشر قىلىپ ۋە ئاشكارا ۋە ئېچكى قىسىمدا تارقىتىپ، دىنىي كىتاب ـ ژورنال بازارلىرىنى ئىگىلەش ۋە يېتەكلەش كېرەك. كىتاب ـ ژورنال بېسىش كارخانىلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، تىجارەت كىنىشكىسى تولۇق بولمىغان ياكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى باسقان كارخانىلارنى قەتئىي تاقىۋېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىتاب ـ ژورنال مەتبە بۇيۇملىرىنىڭ ساغلام

تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(6). تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى پائال، ئۈنۈملۈك تۇردە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

غەربتىكى دۈشمەنلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرخىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، پاكىتلارنى ئۈزلۈكسىز بۇرمىلاپ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، جامائەت پىكرى جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشنى يولغا قويىۋاتىدۇ. بۇنداق زىيانلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ سەزدۈرمەي پارچىلاش رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز لازىم. بىز تاشقى تەشۋىقاتتا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» سۇيىقەستىنى دەلمۇ - دەل تاقابىل تۇرغان ئاساستا پاش قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش»، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوغداش»، «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش» نى باھانە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىگە قول تىقىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە مەدەت بېرىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى پاش قىلىشىمىز لازىم. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرىكىتىنى چەكلىشىگە ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم. سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا بولغان بېسىمنى داۋاملىق ساقلاپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە زۆرۈر بولغان سۆزلىشىش ۋە كۆرەشنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. چېگرا سىرتىدىكى جامائەت پىكرى ئۇچۇرلىرىغا دائىر تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەشنى كۈچەيتىش، چېگرا سىرتىدىكى جامائەت پىكرى ۋاسىتىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىش ئەھۋالىنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ ئاڭلاش، كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش، زور مەسىلىلەرگە ئائىتلىرىنى ۋاقتىلىق توپلاپ، ئۇنىۋېرسال رەتلەپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھەرىكەت يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش، قارشى تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تاشقى تەشۋىقاتتا تەشەببۇسكارلىق جېڭى قىلىپ، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشىمىز لازىم. تاشقى تەشۋىقاتنىڭ يېڭى يوللىرىنى داۋاملىق ئېچىپ، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ۋاسىتىلىرىنى كۆپەيتىشىمىز، تاشقى كۈچلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، مەملىكەت سىرتىدىكى ئاساسىي ئېقىم تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى شىنجاڭنى ئىجابىي جەھەتتىن تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلىشىمىز لازىم.

### 3. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك

ئاپتونوم رايونىمىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا دائىر بىر قاتار كونكرېت لايىھە ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچلۈك سىياسىي، تەشكىلىي ۋە تەدبىر جەھەتتىكى كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە زەربە بېرىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى رەھبەرلىك خىزمىتى مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتلەر «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئەلەم» قولى قاتتىقراق بولۇش، «قەلەم» قولى يۇمشاقراق بولۇش خاھىشىنى تۈگىتىشكە ئىزچىل دىققەت قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى ،كۈرەشنى كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار قاتارىغا قويۇپ، داۋاملىق تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى، قارشى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، پارتىيە - ھۆكۈمەتلەرنىڭ 1- قول رەھبەرلىرى 1- جاۋابكارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، رەھبەرلىك بەنزىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە كونكرېت ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم - ھۆكۈمەتلەر خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتنىشىدىغان ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمىنى ئورناتسا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىري كادىرلار بۇ خىزمەتنى چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ - ئامان بولۇشتەك ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشلامچىلىق بىلەن چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشى لازىم. خىزمەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەكشۈرۈش، رەھبىري كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى قىلىش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ئېغىزدا سۆزلەش، ھۆججەتكە يېزىش بىلەنلا بولدى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چوقۇم كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ئىدىيىۋى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، شۇ جاي، شۇ تارماقلاردىكى مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئامىللار ئۈستىدە داۋاملىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىۋېتىش كېرەك. مۇھىم ئەھۋاللارنى چوقۇم ئەينەن مەلۇم قىلىش كېرەك، يوشۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىنغاندا، ئالاقىدار

رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

تەشۋىقات - ئىدىيە، نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئاخبارات - نەشرىيات، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلەرنى داددىل قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىغاندا، مۇنداق ئىككى ئىشنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولغان كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساھە ۋە تارماقلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆز - قۇلىقى ۋە تىلى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ روھى ۋە ئىدىيىسىنى يارىتىدىغان ئاپپاراتلاردۇر. بۇ تارماق ۋە ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خادىملار، بولۇپمۇ رەھبەرلىك ئورنىدا ئىشلەيدىغان كادىرلار ئالدى بىلەن سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان جەھەتتە چوقۇم لاياقەتلىك بولۇشى، ئۇنىڭدىن قالسا كەسپىي ئىقتىدار جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇشى كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەرقايسى تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلار چوقۇم كۈچلۈك سىياسىي ئاڭ، ئومۇملۇق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيۋى جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا تەدبىر ۋە تەلەپلىرى بىلەن يۇكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى تارماقلار ئىش تەقسىملىنىشۋېلىپ ھەمكارلىشىشى، ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى، ئەھۋاللاردىن بىر - بىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆز - پىكىرلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپلارغا يول باشلىتىپ، بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە

ئالاقىدار تارماقلار بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن تۇزەش تەدبىرلىرى جەھەتتە سىلىنىمىنى كۆپەيتىشتىن ئايانماي، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش، ئۇزاق مۇددەت تىنچ - ئامان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش خىزمىتىگە پۇختا ئاساس سېلىشى لازىم.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بىز چوقۇم بۇ خىزمەتنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىدە بىرلىككە كېلىپ، ئىشەنچىمىزنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، تەڭ ھەمكارلىشىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

# شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
ۋۇ دۈنفۇ

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي چوڭ ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىتتىقاندا مۇقىم بولىۋاتىدۇ. 1999-يىل 8-ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىدىيىدە يەنىمۇ بىرلىككە كېلىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى توختاتقىنى يوق، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددىي، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى داۋاملىق كۈچىيىۋاتىدۇ، دۈشمەننىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش

ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، ئەزگۈچى سىنىپلار بىر سىنىپ بولۇشتىن قېپقالدى، سىنىپىي كۈرەشمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، ئەمما سىنىپىي كۈرەش يەنە بەلگىلىك دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بولغان كۆرىشىمىز ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك مىللەتلەرنى بۆلۈۋېتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس، ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئەكسىيەتچىل رېئال قىلمىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تىنچ - خاتىرجەملىكى ۋە بەخت - سائادىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپە. مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»كە ئۇرۇنۇش — غەربتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ۋاستىسى. زور مىقداردىكى پاكىتلار شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. بىز چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي ئېغىشماي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۆرىشىمىز مىللەت مەسىلىسىمۇ، دىن مەسىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كېرەك قىلىش - قىلماسلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كېرەك قىلىش - قىلماسلىق، خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كېرەك قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆپ ھاللاردا مىللەت ۋە دىن ۋۇۋىسكىسىنى كۆتىرىپ چىققان بولسىمۇ، ھەرگىز مەلۇم مىللەت ۋە مەلۇم دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىزمۇ ھەرگىز مەلۇم بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەت بىلەن بولغان كۈرىشى ئەمەس، شۇنداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ كۈرىشىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى چىن كۆڭلىدىن قوغدايدىغان ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دۆلەت ۋە مىللەتنى بۆلۈۋەتمەكچى بولغان ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشتىن ئىبارەت. ئۇ ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىدە بولۇپ، قىلچە مۇرەسسە قىلىشقا، يول قويۇشقا بولمايدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارىخ ئېقىمىغا، ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەم ئۆز مىللىتىنى سېتىۋەتتى، ئۇلار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ جىنايەتكارى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغىنى بىلەن، زىيىنى زور، شۇڭا ئۇلارنى قەتئىي پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇلار بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشقان ۋە ئۇلارغا ئەڭ زور چەكتە تايانغاندىلا، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور چەكتە يېتىم قالدۇرغىلى ۋە ئۇلارغا ئەڭ زور چەكتە زەربە بەرگىلى، مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ

ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى توسۇغىلى بولىدۇ.
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ كۈرەشنىڭ تەخىرسىزلىكى، مۇشكۇللۇكى ۋە مۇھىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قەتئىي ئېغىشماي داۋاملىق چىڭ تۇتۇشى لازىم. «قەلەم» بىلەن «ئەلەم» نى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك. بىر تەرەپتىن، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرىغا، زوراۋان، تېررورچىلارغا ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش، يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىش، «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتۈرگەن ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىش»، ئۇلارنىڭ كېلىمات بولۇپ شەكىللىنىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋە ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. تەشۋىقات - ئىدىيە، نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئاخبارات - نەشرىيات، مەدەنىيەت - مائارىپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار كۈچلۈك سىياسىي ئاڭ، ئومۇملۇق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زېمىننى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى لازىم. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ھەرقايسى جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، تەڭ ھەمكارلىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، ئۇزاققىچە تىنچ - ئامان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۇختا خىزمەت ئاساسىنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۇل ۋەزىپە. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن زور مىقداردىكى جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، توغرا ئىدىيە ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن كەڭ ئاممىنى قوراللاندۇرۇش كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشى بىلەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي يېڭى ئېراسى باشلاندى، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئىجادىي بىرلەشتۈرۈپ، باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئۆزئۆزىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، بىزگە مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر سالساق، يېڭى جۇڭگونىڭ مىللەت سىياسىتى ئەڭ ياخشى بولدى. دۇنيادىكى باشقا مەملىكەتلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ، بىزنىڭ مىللەت سىياسىتىمىز ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بىز مىللەت مەسىلىسىنى ماركسىزملىق مىللەت قاراش بويىچە كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ھەر مىللەت

كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا مۇنداق بىر قاراشنى، يەنى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ باراۋەر ئەزاسى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تىكلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك، ھەر مىللەت خەلقى قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشى كېرەك.

مىللەت بىلەن دىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى كاتېگورىيە بولسىمۇ، شىنجاڭدا بۇ ئىككى مەسىلە كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. مەركەز قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىمۇ شىنجاڭغا تەسىر يەتكۈزىدىغان خەۋپ قاتارىغا كىرگۈزدى، بۇ قاراتمىلىقتا ئىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم. دىن مەسىلىسىگە قارىتا باش شۇجى جياڭ زېمىن: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك، دېگەن ئۈچ جۈملە سۆزنى قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى جۈملە سۆزى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە بىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ۋە يەكۈنلەشكە ئەرزىگۈدەك ساۋاقلارغا ئىگە. سىياسەت ۋە تاكتىكا — پارتىيىنىڭ ھاياتى، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك توغرا تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىشقا، ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ قوللىنىشقا، گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا تەۋرىنىشكە، ھەممىنى يوققا چىقىرىشقا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە، بىر خاھىش ئارقىلىق يەنە بىر خاھىشنى يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىلگىرىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى تەكىتلىشىمىز كۆپ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ئاز

بولدى. يولداشلار ئۆز سۆزلىرىدە بۇ نۇقتىنى سۆزلەپ ئۆتتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى خۇددى دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىدەك بولۇپ قالدى، بۇنداق چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى، يەنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا ئۇنى مۇكەممەل چۈشىنىش كېرەك. سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئېغىش كۆرۈلسە، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا ناھايىتى زور زىيان يېتىپ، تۈگىمەس بالا - قازا كېلىدۇ. بىز پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، كۆچىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتىشىمىز لازىم. سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان بىرلىكسەپنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، دىنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش كېرەك. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەيلى قايسى خىل دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس، ھېچقايسىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ قاتارلىق فۇنكسىيىلەرنى يۈرگۈزۈشكە ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى مەردانىلىك بىلەن كۈچەيتىپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداپ، قانۇنسىزلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىشى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى بايرىقى روشەن

ھالدا قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى لازىم. دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش مەقسىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىش، دىندىن پايدىلىنىپ سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆرۈلگەن ھامان، كەسكىن، قەتئىي ھالدا ئۇلارنى ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كېرەك. قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىمىغىچە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تازىلىغىلى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ - ئامان بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش كېرەك. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەر قانداق بىر مىللەت تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن دىنغا ئەمەس، بەلكى چوقۇم پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىشى كېرەك. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ دىنغا تايىنىپ تەرەققىي قىلغان ئەمەس. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرۇش كېرەك.

**ئىككىنچىدىن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك.**

پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى

ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق قىلىشى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى لازىم. بۇ، كومپارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن، پارتىيىۋىلىكنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. دۆلەت كادىرلىرىغا نىسبەتەن، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى.

شىنجاڭدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە بايراقنىڭ روشەن بولغان ـ بولمىغانلىقى، مەيدان قەتئىي بولغان ـ بولمىغانلىقى سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە كۆرسەتكىنىدەك، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كادىرى، ھەممىسى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى قىلىشى كېرەك. پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلا بولىدىكەن، مەيلى قانداق ئادەم قىلغان بولۇشى، بۇ ھەرىكەتنى پىلانلىغۇچى ۋە ياكى قاتناشقۇچى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىيلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك، يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنداق زور مەسىلىلەردە قىلچە مۇجمەللىك قىلىش ۋە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ئۈچۈن مۇھىم سىناق. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى

بايرىقىنى روشەن قىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەر مىللەت ئاممىسىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قاپتۇ» دېگەندەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە چوقۇم غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاشۇ بىر ئوچۇم ئادەملەر، ئۇلار قۇدرەتلىك جۇڭگو بىلەن دۈشمەنلىشىشكە ئۇرۇنسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى پەقەت ئازراق يوقىتىلسا، ئازراق ئارام تېپىش، كۆپرەك يوقىتىلسا، كۆپرەك ئارام تېپىش، ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلسا، ئۇزۇل - كېسىل ئارام تېپىش بىلەن؛ ئۇلارنىڭ تەقدىرى پاراكەندىچىلىك سېلىش، مەغلۇپ بولۇش، يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىش، يەنە مەغلۇب بولۇش، ئاخىرى كېلىپ ئۇزۇل - كېسىل يوقىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئېنىق كۆرۈشى، «ئەلەم» جەھەتتە يۇمشاق قوللۇق قىلمايلا قالماي، «قەلەم» جەھەتتە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلىشى لازىم. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكلىكى، مۇشكۈللىكى ۋە يوشۇرۇنلىقىنى، بەلگىلىك دەرىجىدىن ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ مۇھىم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. نۆۋەتتە، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىمىزنى «ئەلەم»گە تايىنىپ ئاغدۇرۇۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە تايانسا، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايدۇ. چۈنكى بىزدە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بار،

پارتىيىنىڭ سىياسىتى ياخشى، ئۇنى خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدۇ، بۆلگۈنچىلىك كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك دىكتاتورا ماشىنىسى بار، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسمى ۋە قۇدرەتلىك ئارمىيە بار، ئۇلارنىڭ «ئەلەم»گە تايىنىپ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىشى تۈپتىن مۇمكىن ئەمەس، لېكىن، ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرىنىڭ كۆپىيىپ يامراپ كېتىشى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى لىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىشى بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. دۇنيا تارىخىدا ۋە بۈگۈنكى خەلقئارادىكى بەزى ئەھۋاللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بار. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ھەرگىز قورال ئىشلىتىش ئارقىلىق بولغان ئەمەس، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىشتىمۇ قورال كۈچى بۇ دۆلەتلەرنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنى ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قىلغان ئەمەس. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ھەممىشە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدۇ، شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىپ، بىر قىسىم كادىرلار ئارىسىدىكى ئىدىيە جەھەتتىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى «باشقۇرغۇسى كەلمەسلىك، باشقۇرالماسلىك، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماي بولمايدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىنى چوقۇم بۈگۈنكى دۇنيا دائىرىسىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك.**

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاساسىي ئېقىم تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بولسىمۇ،

لېكىن جاھان ئانچە تىنچ ئەمەس. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى داۋالغۇشلارنىڭ بىۋاستە مەنبەسى بولۇپ قالدى، كۈنسېرى غالجىرلىشىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى مىسلىسىز جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بىز شىنجاڭدىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى دۇنيا دائىرىسىگە قويۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەيلى تارىختا ياكى ھازىرغا قارىمايلى، مىللەت مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسى ھەمىشە باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن قىزىق نۇقتا رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە مىللەت ۋە دىن جەھەتتىكى توقۇنۇشلار، ئېغىر مىللىي ۋە دىنىي زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلىرى پاراكەندىچىلىكنى ھەتتا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى مىللەت ۋە دىن مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنمىغان جايلاردا مالىمانچىلىق يۈز بېرىشى، ھەتتا ئۇ دۆلەتلەر ئارا توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇنداق قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى كۆپ ھاللاردا ئاسانلا تاشقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بىر دۆلەتتىن يوچۇق ئېچىش مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى. بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مىللەت، دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، مىللەت، دىن مەسىلىسىگە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز، توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، دۆلەت ھالقىغان مىللەت، دىن مەسىلىسى، شۇنىڭدەك

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى مىللەت، دىن مەسىلىسى تەتقىقاتىنى، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەت ۋە دىن جەھەتتە ئەكس ئەتكەن مەسىلىلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش ئىقتىدارىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۈچەيتىشىمىز؛ دۇنيادا يېڭىدىن يۈز بېرىۋاتقان مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتتىكى قىزىق نۇقتىلارغا، مەسىلەن، كوسوۋو كرىزىسى، شۇنىڭدەك دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇش، ئەسەبىيلەشتۈرۈشكە ئوخشاش ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى پىكىر ئېقىمىغا قارىتا، يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇشكۈل ۋە تەخىرسىز ۋەزىپە قىلىپ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشىمىز لازىم.

**تۆتىنچىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى جۇملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش ئارقىلىق تەربىيىلەش، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭ ئەزەلدىنلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ تارىختىن بۇيان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون. شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەت داۋامىدا ئورتاق ياراتقان، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش تارىخى دەل ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئۆتۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك مىللەتلەر

مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدۇر، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلىرىنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن. مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى بۇرمىلانغان ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان تۈرلۈك سەپسەتىلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلار تەرغىپ قىلغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى، شۇنداقلا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا قۇترىتىش قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاتا ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە سىياسىي سۈيقەستىنى فەتئىي پاش قىلىپ ۋە ئۇلارغا رەدىيە بېرىپ، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، نەزەرىيە بازىسى، جامائەت پىكرى بازىسى ۋە مەدەنىيەت بازىسىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت.

جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى جەھەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەدەپ تارقىتىپ تەرغىپ قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش قاتارلىقلارنى قۇترىتىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلەرگە ۋاقتىدا، تىغمۇ - تىغ رەدىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۈيقەستىنى ۋە رەزىل مەقسىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. بىز ماركسىزملىق مىللەت قاراش ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى توغرىسىدىكى تەشۋىق -

تەربىيىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر بىرىدىن ئايرىلالماسلىق سىياسىي ئۇقتىئىينەزەرىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيەتلىرىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قويۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى يارىتىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا تەستە قولغا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتىنى قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك بىلەن بىڭتۇەنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئورتاق ئېچىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك.

دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك 3- قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ 2000- يىلى 5- ئايدىكى 18- قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچماقچى، كۆپچىلىكنىڭ بۇنى ئاچقۇچ قىلىپ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركەزدە

ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى ماركسىزمنىڭ مىللەت - دىن سىياستى توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆججەت بولۇپ، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۆچلۈك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قورال، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ بۇ سۆزنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە يېتەكچى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۈستىدە تەكشۈرۈش

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

يېقىندا، بىز نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، ئايرىم زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش، ماتېرىيال ئەكەلدۈرۈپ كۆرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق مەركەزلىك تۈزەش مۇھىم نۇقتىسى قىلىنغان ۋىلايەتلەردىكى تەسىرى ۋە سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مۇشۇ ئاساستا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

### 1. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزلىك تۈزەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان

جامائەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. نۆۋەتتە، دۈشمەنلەرنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى كۆرۈنۈشتە نىسبەتەن تىنچلانغاندەك ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ، لېكىن، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر مۇھىتى كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزىنىڭ سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، يېڭى بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنى پىلانلىماقتا. نۆۋەتتە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق مەركەزلىك تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنغان ۋىلايەتلەردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە:

**1) كوسوۋو كىرىزىسىنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشماقتا**

كوسوۋو كىرىزىسى پارتلىغاندىن بۇيان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر زور تەسىر ۋە ئىلھامغا ئىگە بولدى، بۇ ھال شىنجاڭدىكى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىكى سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. خوتەندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوچۇقتىن ئوچۇق: «كوسوۋونىڭ بۈگۈنى، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى» دەپ جارسالدى. 1999- يىل 8- ئايدا، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ئالمۇتىدا ئاتالمىش يۇقىرى قاتلامدىكىلەر يىغىنى چاقىرىپ، كوسوۋودىكى ئالبان مىللىتىنىڭ «تەجرىبە»سىنى ئۆگىنىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭغا قارىتىلغان سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى «تۆتلەشتۈرۈش»نى بېكىتتى. (1) «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇش. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان

مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسىنى تەڭشەش بىر خىل ئەڭ رېئال تاللاش» دەپ قاراپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ كوسوۋو مەسىلىسىگە قول تىقىشتىكى «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش»، «ئىنسانىيلىقنى قوغداش»، «تىنچلىقنى قوغداش»نى باھانە قىلىش «تەجرىبە»سىنى ئۆگىنىش ۋە ئۈلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، «مۇستەقىل تارىخ»، «مۇستەقىل مەدەنىيەت»نى داۋاملىق تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش»، «ئىنسانىيلىقنى قوغداش»، «تىنچلىقنى قوغداش»نىڭ تېخىمۇ كۆپ «تەجرىبە»سىنى ئىزدەشكە، «مۇستەقىل تارىخ»، «مۇستەقىل مەدەنىيەت»نى داۋاملىق تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش»، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «مىللەتلەرنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيىسى» قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىزدەشكە يۈزلىنىپ، بۇ ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولدى. نۆۋەتتە، چېگرا سىرتىدىكى ئەركىن، سىدىقھاجى قاتارلىقلار ئامېرىكىدا مەخسۇس مۇشۇ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. (2) ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي توقۇنۇشلارنى كېڭەيتىش. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، «چوقۇم كوسوۋودىكىگە ئوخشاش شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي توقۇنۇشلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاش كېرەك»، دەپ قاراپ، مىللەتچىلىك دولقۇنىنىڭ زەربىسىنى، ئىسلام ئەسەبىيلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى، شۇنىڭدەك غەربتىكى دۆلەتلەر يولغا قويۇۋاتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» تاكتىكىسىنى شىنجاڭغا يەنىمۇ كىرگۈزۈپ، غەربنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»گە قول تىقىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلاشنى تەشەببۇس قىلدى. (3) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنى بىرخىللاشتۇرۇش. ئۇلار: كوسوۋو ئالبان مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولسىمۇ، تېتو دەۋرىدە سىربلار 40% كە يەتكەن ئىدى، كوسوۋو كىرىزىسى يۈز بەرگەندە، ئالبان

مىللەتنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى 90% تىن ئېشىپ كەتتى، دېدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق «مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشتا، بىرلا خىل مىللەت بولغان جايلاردا ئاسان قول سالغىلى بولىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارماقچى، شۇڭا، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدا «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشتا چىڭ تۇرۇش»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قەتئىي قارشى تۇرۇش»، «كۆچمەن كۆچۈرۈشكە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش» نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. (4) بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوراللىقلاشتۇرۇش. ئۇلار شىنجاڭغا قارىتىلغان سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش شەكلىنى «ئاۋۋال قەلەمنى، كېيىن ئەلەمنى قوللىنىش، قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ قوللىنىش» تىن «ئەلەمنى ئاساس، قەلەمنى قوشۇمچە قىلىش» قا تەڭشەشنى؛ كوسوۋودىكى ئالبان مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشنى «ئۈلگە قىلىپ پايدىلىنىش» تىن، «بىۋاسىتە دوراش» قا ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، «شىنجاڭدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كوسوۋو ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئوخشاش بىر ئىسلام قوراللىق قىسمى قۇرۇپ»، بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، ھەتتا كۆلەمگە ئىگە قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۆز كۈچىنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى.

چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر يېقىنقى بايان قىلىنغان ئاتالمىش «تۆتلەشتۈرۈش» فاكچىنىغا ئاساسەن، يېقىنقى مەزگىلدىكى شىنجاڭغا قاراتقان سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى مۇنداق بېكىتتى: (1) سىياسىي يۆلەنچۈك ئىزدەش، كوسوۋونىڭ «تەجرىبە» سىنى قوبۇل قىلىش، نۆۋەتتىكى ھالدا ئامېرىكا، ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نى ئامېرىكىنىڭ جوڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسى چوڭ مۇھىتىغا قويۇپ ئويلىنىپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەردىن پايدىلىنىپ بىرگە بېسىم ئىشلىتىش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام

رادىكاللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەتراپىمىزدىكى رايونلاردا داۋالغۇپ تۇرغان بەلباغ قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئۇ يەرنى بىزگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈشتىكى مەنبەگە ئايلاندۇرۇش. (2) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتىنى ئۆزلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشتىكى مۇھىم نۇقتىسى قىلىش. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ جايلاردا سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈشنىڭ شەرت - شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى ھازىرلىنىپ بولغان. (3) چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تېزلىتىش. ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئامېرىكا، گېرمانىيىلەرگە تارقىلىپ جايلاشقان مىللىي بۆلگۈنچىلەر كوسوۋودىكى ئالبان مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ «داھى» سايلىشىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز ئارا بىرلىشىپ، تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، بىرلىككە كەلگەن بىر بايراق تىكلەش ئارقىلىق، نىشان ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆزلەۋاتىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئوغرىلىقچە قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا ئىچىدىكى ھەرىكەتلەرنى باشقۇرۇپ، «چېگرا سىرتىدا قوماندانلىق قىلىش، چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلىش» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. (4) «قەلەم بىلەن ئەلەمنى بىرلەشتۈرۈش»، قورallىق كۆرەشنى ئاساسلىق ۋاسىتە قىلغان سىڭىپ كىرىش شەكلىنى بېكىتتى. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر مىسلىسىز جانلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، چېگرا ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى جىددىيلەشتى، ئۇلار بۆلگۈنچى تەشكىلات ۋە شايكىلارنىڭ ئەزالىرىنى كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خوتەننى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش تورىنى قۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ، يېڭى بىر قېتىملىق سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئاستىرتتىن ئىپادىلىنەكتە.

غەربتىكى جامائەت پىكرى ۋاسىتىلىرىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە چېگرا ئىچى

- سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىگىپ كىرىشى جىددىيلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، كوسوۋو مەسىلىسى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى بەزى كادىرلار ئارىسىدا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن روشەن خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەر كۆرۈلدى:

بىرىنچىدىن، مىللەت ئىچىدا سەلبىي ئامىللار كۆپىيىپ قالدى. كوسوۋو كىرىزىسىدىن بۇيان، بەزى كادىرلار ۋە ئامىنىڭ مىللەت ئىچىدىكى ئىككى ياقلىمىلىق كۈچىيىپ قالدى، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېڭى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش ئىدىيىسى تەدرىجىي ئۆسۈپ قېلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بەزى كادىرلاردا تار مىللەتچىلىك كەيپىياتى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇلار مىللەت مەنپەئىتى مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا، بىر تەرەپلىمە ھالدا بىرلا خىل مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى تەكىتلەپ، دۆلەت ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە سەل قاراۋاتىدۇ ھەتتا ئۇنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي مەسىلىنىڭ جۈملىدىن كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەل بولماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دۆلەتنىڭ «بايلىقنى ئېچىپ تالان - تاراج قىلىش سىياسىتى»، «شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈش سىياسىتى»، «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى»نى يولغا قويغانلىقى دەپ قاراۋاتىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ناتوغرا تونۇشلار مەۋجۇت، مەسىلەن، بەزى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگىنىدىكى بىرىنچى قولللۇقنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا جەھەتلەردىكى ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، دەپ قارايدىغان نارازىلىق كەيپىياتى بىرقەدەر ئېغىر بولماقتا. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن يامان نىيەتلىك ئادەملەر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى

كۆچىنىڭ بىرىچە بۇرمىلاۋاتقان ۋە ئىنكار قىلىنۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بەزىلەر «بىرلا خىل مىللەت ئاپتونومىيىسى»، «يۇكسەك ئاپتونومىيە»نى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى بەزى بۆلگۈنچىلەر ھەتتا: «بۇ يەر جوڭگودىكى كوسوۋو»، «مەسىلىنى چوڭايتىۋېتەلىسەكلا، مىللەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ»، دەپ جار سېلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر سىياسىي پاراكەندىچىلىكنىڭ كوسوۋو كرىزىسىدىكى قوزغىتىش رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئۈچ ۋىلايەتكە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈشتە، ئاساسلىقى، ئالبان مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئاممىنى پاراكەندىچىلىككە قاتنىشىشقا قۇترىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىزغا ئەيمەنمەستىن ھۇجۇم قىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىمىزنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتورىيىسى ئورگانلىرىغا قاراتتى. 1998- يىل 10- ئايدىن 1999- يىل 8- ئايغىچە، يالغۇز خوتەن ۋىلايىتىدىلا ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش دېلوسى 15 كە يەتتى. 1999- يىل 7- ئاينىڭ 23- كۈنى، خوتەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىلىق ساقچىخانىسى 1995- يىلى «7- ئىيول» ۋەقەسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچى ھەبىبۇللانى تۇتماقچى بولغاندا، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىلارنى 300 دىن كۆپرەك دىن مۇرىتى ۋە بىر قىسىم ئاياللار قاتمۇ - قات ئورىۋالغان، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق: «كومپارتىيىنىڭ قىيامەت قايىم كۈنى يېتىپ كەلدى، سىلەر كۆرىدىغان كۈنۈڭلار ئاز قالغان ساقچىلار يەنە ھەممە يەردە ئادەم تۇتۇپ يۈرەمسىلەر؟» دەپ توۋلىغان ھەمدە ياغاچلارنى يۆتكەپ كېلىپ توساق قۇرغان، بەزى ئاياللارنىڭ تاشيولدا ئولتۇرۇۋېلىپ جىنايەت گۇماندارىنى سېلىپ ماڭغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئۆتۈشىگە

توسقۇنلۇق قىلغان، قارىقاش ناھىيىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى بىر قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇۋاتقاندا، ھېلىقى قاچقۇن جىنايەتچى كوچىدا «مەن تالىپ!» دەپ ۋاقىرىشى بىلەن، بىر مۇنچە كىشىلەر دەرھال ساقچىلارنى ئورىۋالغان، بەزىلەر يەنە ساقچىلارغا تاش ئاتقان، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قاچقۇن جىنايەتچى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، توپلىشىپ جېدەل چىقىرىش ۋەقەلىرى كۆپىيىپ قالدى. بەزى تەسادىپىي ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، توپلىشىپ جېدەل پەيدا قىلىپ، ۋەقەنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىرگە سىڭىپ كىرىشتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى. 1999-يىل 7- ئاينىڭ 17- كۈنى، لوپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ بىر كادىرى بىر قوغۇن ساتقۇچى بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا، بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر بۇنى باھانە قىلىپ، 800 دىن كۆپرەك ئادەمنى قورالىلىق بۆلۈمگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى. 8- ئاينىڭ 9- كۈنى، لوپ ناھىيىسىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، زوراۋان تېررورچى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىجرا قىلىندى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە قۇترىتىشى بىلەن 2000 دىن كۆپرەك ئادەم ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جىنايەتچىنىڭ جەسىدىنى ماشىنىغا سېلىپ، شوپۇرنىڭ ماتورنى ئوت ئالدۇرۇشىغا يول قويماي، ماشىنىنى ئۈچ كىلومېتىر ئارىلىقتا ئىتتىرىپ بېرىپ، ناھىيە بازىرى مەركىزىدىكى باشقا ئادەملەر بىلەن قوشۇلۇپ نامايىش قىلماقچى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماشىنا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۇ ماشىنىنى ئىتتىرىپ ئىدارە قورۇسىغا ئەكىرىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن جېدەل تېرىغۇچىلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، بەزىلەر: «ئامېرىكا بىلەن ش ئا ئە ت نى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭنى پارتلىتىۋېتىمىز» ، دەپ توۋلاشتى.

2) ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى داۋاملىق ئەۋج ئالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربتىكى دۈشمەنلەر بىلەن چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭغا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىلغان ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى جىددىيلەشتۈردى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: (1) پارتىيىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان ماقالا، كىتاب، گېزىت - ژورناللارنى كۆپلەپ ئېلان قىلدى ۋە نەشر قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، زاڭزۇچە، موڭغۇلچە، ئۆزبېكچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە بولۇپ جەمئىي 25 خىل يېزىقتىكى ئەكسىيەتچىل كىتاب ۋە گېزىت - ژورنالنى نەشر قىلدۇرغان، «غازات»نى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىدىغان 100 خىلدىن ئارتۇق قوللانمىنى باستۇرغان. بۇلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە ئوغرىلىقچە توشۇلۇپ تارقالغىنى ئەڭ كۆپ. چەت ئەلگە قېچىپ بېرىۋالغان ئەيسا بۆلگۈنچىلىك گورۇھى بىزگە قارىتا جامائەت پىكرى جەھەتتە سىڭىپ كىرىشنى ئەزەلدىن توختىتىپ باققىنى يوق. ئۇلار: «جامائەت پىكرىدىن پايدىلىنىش ،شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر قورالى، بارلىق تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى، جۈملىدىن ،شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى، غا ئوخشاش گېزىتلەرنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك» دەپ قايتا - قايتا جار سالدى. 1962- يىلى قۇرۇلغان «ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى» باشقۇرۇشىدىكى «مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىتتىپاقى» ژورنىلى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە داۋاملىق نەشر قىلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژورناللار بىزگە سىڭىپ كىرىشنى گېزىت - ژورنال چىقىرىشنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىپ، «شىنجاڭغا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىلغان تەشۋىقات يۆنىلىشىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، « ،شەرقىي

تۈركىستان، پاشلىرىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى تەشۋىقات ئوبيېكتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلغانلىقى» ، «شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى» ئۈستىدە جار سالدى. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ، سىياسىي پاراكەندىچىلىك، زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەلىرى كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە: «شەرقىي تۈركىستان، خەلقى ئويغاندى، بۇ ۋەقەلەر بىزنىڭ كۆپ يىللىق تەشۋىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسى» ، دەپ داۋراڭ سالدى. (2) مەخسۇس رادىئو ئىستانسىسى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭغا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتا جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. نۆۋەتتە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رادىئو ئىستانسىلىرىدا مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتىلغان ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى پروگراممىلار تەسىس قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەش رادىئو ئىستانسىدا ئۇيغۇرچە رادىئو پروگراممىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا شىنجاڭغا قارىتا ئاڭلىتىش بېرىلىپ، پانئىسلامىزمغا ۋە بۆلگۈنچىلىككە دائىر سۆزلەر ئوچۇق - ئاشكارا تەرغىب قىلىنىۋاتىدۇ. 1998- يىلدىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە رادىئو ئىستانسىسى، تاشكەنت قېرىنداشلار رادىئو ئىستانسىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ قېتىم دىنىي مەزمۇن قىلىنغان ماقالا قوبۇل قىلىش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ھەربىر توغرا جاۋابقا 100 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئادەملىرىمىزنى ئېزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1998- يىلى 1- ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسىدا ئۇيغۇرچە پروگرامما تەسىس قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى، 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش رەسمىي باشلاندى. نۆۋەتتە، «ئامېرىكا ئاۋازى» ، «ئازادلىق» ، «ئاسىيا ئاۋازى» قاتارلىق رادىئو ئىستانسىلىرىدا شىنجاڭغا

قارىتا قەرەللىك ئاڭلىتىش بېرىلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ كوسوۋو كرىزىسىدىن بۇيان، بۇ رادىئو ئىستانسىلار شىنجاڭغا قارىتىلغان ئاڭلىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىمدىن ئاڭلىتىش بېرىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋاتىدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا بۇ رادىئولارنىڭ ئاڭلىتىشىنى بەس - بەس بىلەن ئاڭلاش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، ئاقسۇ، خوتەن، قارىقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەردە ماگىزىنلاردىكى كىچىك تىپلىق رادىئولار سېتىلىپ تۈگەپ كەتكەن. (3) زور مىقداردىكى ئۇن - سىن بۇيۇملىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىردى. مەسىلەن، چېچىنىيە ئۇرۇشى سىتېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان «مۇستەقىللىق كۆرىشى» دېگەن كىتاب ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەندى. «ئوقۇتقۇچىنىڭ بايانى»، «ھارۋىكەش»، «كەچۈر مېنى، سېنى ئەسلىمەيمەن»، «دوستۇم»، «ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى» قاتارلىق بۆلگۈنچىلىك ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن شېئىرلار مۇزىكىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەندى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى ئوچۇق - ئاشكارا تەرغىپ قىلىنغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرىسىدىكى تەبىئىي ئۆتۈشمە يول ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ئېقىپ كىرگەن.

چېگرا ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەر غەربتىكى دۈشمەنلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ھەمدەم بولۇپ، ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدا ھەددىدىن ئاشتى، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە بۇ ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشر بۇيۇملىرىنى زور مىقداردا كۆپەيتىپ ئىشلەپ ۋە بېسىپ، شەھەر - يېزىلاردا كەڭ دائىرىدە تارقىتىش. 1997-، 1998- يىلى ئىككى يىلدا، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن

بۆيۇمىدىن جەمئىي 8600 نەچچە قاپ، قانۇنسىز دىنىي نەشر بۇيۇمىدىن جەمئىي 6000 دىن كۆپرەكى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى. 1999- يىلىغۇ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىــــرى كۆپلەپ بايقالدى. مەســـلەن، «دۇنيادىكــى مۆجىـزە»، «ئازادلىــق يولــى»، «ئويغىنىــش»، «ســەن كىم»، «بۇ — ھەقىقەت»، «ئاللا، سەن نەدە»، «مۇناپىق»، «مىللىتىق ئاۋازى»، «چېچېنىيە يولى» قاتارلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىكنــــى قوزغىتىــــدىغان، ئىــــدىيىــــۋى قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژورنال ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە كەڭ تارقالدى. بۇ ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئاساسلىقى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەقسىز بېرىش يولى بىلەن شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىگە تارقاتقان، بەزىلىرىنى كىشىلەر مەسچىتتە ئايىقىنى سىلىۋېتىپ ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاياق ئىچىگە سېلىپ قويغان، بەزىلىرى كېچىسى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىشىــكلەرگە قىستۇرۇپ قويغان، بەزىلىرىنى بولسا قۇرۇق لېنتىنى تارقىتىپ، ئۆز ئارا كۆچۈرۈپ كۆپەيتكەن. بۇ ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە كىتاب - ژورناللار شەھەر - يېزىلاردا كەڭ تارقىلىپ ئاممىنى قاتتىق زەھەرلىدى. مەسىلەن، بەزى ئاما «جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن كىتابنى ۋە «ھەقىقەت گۆھىرى» دېگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق، بۇ تەشۋىقات بۇيۇملىرىدىكى ئاتالمىــش «ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدىكى ‹غازات›، قاتەييارلىق كۆرۈش» چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزلىكىدىن توپلىشىپ جىدەل چىقىرىش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەلىرىگە قاتناشقان.

ئىككىنچى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تەشۋىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىسمەن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، يېقىنقــى يــــىللاردىن بۇيان ئوقۇغۇچىلار ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژورنال، رەسىملىك ژورناللارنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرىدىغان، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان ھەمدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاشكارا كۆپەيتىدىغان، يېزىپ چىقىدىغان،

تارقىتىدىغان ئەھۋاللار پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى، بۇنىڭ ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. 1998- يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كوللېكتىپ ئاڭلاش، كۆرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن 70% ئوقۇغۇچى ناماز ئوقۇپ روزا تۇتقان. يەكەن ناھىيىلىك سىفەن مەكتەپنىڭ زۇنۇنپاشا غوپۇر قاتارلىق تۆت ئوقۇغۇچىسى «قۇرئان كەرىم»، «پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»، «يەر شارىنىڭ قىيامەت قايىم كۈنى»، «بۇ — ھەقىقەت»، «ئاللا، سەن نەدە، دەپ سورىغۇچىلارغا جاۋاب» قاتارلىق بەش كىتابنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، تۇساتتىن ئوقۇش تاشلاپ باشقا ياققا كېتىپ، دىن بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى ئوقۇغۇچىلار مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ئېغىرلىغان، ھەتتا مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات - شايكىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرۈلگەن «كۆك بۆرە ياشلار ئىتتىپاقى»، «ئەكس سادا»، «ئىسلام ئىزى» ۋە خوتەن ۋىلايىتىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»، «تەڭرىتاغ بۆرىسى» قاتارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى مائارىپ سىستېمىسىغا مەركەزلەشكەن. 1996- يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 3- يىللىقىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان 9 ئوقۇغۇچى قانۇنسىز تەشكىلات «ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى»نى قۇرغان. 1997- يىلى، مەكىت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن «ئاللاھ پارتىيىسى» ۋە «دىن ئىسلام پارتىيىسى» دىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. يېقىندا قەشقەر، خوتەندىكى ئىككى ئوتتۇرا تېخنىكومدا پاش قىلىنغان ئىككى قانۇنسىز دىنىي شايكىدىن، بىرىنىڭ

ئەزاسى 60 نەچچە ئادەمگە يەتكەن بولۇپ، ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىكەن.

ئۈچىنچى، «تەبلىغ» تەشۋىقاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش. 1996-يىلدىن باشلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئالدى بىلەن ئىلى رايونىدا «تەبلىغ» پائالىيىتىنى يولغا قويدى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئەۋج ئالدۇردى. بۇ تەبلىغچىلەر «قۇرئان كەرىم»نى چۈشەندۈرۈشنى نىقاپ قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش سىياسىي مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، بەزى دىن مۇرىتلىرىنىڭ دىنغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى ۋە دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، دىن ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئاممىنى ئالداپ، ئېزىقتۇرۇپ ۋە قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىق - تەربىيىسىنى ئاڭلىغان ئاممىنى رېئاللىققا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە ھەرىكەت قوللىنىدىغان توپقا ئايلاندۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن تەشكىلىي ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىن ھازىرلىق كۆرۈشكە ئۇرۇندى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر «تەبلىغ» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتا، ھەرقانداق شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. بەزىدە ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلسا، بەزىدە يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش مەكتەپلىرى، سىنىپ - نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ قەلب ھۇجۇمىنى قانات يايدۇردى، بەزىدە، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا مەسچىتلەردە ناماز ئۆتىگىلى كەلگەنلەرگە تەشۋىق قىلدى. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى جۈمە كۈنى بولۇپ، «7-ئىيول» پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن خوتەن شەھىرىدىكى سىدە تۈۋى مەسچىتىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەپتارتماستىن تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تەشۋىقات سۆزىدە: «مۇسۇلمان مۇرىتلىرى ئاللاغىلا ئېتىقاد قىلىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. مۇرىتلار ۋە ئىخلاسمەن ئېتىقادچىلار بىلەنلا دوست بولۇشقا بولىدۇكى، ‹كاپىر›لار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا، ئالاقە قىلىشقا، سودا قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ بەزى دىنىي ئېتىقادچىلىرىمىز ئۆزئارا زىددىيەت تۇغۇلۇشى بىلەن بىر -

بىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئاللانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىۋاتىدۇ. «كاپىر» لاردىن قورقمايلى، ئوغۇل - قىزلىرىمىز، ياشلىرىمىز ھەقىقىي مۇسۇلمانلارغا ئايلانسۇن، كاپىرلارنىڭ قولى بولمىسۇن» دېگەن گەپلەر بار. بەزى ئادەملەر بۇ «تەبلىغ» تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «غازات»نى ئوچۇق - ئاشكارا تەرغىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، مۇقەددەس ئىسلامنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرىپ، ھەرىكىتىدە بۇ قەسەمنى ئاكتىپ ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ تەشۋىقات تاختىلىرىمىز، شوئار - لوزۇنكىلىرىمىزنى بۇزدى، ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتتى ياكى ئوغرىلىقچە يوشۇرۇپ قويدى؛ بەزىلىرى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە خەتلەرنى پوچتىدىن يوللىدى، چاپلىدى ۋە تارقاتتى؛ بەزىلىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تەھدىت سالدى، ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. قارىقاش ناھىيە تۆۋەت يېزىسىدىكى 17 ياشلىق مەمەت سابىر «تەبلىغ» تەشۋىقاتىنى ئۈچ قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، قولىغا پالتا ئېلىپ، بېلىگە پىچاق قىستۇرۇپ، ساقچىخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلغان.

3) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يەنىلا ھەددىدىن ئېشىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەسەبىيلىشىش خاھىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. 1997- يىلدىن 1998- يىلغىچە، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋاھابىي قاراشتىكى قانۇنسىز دىنىي شايكا 100 نەچچىگە يەتكەن. ئۇلار دىنىي ھوقۇقنىلا ئېتىراپ قىلىپ ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛

«غازات»نى تەرغىپ قىلىپ، ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىنى قورال كۆچى ئارقىلىق يولغا قويۇشنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ خوتەن رايونىدا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۈچتىن ئىككى قىسىم مەسچىتتە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىمامىلىقنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. بەزى جايلاردا كۆرۈلگەن ھاراق - تاماكا سېتىۋېلىش، تېلېۋىزور كۆرۈشكە يول قويماسلىق، ئاتالمىش «كاپىر»لار ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملارنى ئىشلەتكۈزمەسلىككە ئوخشاشلارنى مۇشۇ ئادەملەر پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بۇزۇلۇپ، قائىدە - يوسۇنلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا ئېغىر تەھدىت ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

ئىككىنچى، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ، دىن ئوقۇتۇش سىنىپ - نۇقتىلىرى چەكلەپ تۈرسىمۇ توختىمىدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى زور كۆپ قىسىم ناھىيە - شەھەرلەردە يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ۋە دىن ئوقۇتۇش سىنىپ - نۇقتىلىرى بار ئىكەن. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1997- يىلدىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، ۋىلايەتكە قاراشلىق 12 ناھىيە - شەھەردىكى 180 نەچچە يېزا - بازارنىڭ ھەممىسىدە يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ۋە دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە جەمئىي 11446 نەپەر تالىپ يېتىشتۈرۈلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ رايوندا پاچاقلاپ تاشلانغان 100 دىن ئارتۇق ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ۋە ئەكسىيەتچىل شايكىنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەزاسىنىڭ ھەممىسى دىنىي مەكتەپلەردە تەربىيە ئالغان يەر ئاستى تالىپلار ئىكەن. 1999- يىلدىن بۇيان بۇ رايوندا يېڭىدىن قۇرۇلغان يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 50 نەچچىسى بايقالغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا كۆپەيگەن. خوتەن ۋىلايىتىدە، يالغۇز قارىقاش ناھىيىسىدىلا 1- ئايدىن 5- ئايغىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 31 ى بايقالغان، نۆۋەتتە، يەر ئاستى تالىپلىرىنىڭ يېشى كىچىكلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، ئەڭ كىچىكى ئاران 6 ياشتا ئىكەن، قىزلار كۆپىيىشكە قاراپ

يۈزلەنگەن. بەزى يوشۇرۇن دىنىي مەكتەپلەردە ھەتتا ئېلېكترونلاشقان ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. مەسىلەن، بۇ يىل 3- ئايدا تەكشۈرۈپ بايقالغان قارىقاش ناھىيىسىدىكى بىر يوشۇرۇن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلار 43 كە يەتكەن بولۇپ، ئوغۇللار، قىزلار ئىككى سىنىپقا بۆلۈنگەنىكەن، ئۇلاردا تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ ۋە كۆپ مىقداردىكى ئۈن - سىن لېنتىلىرى ۋە لازېر نۇرلۇق دىسكىلار بار ئىكەن.

ئۈچىنچىدىن، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر تەدرىجى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا، ئورگانلارغا ۋە مەكتەپلەرگە كېڭىيىپ، نورمال خىزمەت تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىق سالماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى بىرقەدەر ئېغىر بولىۋاتىدۇ. 1998- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ئەھۋالى ئارقا - ئارقىدىن سادىر بولدى، مەسىلەن، يېڭىسار، يەكەن ۋە قەشقەر سەھىيە مەكتىپىدىكى قىز ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ھالدا ۋاھابىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بېشىغا قارا ياغلىق چىگىپ، قارا كۆزئەينەك تاقاپ، قارا كۆينەك كىيىشكەن ۋە قارا ماسكا تاقىۋېلىشقان. 1999- يىل كىرگەندىن بۇيان بۇنداق ئەھۋال دائىم دېگۈدەك كۆرۈلىۋاتىدۇ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىسا، ئۇلار مەكتەپكە كەلمەيدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. خوتەن شەھىرىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، بەزى ئوقۇغۇچىلار جۈمە نامىزى ئوقۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان، لاسكۇي بازىرى كۆپ قېتىم چەكلىگەن بولسىمۇ، ناماز ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يەنىلا ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 10% نى ئىگىلىگەن. بەزى كارخانىلاردا مەسىلەن، خوتەن توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىكى بەزى ئىشچىلار ئورۇنسىز ھالدا خىزمەت ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ، ناماز ئوقۇش ۋاقتىغا بويسۇندۇرغان ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. يەنە بەزى ئورگان كادىرلىرى ئۆيىدە ناماز ئوقۇغاندىن سىرت، يەنە ئىشقا كېلىپمۇ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ ناماز ئوقۇغان.

تۆتىنچىدىن، باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، قالايمىقان مەسچىت سېلىش ئەھۋالى ئېغىر. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا 1998- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭىدىن 255 مەسچىت سېلىنغان. يالغۇز قەشقەر ۋىلايىتىدىلا تەستىقلاتماي قۇرۇلغان مەسچىتلەرنىڭ سانى 134 كە يەتكەن. خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىر 4449 مەسچىت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنسىز سېلىنغان مەسچىتتىن 1200 ى بار. كېرىيە ناھىيىسىدىكى مەسچىتلەر 1979- يىلىدىكى 75 تىن بىراقلا كۆپىيىپ 1998- يىلى 792 گە يەتكەن، 20 يىل ئىچىدە مەسچىت سانى 10 ھەسسە كۆپەيگەن. بەزى مەسچىتلەرگە نۇرغۇن خىراجەت سەرىپ قىلىنغان بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، مەسىلەن، كېرىيە ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدى دەرۋازىسى ئۈچۈنلا 1 مىليون يۈەن سەرىپ قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ناھىيىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان مەسچىتلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون يۈەنگە يەتكەن. يېقىنقى بىر مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە مەسچىتلەرنى يېڭىلاش، بېزەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋاللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

### 2. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشى كۈچىيىپ كېتىشتىكى ئىچكى سەۋەب ۋە شارائىتلار

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى رايونلىرىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى يەنىمۇ تېزلەشمەكتە. بۇنىڭ چوڭقۇر ئىچكى - تاشقى سەۋەبلىرى ۋە شارائىتى بار.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دۇنيا زومىگەرلىكى مەيدانىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىماي، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن جۇڭگونىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى توسۇش ۋە چەكلەشكە ئۇرۇنماقتا. ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش» ، «بۆلۈۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىدىكى بىر ئىزچىل چارىسى مىللەت، دىن

مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى قوللاشتىن ئىبارەت. 90- يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بۇيان، ئۇلار بىزگە سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئاشكارە ۋە يېرىم ئاشكارە ھالدا قوللاپ ۋە كونترول قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا، بولۇپمۇ چېگرا بويىدىكى رايونلارغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك سىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا باش كۆتەرگەن ھەمدە غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن مىللەتچىلىك ئېقىمى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى كۈچەيتىشكە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مىللەتچىلىك ئېقىمى باش كۆتىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا دۆلەت ئىدىيولوگىيىسىگە قارشى كۈچلۈك تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلدى، مەسىلەن، سوتسىيالىزم بايرىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ماركسىزمنى ئىنكار قىلىپ، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلىك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش؛ دۆلەتنى پارچىلاشقا كۈشكۈرتۈپ، سىياسىي جەھەتتىن كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى يادرو قىلغان سىياسىي تەشكىلات، پارتىيە گورۇھلارنى قۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يالغۇز بىر مىللەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىش؛ مىللىي مەدەنىيەتنى، تارىخىي ئەنئەننى تىرىلدۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، دىن ئەسەبىيلىكىنى تەرغىب قىلىپ، پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم، پان سىلاۋىزم، پان نېمىسىزم قاتارلىقلارنى تىرىلدۈرۈش، ئارقىلىق مىللىي زىددىيەتنى ۋە مىللىي توقۇنۇشنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلار. بۇ خىل مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى شىنجاڭغا يۈزلەنگەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بىر كۈچلەندۈرۈش دورىسىنى بەرگەندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك ئېقىمىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش، بولۇپمۇ دىنىي كەيپىيات كۈچلۈك بولغان ۋە ئۇلار ئۆزۈندىن ھەرىكەت قىلىۋاتقان

نۇقتىلىق رايونلارغا كىرگۈزۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ھەرىكىتىنى تېزلىتىشى ۋە خەلقئارادىكى مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بەزى رايونلارغا سىڭىپ كىرىشى كۈچەيگەنلىكىنىڭ تاشقى سەۋەبىدۇر.

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى تېزلەشكەنلىكىدە مۇقەررەر تاشقى سەۋەبلەر بار. لېكىن قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىچكى خىزمەتلىرىمىزدە بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**1) دىن مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇش يېتەرسىز بولۇپ، دىننى باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇپ قويۇلغان.**

بىزنىڭ بەزى تارماقلىرىمىز ۋە رەھبىرىي يولداشلىرىمىزنىڭ دىن مەسىلىسىدە يۈزلەنگەن يېڭى ئەھۋالغا قارىتا تونۇشى يېتەرسىز بولۇپ، دىننى باشقۇرۇشنى مەلۇم دەرىجىدە بوشاشتۇرۇپ قويغان. بۇ ھال مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى تېزلىتىشىگە كاۋاك ئېچىپ بەرگەن. (1) بىر مەزگىل ئىچىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ دىن خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرىگە قارىتا تېگىشلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغانلىقتىن ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېغىر بولىۋاتقانلىقىغا قارىتا تونۇش يېتەرسىز بولغان. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ئىستراتېگىيىسى ۋە «بارا ـ بارا سىڭىپ كىرىش» تاكتىكىسىنى يولغا قويۇشنى بۇرۇندىنلا قەستلەپ كەلگەنىدى. 80 ـ يىللاردا ئامېرىكا جۇڭگوغا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتا «دىننى ئاساسلىق قورال قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ

«شىنجاڭغا قانداق قىلىپ مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش» جەھەتتىكى ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەندە: «بۇرۇن بىز دىندىن پايدىلىنىپ ئاما بىلەن ئالاقە باغلاش ئارقىلىق كۈچىمىزنى زورايتىش يولىدا ماڭالمىدۇق، بۇ بىزدىكى بىر ئېغىر سەۋەنلىك. بۇنىڭدىن كېيىن دىندىن تولۇق پايدىلىنىپ ئاۋامنى ئويغىتىپ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ قارىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاشكارە ھالدا: «ھازىردىن باشلاپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دىن ئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىش، دىننى ماركسىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك» دەپ جار سېلىپ، «دىندىن پايدىلىنىپ ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزنىڭ بەزى تارماقلىرىمىز ۋە رەھبەرلىرىمىز بولسا بۇنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلىيەلمەي، ئەكسىچە «شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇقىملىق مەسىلىسى دىن مەسىلىسى بولماستىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى مەسىلە» دەپ قارىغان. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا دىندىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن پاراكەندىچىلىكلەرنى تۇغدۇرغان ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇنىڭغا قارىتا يۇكسەك ھوشيار بولالمىغان. 90- يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن ۋىلايىتىدە دىن ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. (2) دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش، دىنىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە بولغان تونۇش يېتەرسىز بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت كۆپ دىنلىق رايون بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم سانىنىڭ نىسبىتى ئەڭ كۆپ، تەسىرى ئەڭ زور بولغىنى ئىسلام دىنى. بىز بۇرۇن دىنىنىڭ تارىخىيلىكى، مىللىيلىكى، ئاممىۋىيلىقى، خەلقئارالىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈپ يەتتۇق. بۇ توغرا، لېكىن دىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئېلىپ كېلىدىغان رېئال ۋە يوشۇرۇن پاسسىپ تەسىرىنى، شۇنىڭدەك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىش تەرىپىنى ئېنىق كۆرەلمىدۇق. ئەمەلىيەتتە ھازىر بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئىنتايىن

ئېغىر بولىۋاتىدۇ، مەسىلەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىنىڭ ئاممىۋىلىقى، مىللىيلىكى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ھەدەپ مىللەت مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ تۇيۇق يولغا باشلاۋاتىدۇ؛ دىنىنىڭ خەلقئارالىقى، مىللىيلىكى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى دىنىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، رايونىمىز ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ؛ دىنىنىڭ باشقىنى چەتكە قېقىشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، دىن ئەسەبىيلىكىنى تەرغىپ قىلىپ، «غازات» جېڭى ئېلىپ بېرىشقا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر دىنىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئۈزلۈكسىز ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى قولىغا قورال ئېلىپ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە. (3) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردە ئەكس ئەتكەن مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالىغا قارىتا ھوشيارلىق ۋە دىن باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇش يېتەرسىز. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە 1996- يىلدىن بۇيان دىنىنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھادىسىسى 9 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەن. مەسىلەن، دىن يېزا، كەنت مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئەھۋاللار بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە ناھىيە، شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن. بەزى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دىن قارىشى بەك كۈچلۈك، ئۆزى ناماز ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ناماز ئوقۇشقا باشلىغان؛ بەزى ئايال ئوقۇتقۇچىلار چۈمپەردە تاقاپ سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆتكەن؛ يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا «غازات» ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى بىۋاستە تەشۋىق قىلغان؛ بەزى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالسا قالسۇنكى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن ۋاز كەچمىگەن. 1998- يىلى 7- ئايدا پوسكام ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ

ئوقۇتقۇچىسى بۇۋاش ئۆمەر دەرس ئۆتىۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلارغا: «دىن ئۇيغۇرلارنىڭ كاپىرلارغا قارىتا ئۇرۇش ئېچىشىدىكى ئەڭ ئۆتكۈر مەنىۋى قورال» دەپ تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ توسىغاندىمۇ ئۇ قىلچە پىسەنت قىلمىغان. يەكەن ناھىيىسى پاقچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە 1998- يىلى 14% ئوقۇتقۇچىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ مەكتەپتىكى فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى مەمەت داۋۇت 1997- يىلدىن باشلاپ كۆپ قېتىم قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان ۋە بۇنى تەشكىللىگەن، يەنە ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژورنال، قانۇنسىز دىنىي ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى مەخسۇس كۆپەيتىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان، ھەمدە دائىم دەرس ئۆتۈش ئالدىدىكى 10 مىنۇتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا دىن ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان. دىندىن پايدىلىنىپ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىشلىرى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. كىرىيە ناھىيىسىدە 1997- يىلى 1600 جۈپ ياشنىڭ توي خېتى ئالماستىن، «نىكاھ» ئوقۇتۇپلا توي قىلغانلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 700 دىن كۆپرەكى 3 قېتىم «تالاق» قىلىپلا، نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرمەي ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. بۇ يىل قاراقاش ناھىيىسىدە 3300 جۈپ ئادەمنىڭ توي خېتى ئالماي «نىكاھ» ئوقۇتۇپلا توي قىلىۋالغانلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. دىنىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بەزى ئاممىا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ۋە قانۇن - نىزاملىرىغا پىسەنت قىلمىغان. يەنە ئەسلىدىلا مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشكە ياتىدىغان بەزى ھادىسىلەر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت دەپ قارالغان. 1998- يىلى خوتەن شەھىرىدىكى جخ ئىدارىسى ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى ياكى دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلار ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەردىن 1223 نى تۇتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى دىندىن پايدىلىنىپ جىنايى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغىنى 192 گە يېتىدۇ. تۇتۇلغانلاردىن 1066 سى تەنقىدلەش، تەربىيە بېرىش، ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، توختىتىپ قويۇش

قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان. جخ ئورگىنى تەپتىش مەھكىمىسىگە قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشنى ئىلتىماس قىلغىنى 71 كىشى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئېلىنغىنى 57 كىشى بولۇپ، تۇتۇلغان ئومۇمىي جىنايەتچى سانىنىڭ ئاران 29.7% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلتۇر خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۈچ خىل ئادەم» دىنىنى نىقاپ قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلوسىدىن 15 ى، بۇنىڭغا چېتىشلىق 34 كىشى بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپ قىلىنغان بۇ دېلولار ئىچىدە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا چېتىشلىق دېلودىن بىرسىمۇ يوق. دىن باشقۇرۇش جەھەتتە چىقىرىلغان قانۇنلار مۇكەممەل بولمىغاچقا، قانۇن ئىجرا قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ئاساس بولماسلىق، قانۇن - نىزاملارنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى تۈپەيلىدىن تايىنىدىغان قائىدە بولماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىققان. مەسىلەن، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشتە ئاپتونوم رايون قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنى ئايرىشنىڭ 23 خىل كونكرېت ئىپادىسىنى بېكىتكەن. لېكىن بۇ 23 خىل ئىپادىنى ئايرىم - ئايرىم قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق ئېنىق بەلگىلىمە چىقارمىغان. 1998- يىلى بۇ 3 ۋىلايەتتە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان 8000 دىن ئارتۇق مەسچىت ئىچىدە 180 دىن ئارتۇقراقى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، تىزىملانغان 1320 دىن ئارتۇق تالىپ ئىچىدە 890 دىن كۆپرەكى قانۇنسىز پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بىراق بۇ خىل قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەسچىتلەر ۋە ئادەملەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە قانۇن ئاساسى كەمچىل بولغان. بۇمۇ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرەلمەسلىكتىكى بىر مۇھىم سەۋەب. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ۋە كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە، كۆپلىگەن كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى «دىن ئەركىنلىكى» دەپ قاراپ، دىننى باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان ياكى زادىلا باشقۇرمىغان، بەزى تارماقلار ۋە دىن باشقۇرغۇچى خادىملار ھەتتا دىننىڭ نامۇۋاپىق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالغان. 1997- يىلى يەكەن ناھىيىلىك دىن باشقۇرۇش تارمىقى 472

كۋادرات مېتىرلىق بىر مەسچىت سېلىشنى تەستىقلىغان، ئەمما پۈتكەندىن كېيىنكى مەسچىت كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن بولسىمۇ، دىن باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق قارشى پىكىردە بولمىغان. پەيزىئاۋات ناھىيىسى مەكا يېزىسى كونا مەسچىتنى رېمونت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلىتىۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا لايىھىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەسچىت سېلىۋالغان. ۋىلايەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇنى بايقىغاندىن كېيىن بۇزۇۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، دىن باشقۇرۇش تارماقلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇزدۇرمىغان.

**2) «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئاجىز.**

ئىدىيە بازىسىنى ماركسىزم ئىگىلىمىسە، مۇقەررەر ھالدا غەيرى ماركسىزم ۋە ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىلەر ئىگىلەيدۇ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇش» مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل بولمىغان، بەزى رەھبىرىي كادىرلار كەسپىي خىزمەتكىلا بېرىلىپ كېتىپ، جەمئىيەتتىكى ئىدىيىۋى، سىياسىي يۈزلىنىشنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن؛ بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئاجىز، تارقاق ھالەتتە بولۇپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئىشلەش جەھەتتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان؛ ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشكە ماسلىشالماسلىق، قاپلىنىشى جايىدا بولماسلىق، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولماسلىق، شۇنىڭدەك ئۇسۇل ۋە ۋاستىلىرى قالاق بولۇشتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇ 3 ۋىلايەتتىكى ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاجىز بولۇشى ئاساسلىقى مۇنداق 2 جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ئاجىز. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن، سىگنال قۇۋۋىتى ئاجىز، سۈپىتى ناچار. يەنە بەزى يېزا - كەنتلەر تېلېۋىزور كۆرەلمەيدۇ، رادىئو ئاڭلىيالمايدۇ، بەزى تېلېۋىزىيە، رادىئو ستانسىلىرى تېخىچە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى

قاندۇرالىغىدەك ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى پروگراممىلارنى تارقاتقىنى يوق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئەكسى پەرق بولسا، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قۇۋۋىتى يۇقىرى، جامائەت پىكرى هۇجۇمى كۈچلۈك بولۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دائىم مۇشۇ «هاۋادىكى ئۈستۈنلۈك»تىن پايدىلىنىپ ئىدىيە جەهەتتىن سىڭىپ كىرىش ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەهدىت سالماقتا. نۆۋەتتە بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىكى ناهىيىلىرىدە ئاممىۋى كۇتۇپخانا سېلىنمىغان، يەنە بەزى ناهىيىلەردە هازىرغىچە كىنوخانا ۋە كىنو شىركىتى يوق، يېزا كىنو ئەترەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى هازىر قالمىدى. يېزىلاردىكى كەڭ ئاممىا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كىنو كۆرەلمەي كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كىتابلار يېزىلارغا تارقىتىلمىغان، %90 تىن ئارتۇق يېزا ـ كەنت كۇتۇپخانىلىرىدا يېڭى كىتاب يوق. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ پوچتا يولى ئازىيىپ كەتكەن، گېزىت ـ ژۇرناللارنى يەتكۈزۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كۈندىلىك گېزىتلەر دائىم دېگۈدەك ھەپتىلىك گېزىت ياكى ئايلىق گېزىتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. كۆپ ساندىكى يېزا ـ بازارلاردا مەدەنىيەت پونكىتى (ئۆيى) يوق، بەزىلىرىدە مەدەنىيەت پونكىتى (ئۆيى) بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئالدىبۇرۇن باشقا ئىشلىتىۋېلىنغان، بەزىلىرى هەتتا دىنىي سورۇن قىلىۋېلىنغان. ئىككىنچى، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئاجىز. بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەربىيىسى، ۋەزىيەت ـ ۋەزىپە تەربىيىسى جەهەتتە «بوشلۇق» پەيدا بولغان، بولۇپمۇ يۆتكىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ياشلار ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ئاجىزلىشىپ كەتكەن. هەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپىنچىسى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي هەرىكەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى، دىنىي پائالىيەت بىلەن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىيالمايدۇ، بەزى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ناماز ئوقۇشنى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت دەپ قاراپ، ناماز ئوقۇمىغانلىق ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك

دەپ بىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى جەھەتتە بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى كەمچىل بولۇپ، سىنىپتا بۇ خىل دەرسلەر تەسىس قىلىنمىغان؛ بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ لېكىن شەكىلۋازلىق ئېغىر، قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىيەتچىللىكى ناچار؛ بەزى جايلاردىكى ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ، دىنىنىڭ تەرغىباتىنىلا ئاڭلايدۇ؛ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى بەك ئاز، گەرچە ئاممىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا دائىم دېگۈدەك بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر دەل مۇشۇنداق بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئاممىنى بىزدىن تالاشماقتا، ياش - ئۆسمۈرلەرنى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئورۇنماقتا.

3) پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار تەربىيە ۋە باشقۇرۇشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى كەمچىل.

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى تەكشۈرۈشتە بايقىلىشىچە، بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى چۇۋالچاق ھەتتا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، جەمئىيەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى تۆۋەن، دىنىي تەشكىلاتلارغا ۋە دىنىي كۈچلەرگە بويسۇنۇش ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باشقۇرۇشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھالدا دىنغا ئېتىقاد قىلغان، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان. ئاقسۇ ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ھازىر ۋىلايەت بويىچە 8 ناھىيە 1 شەھەردىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىرى ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىرى 40% كە يەتكەن، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىرى ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىرى بەزى ناھىيە شەھەرلەردە 70% كە يەتكەن. يېزا - كەنتلەردىكى پېشقەدەم كادىرلار،

پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پىشقەدەم نەمۇنىچىلەردىن ئىبارەت «ئۈچ پىشقەدەم»لەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان ياكى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. بۇ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار هايات ۋاقتىدا دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمىسا، تۇرمۇش جەھەتتە غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىگەن، ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرۈش چەكلىمىگە ئۇچرىغان. 1999-يىل 1- ئايدا قاغىلىق ناهىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئۈچ كەنتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىپ ناماز ئوقىغاندا، دىن ئەسەبىيلىرى ئاشكارە هالدا «غازات» جىھى ئېلىپ بېرىشنى تەرغىپ قىلغان، 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىدىن چېكىنىشكە مەجبۇرلىغان، بۇ چاغدا نەق مەيداندا نەچچە ئونلىغان پارتىيە ئەزاسى ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بار تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ۋەقە سادىر بولۇپ 10 كۈندىن كېيىنمۇ بىرەر پارتىيە ئەزاسى ياكى كادىر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەتنىڭ بەزى يېزا - كەنتلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي پائالىيەتلەرگە ناهايىتى ئاز قاتنىشىدۇ، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئۇزۇن يىلدىن بۇيان تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئۆتكۈزمىگەن ھەتتا پارتىيە بەدىلىمۇ تاپشۇرمىغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغىنى پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ ئاۋازى بولماستىن، ئەكسىچە مەسچىت ئىماملىرى ياكى دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ تەرغىباتلىرى بولغان.

ئىككىنچىدىن، بەزى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرىسىمۇ مەلۇم قىلماي، تېچراق يۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان. هازىر بۇ رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىچىدە «ئۈچتىن قورقۇش»، يەنى ئۆلگەندىن كېيىن نامىزىنى چۈشۈرمەسلىكتىن قورقۇش، يىتىم قېلىشتىن قورقۇش، زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بەزىلەر دىن ئەسەبىيلىرى ۋە زوراۋان - تېررورچىلارنىڭ هەيۋىسى ئاستىدا ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلماي، ئۇلارنىڭ سىخى

كىرىش، بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرىنى ياپقان. 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قارىقاش ناھىيىسى توخولا يېزىسىدىكى بىر زوراۋان شايكا گىرانات ياساۋاتقاندا پارتلاش يۈز بېرىپ 4 ئادەم پارتلاپ ئۆلگەن، 60 كۋادىرات مېتىرلىق ئۆي پارتلاشتا گۇمۇرلۇپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ ئادەم بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغان. ساقچىخانىدىكىلەر بېرىپ تەكشۈرگەندە شۇ جايدىكى كادىرلار لامپۇچكا، ئۇنىئالغۇ پارتلاپ كەتكەنلىكتىن ئۆيگە ئوت كەتكەن، ھازىر بۇ ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىپ بولدۇق دېگەن. 3 كۈندىن كېيىن پارتلىغان ئۆي رېمونت قىلىنىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇلغان. كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر كەنتتە ئېلىپ بېرىلغان مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش مەزگىلىدە، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر بۇ كەنتتىكى 4 ئۆسمۈرنىڭ دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقىنى بايقاپ، كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقۇرۇشقا ئۈندىگەندە، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقماي تۇرىۋالغان، مەجبۇرىي ئوتتۇرىغا چىقارسىمۇ بىر ئېغىز سۆز قىلماي تۇرىۋالغان. قارىقاش ناھىيىسى زاۋا يېزىسىدىكى بىر كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ئۆيىدىن 50 مېتىر يىراقلىقتا بىر يوشۇرۇن دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ شۇنىڭدا ئوقۇيدىكەن، ئۇ دىنىي مەكتەپتە 120 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دىن دەرسى ئۆگىنىدىكەن، لېكىن ياچېيكا شۇجىسى بولسا، بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرىم يوق دەپ تۇرىۋالغان. 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قارىقاش ناھىيىسى قاراساي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بىر ماشىنا رېمونت قىلىش دۇكىنى پارتلاپ كەتكەن، ئەمەلىيەتتە بۇ پارتلاتقۇچ ياساش ئۇۋىسىدا يۈز بەرگەن پارتلاش ھادىسىسى بولۇپ، نەق مەيداندا بىر ئادەم ئۆلگەن. ساقچىخانىدىكىلەر بېرىپ تەكشۈرگەندە، شۇ جايدىكى كادىرلار بۇنى كەپشەرلىگۈچ ماشىنىسى پارتلىغانلىقتىن يۈز بەرگەن ھادىسە دەپ مەلۇم قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قاتارلىق چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى تونۇشى مۇجمەل، پوزىتسىيىسى يۇمشاق،

ئايرىملىرى ھەتتا پرىنسىپتىن ئايرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە مەدەت بەرگەن ۋە يول قويغان. خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسى ياپىلا كەنتى 1- ئاھالىلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مەمەت تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىلىپ كەڭ دائىرىدە ئېلان قىلىنغان زوراۋان - تېررورچىلارنىڭ 3- نومۇرلۇق كاتتىبېشى مەمەت تۇردىنى 3 ئايدىن ئارتۇق ئۆيىدە يوشۇرۇپ تۇرغان. 1998- يىلى يەكەن ناھىيىسى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن مەكتەپلەر 18 يېزا، 5 بازارغا چېتىشلىق 28 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەكتەپلەردىن 17 سىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز ھەم قابىلىيەتسىز، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەكتەپ مۇدىرلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يوشۇرۇن قوللاپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن. پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەمەت داۋۇت «غازات» جېڭىنى ئاشكارە تەشۋىق قىلغان، جخ ئىدارىسى ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغاندا بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى مەمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى، يەنە كېلىپ ئۇ بىر كەسپىي تايانچ دېگەننى باھانە قىلىپ جخ خادىملىرىنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان. بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، بىز كۆپ يىل تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن كادىرلاردىن ئاز ساندىكىلىرىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىگە ياكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يېتىشتۈرىدىغان، قوللايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى ئابدۇۋەلى، كىرىيە ناھىيىسىدىكى ئىمىن زاۋاش قاتارلىقلاردىن بەزىلىرى ئەسلىدە ناھىيە، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بەزىلىرى ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. بۇلار بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى، زوراۋان - تېررورچى جىنايەتچىلەردىن ئىبارەت «ئۈچ خىل ئادەم» لەرنى تەربىيىلىگەن. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى خوتەن ۋىلايىتى ئۈچۈن

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 14 ئادەمنى يېتىشتۇرۇپ بەرگەن، بۇلاردىن پەقەت ئىككىسىلا پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى قوللىغان، قالغان 12 سىنىڭ چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى يۇمشاق بولۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ھېسداشلىق قىلغان، يار يۆلەك بولغان ياكى قاتناشقان.

4) ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا، ئاھالىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن.

بۇ ھال مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بەزى جايلارغا سىڭىپ كىرىشىنى كۈچەيتىشكە مۇھىم شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىللەت گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى، مىللىي رايونلاردىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۇ زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شەھەر، يېزا قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا بۇ جايلار يەنىلا ئىقتىسادى ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلالمىغان، دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى زورايغان. ھازىر يەنىلا 500 مىڭ ئادەم نامراتلىق ئۆلچىمى سىزىقىدىن تۆۋەن ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ، كۆپ يىلدىن بۇيان مالىيە كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماي كەلگەن، خېلى كۆپ ساندىكى يېزا ـ كەنتلەر تېخىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالىغىنى يوق، كوللېكتىپ ئىقتىسادى ئاجىز، بەزى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى يەنىلا قۇرۇق بولۇپ، ئاممىغا ياردەملىشىپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرەلىگىدەك ئىقتىدارى يوق، شۇڭا جەلپ كۈچى ۋە ئۇيۇشقاقلىق كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىناۋىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى ئەمەس، توغرا كەيپىيات ناتوغرا كەيپىياتنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ

- دە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان ئامما قارغۇلارچە ياكى تەھدىت ئاستىدا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ قالىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىشسىزلار كۆپىيىپ، ئىشلەۋاتقانلار نىسبەتەن ئازايغان، بەزى ئىشسىز نامرات كىشىلەر دائىم كوچا بېشىغا توپلىنىپ ئىش تېرىپ يۈرگەن. بۇ جايلار ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك ئىدىيە تاشلاپ كەتكەن بولۇشىغا ئايلىنىپ قالغان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ قانۇنسىز دىن ئەسەبىيلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇنداق جايلارغا بېسىپ كىرىپ ھەرىكەت قىلىشنى كۈچەيتكەن.

كىشىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇشى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىگە ئاسانلا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، كىشىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن تارىخىي قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك. دۆلىتىمىز بويىچە 4- قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئۇ جايلاردىكى ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار 15.6% نى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلىرى 50.5% نى ئىگىلەيدىغانلىقى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلىرى 10% كىمۇ يەتمەيدىغانلىقى ئېنىقلانغان. ھازىر بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىسمەن ناھىيىلەر تېخى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆلچىمىگە يەتمىدى. ئائىلىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بالىلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشتىن قېلىش مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولىۋاتىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بىر يىل ئىچىدە ئوقۇشتىن قالغانلارنىڭ سانى 1000 غا يېقىنلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 98% كە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش

نىسبىتى ئاران 56% كە يەتكەن. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاستا، ئاھالىنىڭ ساپاسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغانلىقى جايلارنىڭ ھەممىسى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ يېقىندىن بۇيان سىڭىپ كىرىشى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەڭ جانلىنىپ كەتكەن جايلاردۇر.

### 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي تاكتىكىسىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئىچكى ـ تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتكەنلىكىدەك ئېغىر ۋەزىيەت جايلار ۋە تارماقلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىز جايلار ۋە تارماقلارنىڭ نۇرغۇن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئىگىلىدۇق، يىغىنچاقلىغاندا بۇ ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش.

بۆلۈۋېتىشنى پىلانلاپ، ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ ئىدارە قىلىشنى قەستلەش ئىزچىل تۈردە غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قوللانغان بىر مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ كەلمەكتە. شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش ۋە باشقا شەكىلدىكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. كوسوۋو كرزىسىدىن بۇيان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ماجىراغا قورال كۈچى بىلەن ئارىلىشىپ، دۇنيادىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ يۆنىلىشى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن خىزمىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتىدا زور

ئۆزگىرىش يۈز بەردى، شىنجاڭ چېگرا جايدىكى مىللىي رايون بولۇپ، يۈزلەنگەن ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىر؛ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى ئىرقچىل تۈردە مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»نى بۇ سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلغان ھەمدە شىنجاڭنى سىڭىپ كىرىشنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى قىلغان، ئۇلار كوسوۋودا غەلىبە قىلسا، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ «شەرقىي تۈركىستان»چى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تېخىمۇ قوللايدۇ، ئاتالمىش «پۈتۈن خەلق ئورتاق قارار قىلىش»، «دىن مەسىلىسى»، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش» قاتارلىق مەسىلىلەر ئارقىلىق بىزگە بېسىم ئىشلىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ؛ ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەر كوسوۋو كىرزىسىدىن ئىلھام ئېلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېزلىتىپ، كوسوۋودىكى ئالبان مىللىتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ، «مىللىي مۇستەقىللىق»نى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ؛ غەرب ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى كادىرلار ۋە ئاممىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدىكى ئىدىيىۋى داۋالغۇشنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەت سېپى جەزمەن كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى ئاپتونوم رايونىمىز دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەسىلە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

1996- يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ھازىر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى

غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» قائىدىسىگە قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەش ئىككەنلىكىنى، 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش قەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامى ئىككەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. جاھانگىرلار، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بۇ خىل كۈرەش ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ، بىز بۇ كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، بۇ كۈرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز بىر مەيدان قاتتىق سىياسىي كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەش ئىككەنلىكىنى جەزمەن سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتىكى خەلقئارا مۇھىتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا رېئال تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ سوبيېكتىپ ئىرادىسىغا بېقىنمايدۇ، ئەگەر يۈكسەك ھۇشيار بولۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتنى ۋاقتىدا كۈچەيتمىسەك، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە قالايمىقانچىلىق تۇغۇلۇپ، بىرقەدەر چوڭ كۆلەملىك تۇيۇقسىز ۋەقەلەر يۈز بېرىشى، مەلۇم دائىرە ئىچىدە پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق تۇغۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە قاتارىدا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. تەشۋىقات - ئىدىيە سېپى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تارىختىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكى، كەسكىنلىكىنى ئېنىق تونۇپ، ئىقتىسادىي

قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشنى تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى قىلىش لازىم.

كۆپلىگەن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بىزگە قاراتقان سىڭىپ كىرىش، بۆلۈۋېتىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرى «قەلەم» ۋە «ئەلەم» دىن ئىبارەت ئىككى سەپتە ئىپادىلىنىدۇ. جەزمەن «قەلەم» ۋە «ئەلەم» دىن ئىبارەت ئىككى سەپتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى تەڭ قانات يايدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ تۈپ يىلتىزىدىن ۋە ئومۇمىي دائىرە بويىچە تۈزەشتىكى تۈپ خاراكتېرلىك تەدبىر. تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «ئەلەم» ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرىگە مەركەزلىك زەربە بېرىشكە زىچ ماسلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ كۆپرەك زېھنى كۈچىمىزنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ۋە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى توسۇشقا قارىتىش ھەمدە بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تازا چىڭ تۇتىشىمىز، بىر كونىمۇ بوشاشتۇرماي تۇتۇشىمىز، كونكرېت ئىشلارنى تۇتۇشتىن باشلاپ، باشتىن - ئاخىر بوشاشماي قالماسلىقىمىز؛ پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىۋاسىتە تۇتۇش، ھەر تەرەپلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولغان ئاساستا كونكرېت تۇتۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى قانداق توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا جەزمەن ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي تېما قىلىپ، ساغلام ھەرىكەتلىنىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا «ئەلەم»گە زەربە بېرىش جەھەتتە بىرقەدەر قاتتىق بولۇش، «قەلەم»نى توسۇش جەھەتتە بىرقەدەر يۇمشاق بولۇشتەك ھادىسىلەرنى

تۈگىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىقنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز لازىم.

2) ماركسىزملىق «5 قاراش»نى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدىكى پۈتكۈل تارىخى ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغۋار سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە «سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش»، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش»نىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى تىكلەشتىكى ئەڭ تۈپ تەدبىر قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش ۋە مەدەنىيەت قاراش جەھەتتىكى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش. دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كەڭ دائىرىدە ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى دۆلەت ھەممىدىن يۇقىرى تۇرۇش، دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، بۇ ئارقىلىق مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىرادىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، يۇرتىنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلمىي تونۇشقا كۆتۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، ماركسىزملىق مىللەت قاراش تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى

چۈشىنىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مىللەت سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، مىللىي مەسىلىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلار ۋە نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئېنىق ئايرىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي كەمستىشكە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش؛ مىللەتلەر ئارا ھەمكارلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش؛ نۆۋەتتە پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم ۋە ھازىرقى زامان مىللەتچىلىك ئېقىمىنى ئەستايىدىل تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرىنى تۈگىتىپ، تار مىللەتچىلىكنىڭ بىر قىسىم كادىرلار، زىيالىيلار، دىنىي خادىملار ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىدە پەيدا قىلغان داۋالغۇشلارنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىپ، مىللىي ئالغ جەھەتتىكى كەمستىش، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ماركسىزملىق دىن قاراش تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش. شىنجاڭنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى كۆپ، دىننىڭ تەسىر دائىرىسى چوڭ بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداش، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاشقا ھەرگىز يول قويماسلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. دىن خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكلىكى ۋە مۇشكۈللىكىنى تولۇق تونۇپ، دىنىي ئالغ ۋە دىننىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئازايتىشقا ھەمدە ئاسانلا دۈشمەن كۈچلەر پايدىلىنىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپ، دىنىي

كۆچلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ، فېئودال - خۇراپات ئىدىيىلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ھوشيار بولۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە، دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. يۇقىرىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش، دىنىنى مۇستەقىل يولغا قويۇش، دىن مەمۇرىيەتكە ۋە مائارىپقا ئارىلاشماسلىق، نورمال دىنىي پائالىيەتكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت 4 پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىپ، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ماركسىزملىق تارىخ قاراش تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، جۈملىدىن مىللەتلەر تەرەققىياتى ۋە دىننىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تارقاتقان شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان خىلمۇ - خىل سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىپ، بۇ سەپسەتىلەرنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك. تارىخىي ماتېرىيالىزم قارىشىنى تەدبىقلاشقا ماھىر بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چوڭ - چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر، مۇھىم تارىخىي شەخسلەر، چوڭ - چوڭ تارىخىي مەسىلىلەرنى بىلىشى ۋە ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، تۈپ خاراكتېرلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق بەزى تونۇش مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بەشىنچىدىن، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قاراش تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئاتېئىزم نەزەرىيىسى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي روھنى زور كۈچ بىلەن

تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي ئۇسۇل، ئىلمىي ساۋاتلارنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ، ئاتېئىزم بىلەن تېئىزمنىڭ، ئىلىم - پەن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ، مەدەنىيلىك بىلەن نادانلىقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، بۇلارنىڭ شۇۋىنىزم، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە تۈرلۈك ساقتا پەنلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ باغلىنىشلىق بولغان تەبىئىي پەن، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، بەدەننى ئىلمىي ئۇسۇلدا ساغلاملاشتۇرۇش ۋە تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشكە يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلىم - پەننى سۆيىدىغان، ئىلىم - پەن ئۆگىنىدىغان ۋە ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«5 قاراش» تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ۋەزىيەت - سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ئالغا بېسىش داۋامىدىكى پايدىلىق شارائىتلار ۋە پايدىسىز ئامىللارنى ئىگىلەپ، ۋەزىيەت ياخشى چاغدىمۇ مەسىلىلەرنى كۆرۈپ، بەك قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمەسلىك؛ قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا، ئىستىقبالنىڭ پارلاقلىقىنى كۆرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇن ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، ھەرقانداق قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشماسلىق، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق، قەتئىي ھالدا بارلىق قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلەش لازىم. تەربىيىدە شىنجاڭنىڭ

ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتنى رەتكە سېلىپ، زىددىيەتنى تۈگىتىپ، مەۋقەنى ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇش؛ ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈپ، قاتلاملارغا ئايرىپ، نۆۋەتتە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىش؛ قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، يۈزتۇرانە ئىدىيىۋى تەربىيەنى ھەقىقىي كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيە ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋاستىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئىلغار تىپلار ئارقىلىق ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە باشلامچىلىق قىلىش كېرەك. تەربىيە بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ھەرخىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئورنىتىش پائالىيىتى ۋە ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

3) شەھەر - يېزا، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تۇتۇش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» سۇيىقەستىگە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى مەدەنىيەت قورغىنىنى قۇرۇپ چىقىش — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق -

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز بولۇۋاتقانلىقى بىر گەۋدىلىك مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى جەزمەن سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى نۇقتىئىينەزەر ئارقىلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى چىڭ ئىگىلەش يۈكسەكلىكىدە تونۇپ، ئۇل خىزمەتلەرنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىسى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، گېزىت - ژۇرناللارنى يەتكۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن كىنو قويۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلىش، تارقىتىش ۋە ئوقۇپ پايدىلىنىشنى ياخشى تەشكىللەش كېرەك؛ پەن - تېخنىكىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، 10 يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە ۋە مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت «3 نى يېزىغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى داۋاملىق ياخشى تەشكىللەش لازىم. شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلاننى دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر سىياسەت - تەلەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ چېگرا رايونلار مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگرا بويىغا جايلاشقان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپرەك يار - يۆلەك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مەركەز ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا

قاراتقان ئىقتىساد ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بىلەن مەدەنىيەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى بىلەن كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك شەھەر - بازار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەزەرىيە - تەتقىقات، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى تارماقلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشى لازىم.

4) مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىني نەشر بويۇملىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىش كېرەك.

مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىدا بەزى جايلار باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش مەسىلىسى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، بەزى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىني نەشر بويۇملىرى يامراپ كېتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا زور زىيان سالماقتا. بىز چوقۇم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئەستايىدىل ئىنقىلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىني نەشر بويۇملىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ ۋە يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ يامراپ

كېتىشىنى توسۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون دائىرىسى ئىچىدىكى ئۈن - سىن بويۇملىرى، كىتاب - ژورنال ساتىدىغان، كۆپەيتىپ ئىشلەيدىغان بارلىق يايما - نۇقتىلارنى مەركەزلىك ھالدا ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىپ، كېنىشكىسىز تىجارەت قىلغانلارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ كېنىشكىسى بولسىمۇ لېكىن قانۇنسىز تىجارەت قىلغان يايما - نۇقتىلارنى قەرەل ئىچىدە ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك. جايلار ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي مىقدار ۋە جايلاشتۇرۇش لايىھەسى بويىچە، ئۆز رايونىدىكى كىتاب - ژورنال يايما - نۇقتىلىرى، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەش نۇقتىلىرى، سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىلىرىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىشى، ئومۇمىي مىقدار بويىچە تېزگىنلەپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزئارا ئۇتاشتۇرۇش تورى ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، شۇنىڭدەك ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرىغا بولغان يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. نۆۋەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، دىن ئەسەبىيلىكىگە كۈشكۈرتىدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىش، مەنبەسىنى يوقىتىش، ئېقىپ يۈرگىنىنى توسۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن چېگرىدىن كىرگەن، تەرجىمە قىلىنىپ قانۇنسىز بېسىپ تەييارلانغان، ئۆزى يېزىپ تەييارلىغان قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ھەرخىل ياساش - سېتىش ئۇۋىلىرىغا مەركەزلىك زەربە بېرىش كېرەك. تەشۋىقات، بىرلىكسەپ، جخ، مىللەت - دىن خىزمىتى، سودا - سانائەت، مەدەنىيەت، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، تاموژنا تارماقلىرى بىرلىشىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈش، يىغىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ترانسپورت بازىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نەشر بويۇملىرىنى بەلگىلەنگەن ئۇقتا ئارقىلىق توشۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنى توشۇش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش

كېرەك. مىللەت ـ دىن مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك نەشىر بويۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقىشنى كۈچەيتىپ، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئەۋرىشكە ئۇسخىسىنى تەكشۈرۈشكە يوللاش تۈزۈمى ۋە تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ پىلانلىق ھالدا دىنىي بىلىملەرگە ئائىت بىر تۈركۈم كىتابلارنى نەشىر قىلىپ، ئاشكارە ياكى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىپ، دىنىي كىتاب ـ ژۇرنال بازىرىنى ئىگىلەش ۋە يېتەكلەش لازىم. كىتاب ـ ژۇرنال بېسىش كارخانىلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كېنىشكا ئىسپاتلىرى تولۇق بولمىغان ياكى قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرىنى بېسىشنى ھۆددىگە ئېلىپ باسقان كارخانىلارنى قەتئىي تاقاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىتاب ـ ژۇرنال بېسىش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**5) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.**

تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشتا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، دائىم مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى بۇنىڭ 1 ـ جاۋابكارى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، باشقا رەھبەرلەرمۇ ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى بويىچە ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى دائىم تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭغا قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، بەزى مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىۋېتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت

رەھبىرىي كادىرلىرى سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بايرىقى روشەن، پوزىتسىيىسى قەتئىي ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ 1- سەپىدە تۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، شۇنىڭدەك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولغان، بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلىغان خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

پارتىيىنى قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ياكى ئۇنى تەشكىللەشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قاتتىق تەربىيە بېرىپ بىر تەرەپ قىلىشى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، پارتىيە ئەزالىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، پارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىشقا دائىر تۈزۈملەرنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىدىيە - سىياسىي خىزمەت جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشتىكى بەزى

نۇقتىلىق جايلارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ ۋە پايدىلىنىپ كېتىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش؛ دىنىي ساھەنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تولۇقلاپ ۋە رەتكە سېلىپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى رەھبەرلىك بەنزىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك. پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر ھەم ئىنچىكە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

يېزىلاردا تەشۋىقات ۋە ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق چېگرا رايون، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئىش. 1999 - يىلى بىز ئىككى قېتىم قىسمەن ناھىيە، شەھەر، يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھازىرقى ھالەتنى ئاساسەن ئىگىلەپ، ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتنى ياخشىلاش يۆنىلىشى ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇردۇق.

### 1. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بويان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا قىشلاقلىرىدا پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكىگە ئوخشاشلا تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلاندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن يېزا ئىقتىسادى ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنىۋى تەلىپى كۈنسايىن ئۆرلىمەكتە. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە بەكمۇ ماس كەلمەيدۇ، بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلار ساقلانماقتا. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئىدىيىۋى تەربىيە ئاجىز

بىرىنچىدىن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاجىز. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە: «ھازىر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەجلىس ئاچماقچى بولۇپ 5—6 قېتىم ئادەم چاقىرسىمۇ كىشىلەر يىغىلمايدۇ. يىغىننى ئاچالمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمان ئامما ھەر كۈنى بەش ۋاقلىق نامازغا ھېچكىم چاقىرمىسىمۇ ئالا قويماي يېتىپ كېلىدۇ.» ئىككىنچىدىن، تەلىم - تەربىيە كۈچى ئاجىز. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئادەم ئاز بولغاچقا، يېزىغا چۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ، يېزىدا يالغۇز بىرلا تەشۋىقات كادىرى بولۇپ، يېتىشىپ كېتەلمەيدۇ؛ كەنتتىكى كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن

بولغاچقا، لېكسىيە سۆزلىيەلمەيدۇ. شۇڭا دېھقانلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىشتە گېزىت ئوقۇش، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئوقۇپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان گەپ، بۇنىڭ ھېچقانداق قىزىقارلىق يېرى بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى ئۆرلىيەلمەيدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە: ئۇلار بىر يىلدا تۆۋەنگە 5—6 قېتىم بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەندە، دېھقانلار بەك قىزىقىپ ئاڭلايدىكەن. بۇنداق سۆزلەپ بەرسە، قانچە كۆپ سۆزلىسىمۇ زېرىكمەيمىز، دېيىشىدىكەن. لېكىن يالغۇز تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىدىكى 2—3 ئادەمگىلا تايانغان بىلەن يېتىشىپ كەتكىلى بولمايدۇ - دە. ئۈچىنچىدىن، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل. ناھىيە، يېزىدا ماتېرىيال يازىدىغان ئادەم يوق، يازغىدەك ئىقتىدارمۇ يوق، ھەم بۇنىڭغا كېرەكلىك خىراجەتمۇ يوق. تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىنىڭ بۇ خىل ماتېرىياللارنى بەك ئاز چىقىرىدىغانلىقى ۋە بەك ئاز تارقىتىدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

2) مەدەنىيەت ئۇل ئەسلىھەلىرى ناچار

ھازىر، بىز تەكشۈرگەن تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، خوتەندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا مەدەنىيەت ئۆيى بار كەنتلەر %86 نى، كۇتۇپخانا بار كەنتلەر %80 نى، تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنى بار كەنتلەر %63 نى ئىگىلەيدىكەن. سانى جەھەتتىن قارىغاندا خېلى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان، لېكىن بۇ كەنت - گۇرۇپپىلارنى چوڭقۇرلاپراق تەكشۈرسەكلا، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ: بەزى مەدەنىيەت ئۆيلىرى قالايمىقان نەرسە - كېرەكلەرگە تولۇپ، ئىسكىلاتقان ئايلىنىپ قالغان؛ بەزى مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق؛ بەزى مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ بىرەرمۇ ئەسلىھەسى يوق، پەقەتلا ئۆرۈلۈشكە ئاز قالغان، تۇپا - چاڭغا تولۇپ كەتكەن بىر قۇرۇق ئۆيلا بار - خالاس؛ كۆپ ساندىكى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغان كىتاب بەكمۇ ئاز، ھەممىسى دېگىدەك كونىراپ كەتكەن، بەزىلىرىدە بىر نەچچە يىرتىلىپ كەتكەن ژۇرناللارلا بار؛ مۇتلەق

كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرى، كۇتۇپخانىلارغا قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئۆز رولىنى قىلچە جارى قىلدۇرالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ ساندىكى كەنتلەر «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرگە مۇشتىرى بولغان بولسىمۇ، گېزىت تاختىسى ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان باشقۇرۇش چارىلىرى بولمىغاچقا، ئۇياقتا بىر پارچىسى، بۇياقتا بىر پارچىسى تاشلىنىپ، ئاز ساندىكى كەنت كادىرلىرىلا كۆرەلىگەن، كۆپ ساندىكى ئاممىا ئۇنى كۆرەلمىگەن.

3) رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى تۆۋەن.

بىز بارغانلىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بىرەرسىدىمۇ كىچىك كاناي بارلىقىنى بايقىمىدۇق. پىچان ناھىيىلىك رادىئو ئىدارىسىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە: ناھىيە بويىچە ئەسلىدە 12 مىڭ كىچىك كاناي بار ئىكەنتۇق، ھازىر بىرسىمۇ قالماپتۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە، كۆپ ساندىكى جايلار يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە چوڭ كاناي ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىپ ئورناتقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن يېزا - كەنتلەردىكى چوڭ كانايلار بۇزۇلۇپ ئاۋاز چىقمايدىغان بولۇپ كەتكەن؛ بەزى رادىئو پونكىتلىرىدىكى ئېلېكترون لامپىلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچلەر كونىراپ ئىشلەتكىلى بولماي قالغان، ياكى كانايلار بۇزۇلۇپ قېلىپ سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىغان. ياخشىراق بولغان يېزىلاردىمۇ ئاۋاز چىقىدىغان كانايلارنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، بىرنەچچە جايغىلا ئورنىتىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئىشكىنى ئېتىۋالسا ھېچنىمىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن. مەسىلەن، توقسۇن ناھىيىسى غولبۇي يېزىلىق رادىئو ئۇزېلىنىڭ 4 چوڭ كانىيى باركەندۇق، بۇلتۇر 9- ئايدا قاتتىق بوران چىقىپ سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، رېمونت قىلىشقا پۇلى بولمىغاچقا، ھازىرغىچە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت رادىئو قويالماپتۇ. يەنە مەسىلەن، نىيە ناھىيىسى سالغۇزەك يېزىسىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان 275W لىق بىر ئېلېكترون لامپىلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچ بار بولۇپ، ئۇ بۇزۇلۇپ قالغاندا، 5 يۈەنگە بىر زاپچاس سېتىۋېلىشقىمۇ، يېزىدا پۇل بولمىغاچقا، رادىئو قويۇشقا ئامالسىز قالغان. ئىگىلىشىمىزچە، باشقۇرۇش بىلەن ئىشلىتىش ئايرىلىپ كېتىپ،

سەپلەنگەن خادىملار ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، بەزى كەنت كادىرلىرى، گورۇپپا باشلىقلىرى ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئاپپاراتىنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېلىپ، كوچىدىكى كانايلار يىغىن ئېچىش، ئاشلىق تاپشۇرۇش، ئۇقتۇرۇش تارقىتىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش رولىنى قىلچە جارى قىلدۇرالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا، ھازىر يەنە 28% يېزا - كەنتتە رادىئو پونكىتى يوقكەن.

ھازىر بۇ 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 69% يېزىلىرىدا تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتى يوق، كۆپ ساندىكى دېھقان ئائىلىلەردە تېلېۋىزور يوقكەن، تېلېۋىزورى بار ئائىلىلەرنىڭمۇ پەقەتلا رەڭسىز كىچىك تېلېۋىزورلار بولۇپ، كۆرگىلى بولىدىغان قاناللارمۇ 1—2 دىن ئاشمايدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن بەكمۇ يىراق.

4) تىياتىر، كىنو كۆرۈش ئەس.

بىز بارغان 8 ناھىيە ئىچىدە، قارىقاش، بوگور، ئارا تۈرۈك، باغراشتىن ئىبارەت 4 ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى ياكى ئويۇن قويۇش ئەترىتى يوق، بۇ 50% نى ئىگىلەيدۇ. سەنئەت ئۆمىكى، ئويۇن قويۇش ئەترىتى بار ناھىيىلەردىمۇ مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئويۇن تەييارلىيالمىغان ياكى پەقەت ئويۇن تەييارلاپ باقمىغان، ئادەملىرى ئۇياقتا - بۇياقتا كېتىپ قالغان. مەسىلەن، توقسۇن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ھېسابتا بار بولسىمۇ، لېكىن بىز بارغاندا بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالمىدۇق. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن تەييارلىمىسا، دېھقانلار يىللاپمۇ ئويۇن كۆرەلمەيدۇ - دە.

بۇرۇن يېزىلاردا سەييارە كىنو قويۇش ئەترەتلىرى بار ئىدى، ئۇلار دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، فېئودال خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن ياخشى رول ئوينىغانىدى، ھازىر بىز تەكشۈرگەن ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە كىنو قويۇش ئەترىتى قالماپتۇ، دېھقانلار يىلدا بىرەر قېتىممۇ

كىنو كۆرەلمەيدىكەن.

5) تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت قوشۇنىدا ئادەم ئاز، كۈچ ئاجىز.

بەلگىلىمە بويىچە، ھەربىر يېزىغا بىردىن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى سەپلەش كېرەك ئىدى. بىز بارغان 8 ناھىيەدىن پەقەت توقسۇن ناھىيىسىلا بۇ بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، قالغان ناھىيە، يېزىلار بۇنى دېگەندەك ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن. بەزىلىرى ئادەمنى سەپلىگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرىجىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەچكە، ئاكتىپلىقىنى قوزغىتالمىغان؛ ئىگىلىشىمىزچە يېزىلارنىڭ 31% ىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەشۋىقات كادىرى سەپلەنمىگەن. بۇ يېزىلارنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان «بوغما» ئامىلدۇر.

6) تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان سېلىنما بەك ئاز.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، دېھقانلارنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى تېخى ئەمدىلا ھەل قىلىنغان ياكى ھەل قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، كەنت مالىيەسى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا پۇل چىقىرالمىغان، پەقەت يۇقىرىنىڭ پۇل بېرىشىگىلا تايانغان. ئىقتىسادى سەل ياخشى بولغان يېزا - كەنتلەردىمۇ رەھبەرلەرنىڭ تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مەبلەغ سېلىشنى خالىمىغان. تەشكىلات تارماقلىرى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا پارتىيە ئەزالىرى ئېلېكترونلاشقان تەربىيىسى ئۈچۈن، ئاساسى قاتلامغا بەزى ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بېرىپ، كۆپ ساندىكى يېزا - كەنتلەردە پارتىيە ئەزالىرى ئېلېكترونلاشقان تەربىيە مەركىزى قۇرۇلغان، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئاساسىي جەھەتتىن مەبلەغ سېلىنمىغاچقا، ئىنتايىن ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. كۆپ ساندىكى كەنتلەردە تۈزۈگرەك ئىشخانا ئۆيىمۇ يوق، بەزىلىرى توپا - كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان كونا، ھەم خەتەرلىك ئۆيلەر بولۇپ، رېمونت قىلىشقىمۇ پۇل يوق، لېكىن بىز بارغانلىكى كەنتلەردە، مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان

كاتتا ئىمارەتلەر بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، پەرق ئىنتايىن زور.

## 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ۋە تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەر كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشى؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى ۋە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى نىشان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساپاسى، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ، ئەقلىي مەدەت ۋە ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

(1) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتىكى زۆرۈر ماددىي شەرت، شۇنداقلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم جەڭ مەيدانى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا جايلار ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپى بويىچە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم.

(1) رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە ئۈل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارقىتىش، قاپلاش تورىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. 2000- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بارلىق توكى بار كەنتلەردە رادىئو، تېلېۋىزىيە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ يېزا (بازار) رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش (تارقىتىش) پونكىتى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، پروگرامما تۈزەش، تەرجىمە قىلىپ تەييارلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسا (پونكىت) لىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر قاتارلىق مۇھىم پروگراممىلىرىنى ۋاقتىدا ئۇلاپ تارقىتىشى لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرخىل تىلدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى يەر يۈزىدە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ھەرخىل تىلدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. رادىئو، تېلېۋىزىيە ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراشنى

كۆچەيتىپ، پروگراممىلارنىڭ تارقىتىلىش سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

(2) كىنو قويۇشنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىنو بازىرىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كىنو فىلىمى تارقىتىش ۋە كىنو قويۇش ئېغىر دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. كىنو قويۇش مەيدانلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا (بازار) دا كىنوخانا ياكى كىنو قويۇش مەيدانى بولۇش، كەنتلەردە كىنو قويۇش ئۇقتىسى بولۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ھەر يىلى كىشى بېشىغا 12 مەيداندىن ئارتۇق كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ياخشى قۇرۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كىنوچىلارنى يېزا (بازار) لىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش كېرەك. كىنو قويۇش ھەققى ئېلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىم، بۇ مەسىلە «كىم كىنو كۆرسە شۇ پۇل چىقىرىش» ۋە «ئامما ئىختىيار قىلىش، يۈكنى مۇۋاپىق يۈكلەش، ھەق ئۆلچىمى مۇۋاپىق بولۇش، ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش» پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىنسا بولىدۇ. بېلەت سېتىپ كىنو قويۇش، شەخسلەرنى كىنو قويۇشقا پۇل ئىئانە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ھازىرچە بېلەت سېتىشنى يولغا قويۇشتا يەنىلا قىيىنچىلىقى بولغان يېزا، كەنتلەر كىنو قويۇش ھەققىنى ئالدىن يىغىۋېلىش ياكى يىل ئاخىرىدا جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن چىقىم قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، مەيدان قېتىمىنى كۆتۈرە ئېلىپ كىنو قويۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ. فىلىم سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىقى بولغان ناھىيە دەرىجىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش ـ قويۇش شىركەتلىرىگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مۇۋاپىق ياردەم پۇل بېرىش ياكى ئوبوروت فوندى تەسىس قىلىش قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى كىنو فىلىملىرىنى تەرجىمە

قىلىپ تەييارلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كىنو شىركەتلىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساھە ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساھە ھەمكارلىقىنى ياخشى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كىنو فىلىمى تارقىتىش، كىنو قويۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

(3) ئاممىۋى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت تورىنى تېرىشىپ قۇرۇپ چىقىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتلىمى مۇۋاپىق، جايلاشتۇرۇلۇشى جايىدا، ھەرقايسىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى تور سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈپ، ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىنو - تىياتىرخانا بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى (مەركىزى) بولۇش، نۇقتىلىق ناھىيىلەردە مۇزېيخانا بولۇش، چەت - ياقا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بولۇشىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھازىر بار ئاممىۋى مەدەنىيەت تور - نۇقتىلىرىنى كۆلىمى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى تولۇق، ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن، رولى كۆرۈنەرلىك بولۇش تەلىپى بويىچە تەدرىجىي رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش، يېڭىلاش ھەمدە ئەستايىدىل باشقۇرۇپ لايىقىدا ئىشلىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جاينىڭ مالىيە كۈچى ۋە شارائىتىغا ئاساسەن، زۆرۈر بولغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش كېرەك. «مەدەنىيەت كارىدورى» قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ مەملىكەت بويىچە «10 مىڭ كەنت كىتاب

ئامبىرى قۇرۇلۇشى»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كۇتۇپخانىلارنى ياخشى قۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى كىتاب ئوقۇش، كىتابتىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال يېتەكلەش؛ مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى تېخىمۇ مول، ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى ھەر يىلى ئۇچتىن بىر قىسمىدەك ۋاقىت ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، نۇقتىلىق ھالدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئويۇن قويۇشى كېرەك. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساغلام مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە باب كېلىدىغان پايدىلىق مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشەببۇس قىلىش لازىم. جايلار مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «بىر يېزىدا بىر پونكىت بولۇش، يېزا باشقۇرۇپ ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش» پرىنسىپى بويىچە ئۇنى ياخشى قۇرۇپ چىقىپ، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ شتاتىنى يېزا (بازار) شتاتى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، شتاتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر پونكىتقا بىر كەسپىي شتات بېرىش پرىنسىپى بويىچە سەپلەش لازىم. مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى مەخسۇس خادىملارنىڭ مائاش، پاراۋانلىق تەمىناتلىرى مەدەنىيەت يۈرتلىرىدىكى خادىملارنىڭ تەمىناتى بىلەن ئوخشاش بولۇش كېرەك. مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈشى، ھەر يىلدا ھەربىر پونكىتنىڭ خىراجىتى 3000 يۈەندىن كەم بولماسلىقى لازىم. مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ خىزمەتنى نورمال قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مالىيە كۈچى ئاجىز بولغان يېزىلارغا ناھىيەلىك مالىيە مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىنى

يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ جىسمانىي ساپاسىنى ئىرىشىپ ئاشۇرۇش لازىم. جامائەت تەنتەربىيە مەيدانلىرى ۋە سارايلىرىنى جەمئىيەتكە، ئاممىغا يۈزلەندۈرۈپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. «ئادەم، يەر، ۋاقىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش ۋە ئىشتىن سىرتقى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ئىختىيارى بولۇش، كىچىك تىپلىق، كۆپ خىل، مەدەنىي ۋە ئىجەشچان بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئامما ياقتۇرىدىغان، يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەدەنىي، ساغلام تەنتەربىيە - مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋە يېزا - بازار تەنتەربىيە يېتەكچىلىك پونكىتى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت تەنتەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

(4) مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەكتەپ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەيدىغان، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم جاي، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەكتەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىز بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىدىغان مۇھىم بازا، شۇڭا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش شەرت. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بولغان سېلىنمىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر سوتسىيالىستىك مەكتەپ

باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى؛ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پارتىيىنى سۆيۈش، دۆلەتنى سۆيۈش، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى؛ ئوقۇغۇچىلارنى قەرەللىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن تونۇشۇپ، دۆلەت ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم. دىنىي باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش ۋە ئۇنى توسۇش كېرەك.

(5) ئاساسىي قاتلام پارتىيە مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. يېزا - بازار پارتىيە مەكتەپلىرى يېڭى ۋەزىيەتتە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، پارتىيىگە كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە نەزەرىيە تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق بازا بولۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارتىيە مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشىنى يېزا - بازار پارتكوملىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار پارتىيە مەكتەپلىرىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى قوشۇنىنى ياخشىلاپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇنۋان باھالاش كېرەك. پارتىيە مەكتەپلىرى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئوقۇتۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنى قاتلام بويىچە تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز

ئۆستۈرۈشى لازىم! ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ئۇنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش ۋاستىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(6) كىتاب ۋە گېزىت - ژورناللارنى نەشر قىلىش، تارقىتىش ۋە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. نەشرىيات تارماقلىرى توغرا يۈنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئوچۇن ياخشى كىتابلارنى چىقىرىشى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى تىرىشىپ قاندۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك شىنخۇا كىتابخانىلىرى كىتاب تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىتاب سېتىش تور - نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ياخشى كىتابلارنى ۋاقتىدا سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى گېزىت - ژورنال يەتكۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا - كەنتلەردە پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمەت تور - نۇقتىلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، قاتناش ۋاستىلىرىنى ياخشىلاپ، يوللاپ بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بەزى يېزا - كەنتلەردە گېزىت - ژورنال كۆرەلمەسلىك، «كۈندىلىك گېزىت ھەپتىلىك گېزىتكە ئايلىنىپ قېلىش، ئايلىق ژورنال پەسىللىك ژورنالغا ئايلىنىپ قېلىش»تەك ئەھۋاللارنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش كېرەك. «شىنجاڭ گېزىتى»نى يوللاش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ۋەكالىتەن بېسىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ.

(7) «ياشلار ئائىلىسى»، «ئاياللار ئائىلىسى»، «خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى» قاتارلىق بازىلارنى ياخشى قۇرۇش كېرەك. «ياشلار ئائىلىسى»، «ئاياللار ئائىلىسى»، «خەلق ئەسكەرلىرى

ئائىلىسى» قاتارلىقلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلار تەشۋىقات، ئىدىيە - مەدەنىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم سورۇن بولۇپ، جايلارنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، قۇرۇلۇش ۋە پائالىيەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كۆپ پائالىيەت ئۆيلىرىدىن كۆپ خىل ئىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا، بىر پائالىيەت ئۆيىدىن كۆپ خىل ئىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. تەشكىلاتلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدىيە - مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى لازىم. جايلار ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەت خىراجىتىنى كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىشى لازىم.

2) دېھقان، چارۋىچىلارغا بوشاشماي ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

يېڭى ۋەزىيەتتە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تۇرلۇك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پائالىيەتنى ۋاستە قىلىپ، ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش نىشانىغا يېتەكلەش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

(1) پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم.

(2) پارتىيە ئەزالىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە دېھقانلارنى تەربىيىلەش لازىم. نەزەرىيە تەربىيىسىدە ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارغا قارىتا ئوخشاشمىغان تەلەپ قويۇش كېرەك. ھەر يىلى دېھقانچىلىقتىن بوشىغان چاغلاردا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى مەركەزلىك تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش

كېرەك.

(3) ۋەزىيەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ۋەزىيەت تەربىيىسىنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇش بىر دائىملىق ۋەزىپە، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئىبسىل ئەنئەنىسى. ۋەزىيەت تەربىيىسىدە قاراتمىلىقنى كۈچەيتىش، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەردە ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، توغرا يېتەكلەش، ئىنتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا پايدىلىق بولۇش كېرەك. جايلار ۋەزىيەت دوكلات يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار دېھقان - چارۋىچىلارغا باشلامچىلىق بىلەن ۋەزىيەت دوكلاتى بېرىشى كېرەك.

(4) پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېزا سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا تەشۋىقات ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاش كېرەك.

(5) ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش لازىم. ۋەتەننى سۆيۈشنى شىنجاڭنى ۋە يۇرت - ماكاننى سۆيۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى دۆلەتنى سۆيۈش بىلەن كوللېكتىپنى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈش، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئورتاق بېيىش يولىدا مېڭىشقا تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش لازىم.

(6) جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش روھى ھەققىدىكى تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. دېھقان - چارۋىچىلارنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ مۈشكۈللىكىنى توغرا تونۇپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، ھەممە ئىشنى تېجەشلىك قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، گۈزەل يۇرتنى تىرىشچان ئىككى قولى بىلەن قۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم.

(7) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى توغرا دۆلەت قاراش، تارىخ قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش ۋە «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئۇرۇن بەرپا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاش - تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(8) قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش قارىشى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئېڭىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كەنت ئەھدىنامىسى تۈزۈپ ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنتلەرنى پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇش لازىم. ھەق - تەلەپ ئىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ھالدا ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە ماجرالارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش؛ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈگىتىپ، تىرىشىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاپ؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ياخشى

ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

(9) كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، نىكاھ ئىشلىرىنى يېڭىچە بېجىرىپ، ھەشەمەتلىك توي قىلىشقا قارشى تۇرۇش، ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەرلەرنى ئەتىۋالاپ، ئاياللارنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش، نىكاھ ئەركىنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەجبۇرلاپ توي قىلىشقا قارشى تۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇتتا چىڭ تۇرۇپ، پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش - ھامىلدار بولۇشقا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق مەزمۇنلارنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلمىي، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم.

(10) ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىي نۇقتىئىينەزىرى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي دۇنيا قاراش تىكلىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئاڭلىق ھالدا چەكلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

3) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم.

يېزىلارنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. ناھىيىلىك (شەھەرلىك)، يېزىلىق (بازارلىق) پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە - مەدەنىيەت خىزمىتىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ۋە تەشكىللىگۈچىلەر بولۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە - مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، باشتىن ئاخىر «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش كۆرەش نىشانى قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، قاتلامغا ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قەرەللىك ھالدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە - مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ۋە مەنىۋىي مەدەنىيلىك پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە - مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىر ئۇزۇنبىرسال سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدلىيە، بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن ئىشلىرى، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئىش تەقسىم قىلىپ مەسئۇل بولۇپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. جايلار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغابولغان سېلىنمىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، ئىلگىرى بەزى جايلاردا ساقلانغان تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئاز بولۇش، نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشى لازىم. گوۋۇيۈەننىڭ «مەدەنىيەت ئىقتىسادقا دائىر سىياسەتلەرنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»سى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باج، قەرز پۇل ۋە باھا قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك. دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى سوتسىيالىستىك ئۇنۇمنى 1- ئورۇنغا قويۇش شەرتى ئاستىدا، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يوللارنى كەڭ ئېچىپ، خىراجەت مەنبەئەسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىشى لازىم. مەدەنىيەت كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەتنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش،

مەدەنىيەت ئىشلىرىنى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئارقىلىق قامداش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۆز جۇغلانمىسى ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قوللىشىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، تەشۋىقات، مەدەنىيەت كادىرلىرىنى ياخشى ۋە تولۇق سەپلەش كېرەك. يېزا (بازار) لاردا مەخسۇس تەشۋىقات كادىرى ۋە مەدەنىيەت خادىمى سەپلەش، كەنتلەردە نىسبەتەن مۇقىم قوشۇمچە تەشۋىقات خادىمى بولۇش لازىم. تەشۋىقات - مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات - مەدەنىيەت كادىرلىرى ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

# ئىندىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بارايلى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى جاڭ جىنيا

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1997- يىل 4- ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان نۇقتىلىق رايونلاردا، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى (يەنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى) ئۇدا ئۈچ يىل قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 50 مىڭدىن ئارتۇق خىزمەت ئەترىتى ئەزاسى ئەۋەتىلىپ، 28 نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر)، 463 يېزا (بازار، مەھەللە، زاۋۇت)، 2200 كەنتتە مەركەزلىك تۈزەش ئېلىپ بېرىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋە مۇقىملىقنى قوغداش بويىچە زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

جىددىي كۈرەش ئەمەلىيىتى بىزگە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قولللىشى ۋە قۇترىتىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىپ، يېڭى جانلىنىش مەزگىلىگە

كىرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل ئىككى قوللۇق تاكتىكىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈشتەك زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى غالجىرلارچە ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار يەنە ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، تۈرلۈك سەپسەتىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي مەقسىتىنى ئېنىق ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى.

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەسىرى ۋە زېمىنىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ

بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار كىتاب - ژورنال نەشر قىلىش، شوئار چاپلاش، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش، دىنىي ئەقىدىلەرنى سۆزلەش، ئادەم توپلاپ ۋەز ئېيتىش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە تەشۋىقات رەسىملىرىنى ئىشلەش، سېتىش، تارقىتىش ئارقىلىق ھەتتا مەكتەپتىكى دەرسخانىلاردىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىلىرىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىپ، «شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر مىللەتلىك مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، كىشىلەرنى قولغا قورال ئېلىپ، «غازات» قىلىپ، «مىللىي ئازادلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بايلىقنى ئېچىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، «دۆلەت شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىۋاتىدۇ» دېگەن ئەكسىيەتچىل كۆزقاراشنى تارقاتتى؛ ئۇلار پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا

قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، پىلانلىق تۈرگۈتنى يولغا قويۇش خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشى دەپ ئېغۋا تارقاتتى؛ ئۇلار ئايرىم جايلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نامراتلىقتىن پايدىلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئىنكار قىلدى؛ بىر مىللەتنىڭلا مەنپەئەتىنى تىلغا ئېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتتى؛ ئۇلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھەدەپ باستى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى، ئۇلارنى مىللەتنىڭ «خائىنى» «جىمۇما يەيدىغان ئاخۇن» ۋەھاكازا دەپ بۆھتان قىلدى. بۇ ئەكسىيەتچى كۆزقاراش ۋە سەپسەتىلەر ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ياش - ئۆسمۈرلىرىگە نىسبەتەن زەھەرلەش رولىنى ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئۇدا ئۈچ يىل قانات يايدۇرۇلغان مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى داۋامىدا، ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن بېسىم قىلىپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» تەك كۈچلۈك بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولساقمۇ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى توختاپ باقىمىنى يوق، بەزى جايلاردا ھەتتا ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشتى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئىنتايىن ئۆتكۈر، كەسكىن بولماقتا.

(1) قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل نەشىر بۇيۇملىرى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بولۇپمۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بەك كۆپ بولۇپ، كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى ناھايىتى قاتتىق زەھەرلىمەكتە. دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ بىز بىلەن ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىرىنى تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا. مەركەزلىك تۈزەش داۋامىدا، جايلاردا تورغۇنلىغان ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بۇيۇملىرى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، «كومپارتىيىنى يوقىتىش، سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» ، «غازات» قىلىش، «غازات» قىلىپ ھاكىمىيەتنى

تارتىۋېلىش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ... ئۈستىدە غالجىرلارچە داۋراڭ قىلىشقان. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى، قۇتراتقۇلۇقىنىڭ زورلىقى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. 1998- يىل 12- ئايدا، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسىدىكى 17 ياشلىق بىر ياش ئەكسىيەتچىل ئۇنىئالغۇ تەشۋىقاتىنى تۆت قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، «غازات» قىلىش قارارىغا قىلىپ، قولىغا پالتا ئېلىپ يېزىلىق ساقچىخانىدىكى خەلق ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. بەزى مۇرىتلار ۋە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ قانۇنسىز ئەكسىيەتچىل نەشىر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەلۋىلىشىپ، قانۇن ـ نىزاملارغا پىسەنت قىلماي، ھەدەپ ئەنزە توغدۇرۇپ، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلغان. جخ ئورگانلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاش قىلغان ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى 17 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ياشلار ئىكەن.

ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. 1999- يىل 9- ئايدا، خوتەن ۋىلايىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كۈرەشنىڭ زوراۋانلىق تېررورلۇق جىنايى تەشكىلاتىغا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرەشى قانات يايدۇرۇلدى. ئايرىم كىشىلەر ئوچۇقتىن ئوچۇق: «كومپارتىيە كۈرەشنى توختۇپ بەرگەنلەرگە 100 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىمىز دەپتۇ. بىر مىليون يۈەن بەرسىمۇ قەھرىمانغا ساتقىنلىق قىلمايمىز» دەپ جار سالدى. كۈرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەزىلەر يەنە: «كىمىكى كۈرەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان 100 مىڭ يۈەن پۇلنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا 100 مىڭ پىچاق تىقىمىز» دەپ جار سالدى.

(2) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر توختىماي‌ۋاتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بەزى جايلاردا، بەلگىلىك مۇھىتتا، قانۇنسىز ئەكسىيەتچىل دىنىي نەشىر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ ساتتى. ئاشخانا، بەتراچخانىلاردا ھەتتا بازارلاردا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان

تارىخى»، «غازات» قاتارلىقلار تەشۋىق قىلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى قويۇپ ئاڭلىتىلدى. جايلاردىكى جخ ئورگانلىرى مەركەزلىك تۈزەش جەريانىدا، نەچچە ئون مىڭلىغان ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى، مەسىلەن، «ھۆرلۈك ساداسى»، «ھەقىقەت يولى»، «سۇلايمان گۇۋاھ»، «مۇراجىئەت»، «ئىچكى دولقۇن»، «ئېتىقاد ساداسى» دېگەنگە ئوخشاشلارنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا دىنى ئەسەبىيلىكى ئۇچۇقتىن ئۇچۇق تەرغىپ قىلىنغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىنغان، ھەتتا ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قانداق قۇرۇش ئۆگىتىلگەن، «بىر قولغا قۇرئاننى، بىر قولغا قورالنى ئېلىپ، دىنسىزلارنى قوغلاپ چىقىرىش» چاقىرىق قىلىنغان. يەنە بەزىلىرىدە دىندىن پايدىلىنىپ قانداقتۇر كۆممىقوناقتا، پەمىدۇردا «ئاللاھ» بار، قوينىڭ قېرىنى، تۇخۇمنىڭ شاكىلى، ھەتتا قىزلارنىڭ تىلىدىمۇ «ئاللاھ» بار دېگەندەك غەلىتە ئېغىزلار توقۇلغان بولۇپ، ھەممە ۋاقىتتا، ھەممە جايدا «ئاللاھ» بار، خۇدا ھەممە جايدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلەر تەرغىپ قىلىنغان، مۇشۇ يالغان ياۋىداق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرغان، ئاممىنى ئالدىغان، دىنى ئەسەبىيلىرى يەنە يوشۇرۇن ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يەر ئاستى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى ئېچىپ ئىزباسارلارنى يېتىشتۈردى. قەشقەر شەھىرىدە بۇ يىلقى مەركەزلىك تۈزەش داۋامىدا، بىر يەر ئاستى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسى تېپىلدى، ئۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان 13 بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاران ئۈچ ياش، ئەڭ چوڭى 12 ياش ئىكەن. دىنى ئوقۇۋاتقان ئادەم سانىنىڭ كۆپلىكى، يېشىنىڭ كىچىكلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن. 1999- يىل 9- ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جخ ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مەدەنىيەت، نەشرىيات تارماقلىرى بىرلىكتە «ئاللاھ» نامىدا تاماكا - ھاراقنى چەكلەيدىغان قانۇنسىز دىنىي ئېلان تەشۋىقات رەسىمىنى قولغا چۈشۈردى، ئېلان رەسىمىدىن 10 مىڭنى ۋە باسما تاختىسىدىن تۆتنى يىغىۋالدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا دىنى

ئەسەبىيلىرى دۇكانلاردا تاماكا ـ هاراق سېتىشقا رۇخسەت قىلمىغان، تاماكا چەككەن، هاراق ئىچكەنلەرگە قارىتا قولىنىنى كېسىش، پىچاق تىقىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان، پەقەت 1999ـ يىلدىن بۇيان بۇنداق ۋەقە ئون نەچچە قېتىم يۈز بەردى.

(3) بۆلگۈنچى كۈچلەر مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق چىرىتتى، ئۇلارغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار ياش نادان ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» دۆلەت قارىشى، «پان تۈركىزم» مىللەت قارىشى، «پان ئىسلامىزم» دىن قارىشىنى سىڭدۈرۈپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تۈيۈق يولغا باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ توپىلاڭ ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشتىكى پىچكىسى قىلدى. نىلقا ناهىيىلىك 3ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مەركەزلىك تۈزەشتىن ئىلگىرى مەسىلە ناهايىتى ئېغىر بولۇپ، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك هوقۇقىنى ئاساسەن يامان ئادەملەر ئىگەللىۋالغان. بۇ مەكتەپتە ئۆزاققىچە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش، دۆلەت شېئىرى ئوقۇش بولمىغان، بەزى ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ تەپتارتماستىن، «شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دەپ جۆيلىگەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئاشكارا هالدا جۇڭگو خەرىتىسىدىكى شىنجاڭ قىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتكەن. بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئايرىم ئوقۇغۇچىلار چىن دىلىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، ناماز ئوقۇغان، بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشتىن ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانكى، «ئاللاھ»غا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا چىڭ تۇرغان. مەكتەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىز بىلەن كەسكىن تالىشىدىغان بازا بولۇپ قالدى.

(4) بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار هەتتا ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا مىللەت، دىن قاتارلىق چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇش جەھەتتە مۇجمەللىك، بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇت، بەزىلىرىدە هەتتا بەزى تار، خاتا ئىدىيىۋى قاراشلار ساقلانماقتا. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە چېتىلىدىغان بەزى چوڭ هەق، چوڭ ناهەق مەسىلىلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە

ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان گەۋدىلىك ۋەقەلەرگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىزنىڭ يا پوزىتسىيىسى ئېنىق ئەمەس، يا مەيدانى روشەن ئەمەس، ئايرىم كىشىلەر ھەتتا پۈتۈنلەي دۈشمەن تەرەپتە تۇردى، دۈشمەنلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، قوغداپ، پارتىيىنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزدى. بىر مەزگىل بەزى كىشىلەر «شىنجاڭنىڭ ئارقىدا قېلىشى مۇقىملىقنى تۇتۇش بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن بولدى»، «جەنۇبىي شىنجاڭدا مەسىلىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب — ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى» دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى تارقاتتى. 1999- يىلى خوتەن رايونىدا خىزمەت ئەترىتى بىر يېزىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن سىياسىي ئىمتىھان ئېلىپ، كۈرەش گورۇھى بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ قانداق خاراكتېردىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئالتە نەپەر يېزا كادىرىنىڭ بەشى «مىللىي مەسىلە» دەپ جاۋاب بەرگەن. 9- ئاينىڭ 4- كۈنى جخ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىز قورشاپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كاتىپبىشى كۈرەشنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ۋەقەدىن كېيىنكى سوراقتا كۈرەشنىڭ 7—8 ئائىلىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئاممىمۇ، دۆلەت كادىرلىرىمۇ بار.

(5) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، تارقاق، جەڭگىۋارلىقى كەم. نۇرغۇنلىغان پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ بەزى جايلاردا ئەۋج ئېلىپ يامراپ كېتەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئۇ يەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، تارقاق بولغان، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى يۇقىرى بولمىغان. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى ئۈچ كەنتتە 28 پارتىيە ئەزاسى، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن، مەسچىتتە پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئۇزاق ۋاقىت پارتىيە ئىچىدە ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى كەم بولغانلىقتىن، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىدا غايە، ئېتىقاد جەھەتتە قاتتىق

چېكىنىش بولۇپ، دىنىي كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردىكى خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئومۇمەن 30 — 40 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىكەن، ئايرىم جايلاردا 80 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. خېلى بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ شۇ جايدا كۆرۈلگەن باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئۆزى بىلگەنچە مەسچىت سېلىش، مەسچىتنى كېڭەيتىپ سېلىش، ئۆز ئالدىغا تالىپ يېتىشتۈرۈش، مەجبۇرى ھۆشۈر - زاكات يىغىش، دىن مەمۇرىيەتكە، مائارىپقا، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىشقا ئوخشاش ھادىسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشى، باشقۇرۇشنى خالىماسلىقى، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى، بەزى جايلاردا دىنىي كەيپىيات قويۇق بولۇپ، يامان ئادەملەر كۆرەڭلەپ، ياخشى ئادەملەرنىڭ خاپىلىق تارتىپ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەركەزلىك تۈزەشتىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى، ئىلغار ئاممىنى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك زور ۋەقەلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. ئاتالمىش «كۆرۈك پارتلىتىش»نى يولغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆرۈكىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولدى. دۈشمەنلەر بىزنىڭ دىكتاتورا ئورگانلىرىمىزغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، ج خ كادىر ۋە ساقچىلىرىمىزغا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى. يالغۇز خوتەن ۋىلايىتىدە 1998- يىل 10- ئايدىن 1999- يىل 8- ئايغىچە ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى 17 قېتىم يۈز بېرىپ، ئىككى نەپەر ج خ كادىر - ساقچىسى قۇربان بولدى، 23 ئادەم زەخىملەندى. 1999- يىل 10- ئاينىڭ 24- كۈنى پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىدىكى ساقچىخانا بەش نەپەر توپىلاڭچى تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ھەرگىز يەككە - يىگانە ئەمەس، ئۇنىڭدا كۆپ تەرەپلىمە

مۇرەككەپ ئامىللار بار. بىرىنچىدىن، خەلقئارادا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەكسىيەتچى كۈچلىرى دۆلىتىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»نى جىددىيلەشتۈردى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردىكى جۇڭگوغا، كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرمۇ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن جىددىي تىل بىرىكتۈرۈپ، «پان ئىسلامىزم»، «پان تۈركىزم» ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. بولۇپمۇ 90- يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، شۇنىڭدەك يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن چېچىنىيە، كوسوۋو كرىزىسى قاتارلىقلار مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى رىغبەتلەندۈردى ۋە ئىلھاملاندۇردى؛ ئىككىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدا بىرقەدەر چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى بار. 30- يىللارنىڭ باشلىرىدىلا مىللىي بۆلگۈنچى ساۋۇت داموللا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوترىتىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، قەشقەردە 80 نەچچە كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى تۇنجى قېتىم چىقارغان. 40- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئېلىخان تۆرە باچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىلىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان. مۇشۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە مەسئۇد، ئەيسا، ئىمىن باشچىلىقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ قايتا - قايتا قۇترانقۇلۇق قىلىپ، قانداقتۇ «يۈكسەك ئاپتونومىيىلىك» «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش سۇيىقەستى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولدى، لېكىن ئۇلار تارقاتقان تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ زەھىرى تازىلانماي، بۆلگۈنچىلىكنى تۇغدۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن بۇيان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ياكى

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك تۈپ مەسىلە ئۈستىدىكى كۈرەش ئىزچىل توختاپ باققىنى يوق. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەزى كىشىلەر شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، مۇڭغۇلىيىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت، ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، ئۇيغۇرىستان قۇرۇش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلدى. كېيىن 1957- يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش، 1962- يىلدىكى «29- ماي» ئىلى، تارباغاتاي ۋەقەسى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى»، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرى بولدى. مانا بۇلار ھەرقايسى مەزگىللەردە، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللاردا، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كۈرىشىنىڭ كونكرېت پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، خىزمىتىمىزدە ئاجىز ھالقىلار ساقلاندى. ئاساسلىقى بەزى جايلاردىكى پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئاجىزلىق، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىدىكى ئاجىزلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ، بىز بىلەن ئاساسىي ئاممىنى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ قويدى. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش ۋە مەنئىي قىلىش دېگەندەك كۈچلۈك بولمىدى، دىن ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلە، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەسىلە، سەزگۈر مەسىلە دەپ قاراپ، چېقىلىشقا، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلدى، ھەتتا سۇنئىي ھالدا دىنىنىڭ ئورنى ئۈستۈرۈلدى، بۇ ئۇزاق ۋاقىت خىزمىتىمىزدىكى بىر سەۋەنلىك بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز ھەرىكەتلەرگە قارىتا قەتئىي كۈچلۈك تاقابىل تۇرماسلىق ۋە كۈرەش قىلماسلىقمۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

### 2. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈپتىن تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى كەڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تۇرلۇك ئېپادىسى ۋە ئېغىر زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل قانات يايدۇرۇلغان مەركەزلىك تۈزەش كۈرىشى داۋامىدا، جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئاممىنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، «ئۈچ خىل ئادەم»لەرگە زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپلا قالماي، بەلكى مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈپتىن تۈزەش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

(1) يۈزتۇرانە تەشۋىق تەربىيە ۋە ئاممىنى كەڭ تۈردە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ھەرمىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلىنىپ، ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. مەركەزلىك تۈزەش جەريانىدا، جايلار تەشۋىقات، تەربىيە ۋە ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئاساس، تۈپ خاراكتېرلىك خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتتى ھەمدە ئۇنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭدۈردى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، نەچچە ئون مىڭلىغان خىزمەت ئەترىتى ئەزاسى يېزا - كەنتلەرگە كىرىپ، ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ، ئېتىز - ئېرىقلارغا چۆكۈپ، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ۋە ئاممىغا ۋەزىيەتنى، سىياسەتنى، قانۇن - تۈزۈملەرنى سۆزلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى، دۈشمەنلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋە ياۋۇز تەبىئىتىنى، دۈشمەنلەر تارقاتقان تۇرلۇك سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلىدى. جايلاردا 60 مىڭ

قېتىمدىن ئارتۇق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى، 3 مىليون 800 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى. 2700 دىن ئارتۇق لېكسىيە ئۆمىكى، گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاممىنىڭ تەربىيىگە ئىگە بولۇش كۆلىمى 95 پىرسەنتتىن ئارتۇق بولدى. ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان «زوراۋانلىق - تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۆرگەزمىسى» جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا كۆرگەزمە قىلىنغاندىن كېيىن، كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى، 5 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى كۆرگەزمىنى كۆردى. ئاپتونوم رايوندىن خوتەن ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن خىزمەت ئەترىتىدىكى ئۈچ نەپەر مىللىي رەھبەر لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ 60 نەچچە مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ لېكسىيىسى تەسىرلىك، قايىل قىلارلىق بولۇپ، مىڭغا يېقىن دېھقان جىمجىت ئاڭلاشتى. جايلار رادىئو، تېلېۋىزىيە، تاختاي گېزىتى، لوزۇنكا، ئۆگىنىش كۇرسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ئەدەبىي - سەنئەت ئويۇنى قاتارلىق شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى بايقىۋېلىش، مۇجمەل تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، تۈرلۈك گۇمانلارنى يوقىتىش، ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ۋە كۈرەش قىلىش جاسارىتىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتى. مەركەزلىك تۈزەش داۋامىدا، ئون مىڭلىغان ئاممىا ھۆكۈمەتكە ۋە جخ ئورگانلىرىغا جىنايەت يىپ ئۇچىنى پائال پاش قىلدى. 1999- يىل 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا، قوراللىق ساقچى قىسمى چېرا، لوپ ناھىيىلىرىگە زوراۋانلىقتىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرگەندە، شۇ جايدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى كوچىغا چىقىپ قارشى ئالدى، كەيپىيات ئىنتايىن قىزغىن بولدى.

(2) قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل نەشر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش بويىچە تۈزەش ھەرىكىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللار، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى جەمئىيەتكە كۆپلەپ تارقىلىپ، ئاممىنى بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى قاتتىق زەھەرلەۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، جايلار كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش مەخسۇس خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون گۇما ناھىيىسىنىڭ خىزمەت تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇردى. جايلار مەدەنىيەت، مائارىپ، نەشرىيات، ج خ قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئېنىقلاش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. يىغىۋېلىنغان قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل نەشر بۇيۇملىرىنى بىر تۇتاش تىزىملاپ، ئاشكارە كۆيدۈردى. بىرقەدەر يېڭى، قايتىدىن ئىشلەشكە بولىدىغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ مىللىي مۇنەۋۋەر مۇزىكا، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن ئاممىغا قايتۇردى. ئاممىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشى، پاش قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، بەزى جايلار يەنە پاش قىلىشقا نازارەت قىلىش تېلېفونى ئورناتتى ھەمدە پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەركەزلىك تۈزەشتىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ۋىلايەتلەردىلا ئۆزلىكىدىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى 20 مىڭدىن ئارتۇق، سىن ئالغۇ لېنتىسى 2700 دىن ئارتۇق، كىتاب - ژۇرنال 28 مىڭ نۇسخا، قانۇنسىز VCD پىلاستىنكىسى 900 دىن ئارتۇق. بەزى جايلار مالىيە كۈچى ئىنتايىن قىيىن بولغان ئەھۋالدا، يەنە مەبلەغ توپلاپ، مىكرو دولقۇنلۇق تېلېۋىزور، چاستوتىلىق رادىئو ئورنىتىپ، تەشۋىقات - تەربىيىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى.

(3) ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام بەنزىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۆرۈنەرلىك

كۈچەيتىلدى. بەزى يېزا، كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى باشلانغان چاغدىكى «يۆلەپ ماڭغۇزۇش» تىن، «يېتىلەپ مېڭىش» باسقۇچىدىن كېيىن، ھازىر «ئۆزى ماڭالايدىغان» بولدى. كۈرەش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى چوڭقۇر تەربىيە ۋە چېنىقىشقا ئىگە بولدى. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، بىر تەرەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستى. بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە، مەيدانى چىڭ، پوزىتسىيىسى روشەن بولۇپ، مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

(4) مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئارقىلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تىزگىنلەندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى بايرىقى روشەن ھالدا قوغداپ، قوللاپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. مەركەزلىك تۈزەش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 23 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت ئېنىقلاندى ۋە تىزىمغا ئېلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى بارلىرى 200، تىزىملانغان «تالىپ» 25 مىڭ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى بارلىرى مىڭدىن ئارتۇق. جايلار يەنە ئومۇميۈزلۈك ئارخىپ ئورنىتىپ كارتوچكا تۈزۈپ، كۆڭۈلدە سان ھاسىل قىلىپ، قانۇن بويىچە باشقۇردى، دىنىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ھالىتى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ ئۆستى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ زىيىنى زور دەرىجىدە تارايدى، مىللىي بۆلگۈنچى

كۆچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسى ئاجىزلاشتى.

(5) مەكتەپ تەربىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىپ، بىز بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىشى گەۋدىلىك بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، بۇ يىلقى مەركەزلىك تۈزەش جەريانىدا، 113 نۇقتىلىق مەكتەپتە تەربىيىلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىرىنچىدىن، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، مەكتەپنىڭ ئىچى - سىرتىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش سىياسىي ھالىتى ھاسىل قىلىندى؛ ئىككىنچىدىن، «بەش قاراش» تەربىيىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، «ئۈچ كىرگۈزۈش» خىزمىتى (يەنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، مېڭىگە كىرگۈزۈش) ئوبدان ئىشلەندى. ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر يەنە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدا، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن 32 پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى، تاللاش، تەڭشەش، يېتىشتۈرۈش، ۋەزىپە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزاسى يوق بولۇش، پارتىيە تەشكىلاتى يوق بولۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكى يوق بولۇشتەك «ئۈچ يوق بولۇش» تۈگىتىلگەن مەكتەپ 64 بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر پۈتۈنلەي پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا ئېلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاجىز، تارقاق، جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ناچار بولغان 278 مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى، 301 نەپەر رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزاسى، 227 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىن ھەيدەلگىنى 23 كىشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تازىلانغىنى يەتتە كىشى، دەرىجىسى، ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگىنى 51 كىشى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بىرقەدەر پاكلاشتۇرۇلدى.

ئۈچ يىلدىن بۇيانقى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى مەركىزىي كومىتېت چىقارغان شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق ۋىلايەتلەردە جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم قارارىنىڭ شىنجاڭدىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، ئىنتايىن ۋاقتىدا، توغرا بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىكنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى ئەخلەت سۈپۈرگەندەك بىراقلا تازىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھامان تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، بىز بىلەن ئۇزاققىچە ئېلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈر، مۇرەككەپ، كەسكىن بولىدۇ. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەشنى قىلچە بوشاشماي قانات يايدۇرۇپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بارلىق بۇزغۇنچىلىق قەستىنى قەتئىي تارمار قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈشىمىز لازىم.

### 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىر ۋە تەكلىپ

(1) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تۈپتىن تۈزەشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس بۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي - قانۇن، ئىدېئولوگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈستقۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدۇ،

ئۇستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسقا نىسبەتەن پاتالىيەتچان ئەكس تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرىشىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، زەربە بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ۋاقتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، تۈپتىن تۈزەشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. تۈپتىن تۈزەشنى تۇتمىغاندا، كۆزدە تۇرىغاندەك بولۇپ يىلتىزىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. مۇۋاپىق ھاۋا ۋە تۇپراققا يولۇققاندا يەنە ئۈسۈپ چىقىدۇ، ھەتتا بىرىدىن بىرى تېمەن بولىدۇ. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان بىز تۈپتىن تۈزەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدۇق، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دېھقانلارغا قارىتىلغان تەشۋىقات، تەربىيە يەنىلا ئاجىز بولدى. يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى سوتسىيالىزم ئىگەللىمىسە، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىرى جەزمەن ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن بەزى ئامىمىنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماسلىق، ھەتتا جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش، كادىر، ساقچىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، ھاقارەت قىلىش پاكىتلىرى «ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم ـ تەربىيىدە» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خوتەن ۋىلايىتىدىكى بەزى دېھقانلار: «خىزمەت ئەترىتىنىڭ تەشۋىق تەربىيىسى باھار شامىلىدەك بىرلا گۈكىرەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاخۇنلارنىڭ قىرائىتى ئوچاقتىكى ئوتتەك كۈنىگە نەچچە قېتىم يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىزنىڭ تەشۋىق، تەربىيىمىز ۋاقىت جەھەتتە بولسۇن، ياكى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بولسۇن دىگەندەك چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. شۇڭا، تەشۋىق، تەربىيە، ئىدېئولوگىيە ساھەسى جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، ئۇنى جەزمەن ئۇزاققىچە بوشاشماي تۇتۇش لازىم.

(2) ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ، جانلىق، خىلمۇخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاممىغا تەشۋىق - تەربىيە بېرىشى كېرەك. مەركەزلىك تۈزەشتە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بىزدىكى تەشۋىق - تەربىيەدە، بىرىنچىدىن، مەۋقەنى ھەقىقىي تۇردە يېزىلارغا ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقانلار ئاممىسىغا قويۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، تەشۋىقات شەكلى، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مىڭىگە كىرىدىغان، قۇلاققا، كۆڭۈلگە ياقىدىغان قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، تەشۋىق تەربىيەدىكى ماددىي خىراجەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش، يېزىلاردىكى تەشۋىقات مۇئەسسەسىلىرى كونا، قالاق بولۇش، خىراجەت ئېغىر ھالدا قىس بولۇش ئەھۋاللىرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش كېرەك. خىزمەت ئەترەتلىرىدىكى يولداشلارنىڭ بىزگە ئىنكاس قىلىشىچە، بىزنىڭ رادىئو ئىستانسىلىرىمىزنىڭ كۈچى ئاجىز، چاستوتىسى تۆۋەن، قاپلاش دائىرىسى كىچىك ئىكەن، دېھقانلار قوبۇل قىلىپ ئاڭلىيالمايدىكەن ياكى ئېنىق ئاڭلىيالمايدىكەن، چېگرا سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، رادىئونى ئاچسىلا ئېنىق ئاڭلىنىدىكەن، بۇمۇ بىزنىڭ ئىجابىي تەشۋىقاتىمىزنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرىۋاتقان سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە.

(3) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشۋىقات، مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ قوشۇننىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئاممىغا ياقىدىغان، تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ساغلام، ئامما ياقتۇرىدىغان تۈرلۈك مەدەنىيەت، سەنئەت نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىشلىشى كېرەك. مەسىلەن، «ئەڭ ئاخىرقى كۆل» دېگەن كىنو يېزىلاردا ناھايىتى ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. ئىجابىي تەشۋىق تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسىنى توسۇش، مەنىۋى «ئەخلەت» لەرنى تازىلاش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز پاكلاشتۇرۇش لازىم.

(4) دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىنىڭ تەسىرىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش خىزمىتىنى پائال ئوبدان ئىشلەش كېرەك. دىن بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش جەريانىغا ئىگە، ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى بۇيرۇق قىلىپ مەجبۇرلاش ئۇسۇلى بىلەن چەكلەشكە بولمايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇش كېرەككى، دىنىنىڭ ئۆزى پەنگە قارشى، ئىدېئالىستىك نەرسە، دىن ئۇزاق مۇددەتلىك، ئاممىۋىلىق، مىللىيلىق، خەلقئارالىق ۋە مۇرەككەپلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قالاقلىق، ئالدامچىلىق، فېئودالىق خۇسۇسىيىتىمۇ بار. شۇڭا، دىننى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتە، دىنىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن - پەرمانلار ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى شەرتلىكىنى تەكىتلەش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەم ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداش لازىم. دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا مەۋجۇت بولۇۋاتقان باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاش، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش، دىن ئەسەبىيلىرى يېزىلاردا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا ئوخشاش گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كۆندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا دىن ئېتىقادىنى سوتسىيالىستىك خىزمىتىنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىشى، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بولغان خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

(5) ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەر ئاستى دىن ئۆگىنىشكە، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشكە

قاتناشقانلارنىڭ تولىسى ياش ـ ئۆسمۈرلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق گورۇھىنىڭ تايانچلىرىمۇ ئاساسەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەكسىيەتچىل ئىدىيە تەشۋىقاتى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى چىرىتكەنلىكى ۋە زەھەرلىگەنلىكىدىن باشقا، بىزنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز، يېزىلاردا مەكتەپ ياتاقلىرىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقى، ئوقۇتقۇچىلار كۈچىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر سەۋەب. خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ يېزىلاردىكى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھەر يىلى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 28—30 پرسەنتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقالمايدىكەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تولۇق ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوملارغا چىقالمايدىكەن. بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئاران 60 پرسەنتكە يېتىدىكەن. بۇنداق زور بىر تۈركۈم ياش ـ ئۆسمۈرلەر دەل دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش شەكىللىنىدىغان ھالقىلىق پەيتتە تۇرغان بولىدۇ، بۇ بىر قىسىم كىشىلەرگە بولغان تەربىيىنى مەكتەپ باشقۇرمىسا، پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتىمۇ ئوبدان باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، بۇ ھال مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنى يېتەرلىك تونۇشىمىز لازىم. يېزىلاردىكى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى ياشلار خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات، مائارىپ، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ھەرقايسى جەھەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرلىكتە باشقۇرۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى چىرىتىشى، ئۆزىگە تارتىشىغا قاتتىق زەربە بەرگەندىلا ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(6) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى لازىم. «سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل». شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پارتىيىلىك كادىرلار شۇنى تولۇق تونۇشى كېرەككى، نۆۋەتتىكى خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» قەستىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىچكى، تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەت تېخىمۇ زور، ۋەزىپە تېخىمۇ مۇشكۇل، ۋەزىيەتنىڭ بىزگە قويغان تەلىپىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولمىساق بولمايدۇ. «پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇشى، ئاڭلىق ھالدا ماركسىزملىق ئاتېئىزم قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى، دىنغا ئىشەنمەسلىكى، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىقى لازىم. چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە ئىزچىل تۇردە تونۇشتا مۇجمەل بولماسلىقى، پوزىتسىيىسى مۇجمەل بولماسلىقى، ھەرىكەتتە تەۋرەنمەسلىكى، ئىزچىل تۇردە بايرىقى ئىنتايىن روشەن بولۇشى، مەيدانى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇشى لازىم.» مۇشۇنداق بولغاندا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ۋە ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشى ئىشەنچلىك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېپيېڭى ۋەزىيەت جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ.

# شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئو- لوگىيە ساھەسىدىكى تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى چى جېنتىڭ

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇزاق داۋام قىلىپ كەلدى، ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ئىزچىل توختىمىدى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈپ تەشكىللەندى، جاھانگىرلىكنىڭ قول تىقىشى ۋە مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ جىددىي ۋەزىيىتى كۈچىيىپ، مىللەت مەسىلىسى، دىن مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيادىكى داۋالغۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. نەۋۋەتتە، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى «قەلەم»، «ئەلەم» ئىككى سەپتىن بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ جىددىي ئۆرلەش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئىپادىسى ۋە تەسىرىنى تەتقىق قىلىمەن ھەمدە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بەزى تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى ئۈستىدە ئەسلىمە

18- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 19- ئەسىردىن بۇيان، يېقىنقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ «مىللەت»، «دۆلەت» كۆزقارىشى شىنجاڭدا ئاز - تولا بىخلاندى، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى گەرچە بىرقەدەر روشەن بولغان ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىدى تەدرىجىي ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن «مىللىي مۇستەقىللىق»، «مۇستەقىل دۆلەت»نى ئاساسىي بەلگە قىلغان بۆلگۈنچىلىك سىياسىي تەشەببۇسى تېخى ئاخىرقى ھېسابتا روشەن بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي زاۋالغا يۈز تۇتۇشى ۋە يېقىنقى زامان مۇستەملىكىچىلىكى، تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بارغانسېرى تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ قورالى ۋە قول چوماقچىغا ئايلىنىپ قالدى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تەسىرىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، شىنجاڭدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۆزگىچە خاس مىللىي دىن ھالىتى تەدرىجىي مۇقىملاشتى، تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەر ۋە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر «مىللەت» ۋە «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بەردى.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش ۋەھشىي دولقۇنىنى قوزغىدى، چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى، ئۇلار غالجىرلارچە شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ ۋە ئۇنى تالان - تاراج قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭنى يېرىم مۇستەملىكە گىرداۋىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

تاشقى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا ئىدىيە ـ مەدەنىيەت جەھەتتە تاجاۋۇز قىلىش ۋە سىڭىپ كىرىشتە قوللانغان ئاساسىي ۋاستىسى ئەكسىيەتچىل پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمنى تارقىتىش بولدى. ئۇنى تارقىتىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولدى: (1) مەكتەپ ئېچىش. يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمنى سىڭدۈردى. تۈركىيىلىك ئەھمەد كامال جەنۇبىي شىنجاڭدا مەكتەپنى بازا قىلىپ، پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزمنى تارقاتتى. ئۇ تارقاتقان سىياسىي ئىدىيىلەر جۇڭگونىڭ دۆلەت زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭ ياشلىرىنى ئۆزىنىڭ دۆلىتى ۋە مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى، نۇرغۇنلىغان ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلىدى. مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدا مەكتەپ ئېچىش مەزگىلىدە، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوچۇقتىن ئوچۇق «بىزنىڭ ئەجدادىمىز تۈرك، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز تۈركىيە» دەپ تەرغىپ قىلدى. (2) دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزمنى تارقىتىش. چەت ئەللىكلەر دىن تارقىتىش، تەپسىر ئېيتىشنى باھانە قىلىپ، ھەجگە بارغان ۋە مەسچىتتە ناماز ئوقۇغان مۇسۇلمانلارغا تەشۋىق قىلدى. (3) ژورنال قاتارلىق تەشۋىقات بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭ پەيدا قىلىش.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بار بەزى زىيالىيلار پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان ھەمدە تەدرىجى ھالدا شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي بۆلگۈنچىلىك سىياسىي پروگراممىسى — «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭ «مۇستەقىللىقى»نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي

تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېنىق ئىدىيىۋى نەزەرىيە يېتەكچىلىكى بولغان يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىشكە باشلىدى. مۇشۇ يېتەكچىلىكى ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى ئەكسىيەتچىل ئىنتايىن كۈچلۈك رېئال بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ بولۇپ مەملىكەت ئىچى، سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن يەنىمۇ قوشۇلۇپ كېتىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى.

مۇشۇ باسقۇچتا، مەسئۇد، ساۋۇت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەخسۇس ياكى ئاساسلىق شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم تايانچ ئۇنسۇرلار ۋە جامائەت پىكرى بازىلىرى مەيدانغا كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەردە ئۆمرى قىسقا بولغان ئىككى مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى. 40- يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچى ئېلىخان تۆرىنىڭ بىۋاستە تىزگىنلىشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ۋىۋىسكا ئاشكارا چىقىرىلدى ھەمدە مىللىي ئۆچمەنلىك - قىرغىنچىلىق ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. مەسئۇد ۋەكىللىكىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر يەنە گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تايىنىپ شىنجاڭنى بۆلۈنۈپ چىقىش تويۇق يولىغا باشلىماقچى بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى توختىتىپ باقمىدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى؛ پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقى»نى داۋاملىق تەرغىپ قىلدى؛ ئۈزلۈكسىز مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىپ،

قوسۇر تېپىپ ۋەقە تۇغدۇردى؛ كۆپلەپ ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇپ، قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى؛ تاشقى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوماندانلىق قىلىشى، كۈشكۈرتىشى بىلەن، چېگرا ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك توپىلاڭ ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈپ، مەملىكەت ئىچى، سىرتىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

## 2. بۈگۈنكى دۇنيادىكى مىللەتچىلىكنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى

ئىككى قۇتۇپ تۈزۈلمىسى ئاياقلاشقاندىن بۇيان، دۇنياۋى خاراكتېرلىك مىللەتچىلىك دولقۇنى مەيدانغا كېلىپ، مىللىي توقۇنۇش ۋە دىنىي ماجىرالار كۈندىن كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خەلقئارا تەرتىپكە نىسبەتەن غايەت زور سوققا ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. مىللىي، دىنىي زىددىيەتلەر تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت دۇنياۋى ئېقىمغا زىت بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى تىنچسىزلىق ئامىلىنى كۆپەيتىۋەتتى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە دەخلى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ غەربتىكى بەزى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، زوراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشىغا باھانە تېپىپ بەردى. بۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك مىللەتچىلىك دولقۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش بىلەن باشلىنىپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپانىڭ تۇتاشقان قىسمىنى مەركەز قىلىپ، جۈملىدىن ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا، بالقان، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىن تارتىپ ئافرىقىغىچە مىللەتچىلىك يەر تەۋرەش بەلبېغىنى

شەكىللەندۈرۈپ، قوراللىق توقۇنۇش ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى داۋالغۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالدى، دۆلەتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا نۇرغۇن تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئاساسلىقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا رايونىدا يۈز بەرگەن بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇشنى بەلگە قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك.

ھازىرقى زاماندىكى مىللەتچىلىك ئاساسلىقى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە بىر ياكى بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەت شۇ دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىشقا تىرىشىش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش ياكى باشقا قوشنا دۆلەتتىكى ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن بىرلىشىش ھەرىكىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق مىللەتچىلىك 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش بىلەن باشلىنىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا سىستېمىسىدىكى ھەربىر بۆلۈك پۇشقاقنى قاپلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى 15 كە، يۇگوسلاۋىيە بەشكە، چېخىسلاۋاكىيە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنداق «ئاتوملار پارچىلىنىشى» نىڭ قالدۇق دولقۇنى تا بۈگۈنگىچە توختىمىدى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كەينى كەينىدىن مۇستەقىل بولۇشى تېخىمۇ كىچىك مىللىي ئاپتونوم ئورۇندىكى ئاز سانلىق مىللەت بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە ئىلھام بولۇپ، ئۇلارمۇ كەينى - كەينىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشتى. بولۇپمۇ يۇگوسلاۋىيە رايونىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ بولماقتا. 1998- يىل 2- ئايدىن بۇيان، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ كوسوۋو ئۆلكىسىدىكى ئالبان بۆلگۈنچى كۈچلىرى قەبىھ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىپ، «كوسوۋو جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى

ئىشىغا ئارىلاشقانلىقتىن، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى مىسلىسىز ئېغىر بالايى - ئاپەتكە گىرىپتار بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا رايونىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى 2000 دىن ئارتۇق مىللەتنىڭ خېلى بىر قىسمىدا بۆلۈنۈش خاھىشى بار، ھازىر يەنىلا مۇستەقىللىق ۋە ئاپتونومىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان نۇقتىلىق رايونلار ئاساسلىقى: ئەنگلىيىدىكى شىمالىي ئىرلانلار، سىرىلانكىدىكى ئىلام قەيسەر يولۋاس تەشكىلاتى، ئىسپانىيىدىكى باسكلار، كانادادىكى كوبېكلار، فرانسىيىدىكى كورسىكالار، ھىندىستاندىكى بۇنجابلار، ھىندونېزىيىدىكى شەرقىي تېمور قاتارلىقلار.

2) مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ھەمدە ئىران، سۇدان ۋەكىللىكىدىكى ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى ۋە دىن مىللەتچىلىكى.

دىن مىللەتچىلىكى ئورتاق دىن قارىشىنى ئىدىيىۋى يادرو، ئورتاق دىنىي ئېتىقادنى ئالاقە بەلبىغى، ئوخشاش بىر دىن مۇرىتلىرىنى ئاۋام ئاساسى قىلغان، ئۇ مىللىي دۆلەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن. بۇنداق مىللەتچىلىك سىياسىي بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، غايەت زور كۈچ ھاسىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ رولى ھامان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە بولىدۇ. نۆۋەتتە، دىن مىللەتچىلىكىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى تەرەققىياتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيمەكتە. ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى «قۇرئان»نى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى زامان مىللىي دۆلەتلەردە ئىسلام ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت ئەھۋاللار بار، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى چەكلىك، بىردە خۇدالا مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى دۆلەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى دىنىي نىقاپ قىلىپ، ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىگە ئۇيغۇن بولمىغان بارلىق ئىدىيىلەرگە قارىتا «غازات» قىلىشنى، «ئىسلام ئىنقىلابى»نى چەتكە چىقىرىپ، «ئېزىلىۋاتقان» مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىشنى جاكارلاپ، كۈرەشنىڭ تىغ

ئۈچىنى ھازىرقى ھاكىمىيەتكە قاراتتى. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بىدئەتچىلىك بىلەن ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەۋجۇت، بولۇپمۇ بىدئەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان دۆلەتلەردە، مەسىلەن، مىسىر، ئالجىرىيە، سۈرىيە، ئافغانىستانلاردا ھەتتا كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇشقا ئايلاندى. پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايلاردا قان تۆكۈلۈش ۋە زوراۋانلىق تولۇپ تاشتى، ئۇ شۇ دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىكى جىددىي ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، خەلقئارا مالىمانچىلىقنىڭ يېڭى مەنبەسى بولۇپ قالدى.

3) شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزم، چوڭ قازاقچىلىق، چوڭ روسچىلىق، چوڭ ۋېنگىرچىلىق، چوڭ ئۆزبەكچىلىك، چوڭ مۇڭغۇلچىلىق، پان سومالىچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پان مىللەتچىلىك.

پان مىللەتچىلىكنىڭ ئىككى خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بار: بىرى ئەسلى بىر دۆلەتتە ياشىغان، كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن مىللەت ئەسلىدىكى ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش؛ يەنە بىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە چېچىلىپ كەتكەن ئوخشاش بىر مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇشقا ياكى ئۆز مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مىللىي دۆلەتكە قايتىشقا ئىنتىلىش.

پان ئىسلامىزم بىلەن پان تۈركىزم — بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىم. پان ئىسلامىزمنىڭ ئاساسچىسى سەيد جامالىددىن ئافغانى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغان، ئافغانىستان، ئىران، فرانسىيە بېقىندىلىقىدىكى ئافرىقا ۋە روسىيىدىكى مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ھازىرقى باسقۇچتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ئىسلام دىنىنى قورال قىلىپ سىڭىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك ئۇرۇنۇشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. پان تۈركىزم ئاتالمىش «تۈرك

مىللىتى ئەلاچىلىقى»نى جىنىنىڭ بارىچە تەرغىپ قىلىپ، تۈرك مىللەتلىرىنىڭ «تىل، ھەرىكەت ۋە ئىدىيە بىرلىكى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئورتاق ئىسلام دىنى ۋە تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ، بوسپور بوغىزىدىن ئالتايغىچە بولغان تۈركى مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنۋاتىدۇ. 90- يىللاردىن بۇيان، تۈركىيىدىكى پان تۈركىزمچىلار «21- ئەسىر تۈرۈكلەر ئەسىرى بولغۇسى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پان تۈركىزمنى ئەۋج ئالدۇردى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل مىللەتچىلىكنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ئېغىر بولدى. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت، شىنجاڭ يەنە كېلىپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايون، ئوخشاش مىللەتلەر دۆلەت ئاتلاپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك. قوشنا دۆلەتلەردىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، دىنىي ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى ئوخشاش جايلىرى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىشى ۋە «ئىسلام ئىنقىلابى»نىڭ داۋاملىق سىرتقا چىقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە غايەت زور تەسىر پەيدا بولدى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا نىسبەتەنمۇ رېئال خەۋپ بولۇپ قالدى.

تارىختىن قارىغاندا، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىمىز خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنى كەڭ تارالغان جاي بولغان، زامانىمىزدىكى ئىسلامچىلىقنىڭ تىپىك شوئارى «شەرقمۇ، غەربمۇ كېرەك ئەمەس، ئىسلاملا كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت، ئۇنىڭ دىن سىڭىشچانلىقى، باشقىلارنى چەتكە قېقىشچانلىقى ۋە سىياسىيلىق خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك. شىنجاڭنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى بەلگىلىگەنلىكتىن، زامانىمىزدىكى ئىسلامچىلىقنى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلاردىن ئەسەبىيلىكنى

كۆچەپ قۇترىتىپ، ئىسلام ئۈچۈن «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، «دىنسىز» لارنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە «ئىسلام ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى»نى يېتىشتۈرۈشنى دەستەك قىلىپ، بىز بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالاشتى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلدى. خەلقئارادىكى پان ئىسلامىزىم تەشكىلاتىمۇ «ئىسلام ئىنقىلابى»نى جۇڭگوغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ كەلدى، ئۇلار شىنجاڭدىن ھەجگە بارغان ئەمەلدارلارغا: «ئافغانىستاندا يۈز بەرگەن ئىشلار شىنجاڭدىمۇ يۈز بېرىشى كېرەك» دېگەن. شۇڭا، بىز پان ئىسلامىزىمنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا بولغان خەۋپىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بالايى ئاپەتنى شەرققە يۆتكەپ، ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىزنى پارچىلاش، تىزگىنلەش ياۋۇز نىيىتىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ھۇشيار بولۇشىمىز لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلھاملىنىپ، قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇشتى، ئۇلار گويا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈمىدىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولدى، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى» دېيىشتى. ئۇلار شىزاڭدىكى دالاي گۇرۇھى، تەيۋەندىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالاقە باغلاپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ، بىر تەرەپتىن، تەشۋىقات - ئىدىيە جەھەتتە بۆلگۈنچىلىك، «مۇستەقىللىق» جامائەت پىكرىنى ھەدەپ پەيدا قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسى، شىزاڭ مەسىلىسى، تەيۋەن مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بىر قاتار زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، چېگرا سىرتىدىكى كېڭەيمىچى كۈچلەر پان تۈركىزىم پىكىر ئېقىمىنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «بۈيۈك تۈرك ئىتتىپاقى» شېرىن چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشتى. تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئاشكارا ياكى ئاستىرتتىن قوللاپ، شۇ دۆلەتلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى «مۇستەقىللىق» ھەرىكىتىنى قانۇنىيلاشتۇردى.

**3. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىشتە شىنجاڭنى ئىستراتېگىيىلىك بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا مەدەت بەردى، قوماندانلىق قىلدى.**

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دۇنيا زومىگەرى مەيدانىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىماي، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇلار جۇڭگوغا قارىتا غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللاپ، تىزگىنلەپ دۆلىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشى ئۇلارنىڭ ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن ۋاستىسى.

90- يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكا شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى. 1993- يىل 10- ئايدا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كىلىنتون ئەركىننى يوشۇرۇن قوبۇل قىلىپ (ئۇ ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى، شىنجاڭدىكى مىللىي

بۆلگۈنچىلەرنىڭ كونا كاتىپبىشى ئەيسانىڭ ئوغلى. ئەسكەرتىش: ئەيسا ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن، كېيىن تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقان، 1997- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، بىر ئۆمۈر مىللىي بۆلگۈنچىلىك جىنايى قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغان) بۇنىڭدىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسى» گە (ئەسكەرتىش: شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىغا) تولۇق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى قاتارلىق سىياسى ساھەدىكى مۇھىم كىشىلەر ئامېرىكىغا بېرىپ ھەرىكەت قىلغان شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلغان ھەمدە شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ئامېرىكىدا ھەرىكەت قىلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە يول كۆرسەتكەن.

ئامېرىكا شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلىرىنى سىياسىي جەھەتتە قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا ئاستىرتتىن مەدەت بەردى. 1997- يىلى ئامېرىكا، تۈركىيە ئاخبارات ئورگانلىرى بىرلىشىپ شىنجاڭغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن كىچىك ئەترەت ئەۋەتىپ، چېگرا ئىچىدە مەخسۇس پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرماقچى بولغان، كېيىن سۈيىقەست ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقتىن، بۇ پىلانى ئىشقا ئاشمىدى. ئامېرىكا يەنە پاكىستاندىكى دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنى قورallıق تەربىيىلىشىنى قوللىغان، پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنى چەكلەش ھەرىكىتىگە قارىتا بېسىم ئىشلەتكەن. ئافغانىستاندىكى قوراللىق تەربىيىلەش بازىسىدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنى تەربىيىلىگەن. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىچىدىكى ئۆچىغا چىققان ئۇنسۇرلارنى

قانلىق يول ئېچىشنى، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدىغان كۈرەش ئارقىلىق «بۆسۈش ئېغىزى» ئېچىشقا كۈشكۈرتكەن.

ئامېرىكا بالايى ئاپەتنى شەرققە يۆتكىمەكچى بولۇپ، خەلقئارا ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى كۈچلىرىنىڭ ۋە كەسپىي ئىسلام «ئىستراتېگىيە تەلۋىلىرى» نىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، شىنجاڭدا يەنە بىر «بوسنىيە — گېرتسېگوۋىنا» چە ئۇرۇش مەيدانى ئاچماقچى بولدى. 1995- يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ۋاشىنگىتوندا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق مەركىزى» قۇرۇلدى ھەمدە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئامېرىكىغا تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستانى، شىۋېتسارىيە، گوللاندىيە، روسىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتىپباشلىرى ۋە تايانچ ئۇنسۇرلىرى كۆپلەپ ئامېرىكىغا بېرىپ ھەرىكەت قىلىپ، قوللاشقا ئېرىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» نى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋاشىنگىتوندا «تەكلىماكان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» قۇردى، بۇ تەشكىلات ئاساسلىقى «كىشىلىك ھوقۇق» نى قورال قىلىپ، جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى» گە ئەھمىيەت بېرىشىگە تۈرتكە بولىۋاتىدۇ.

1997- يىل 2- ئاينىڭ 5- كۈنى شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىدە بولغان ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى (قىسقارتىپ «5- فېۋرال» ۋەقەسى دېيىلىدۇ) دىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ باشلىقلىرى چېگرا سىرتىدىكى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتىپباشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك مەدەت ۋە ياردەم بەردى. 6- ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ كاتىپبېشى يۈسۈپ مۇخلىسۇۋ قاتارلىق كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ، سىياسىي، كىشىلىك

ھوقۇق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلاردىن خەلقئارا جەمئىيەت ۋە خەلقئارا قائىدە بويىچە ئېتىراپ قىلىنىدىغان سىياسىي تەشكىلاتنى تېزدىن قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇلارغا بىر قىسىم پائالىيەت خىراجىتى بەردى. 1998- يىل 1- ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسىدا ئۇيغۇرچە خەۋەر بېرىش قارارىنى ماقۇللىدى، 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۇيغۇرچە خەۋەر بېرىش رەسمىي باشلاندى. ئامېرىكا ئاۋازى، ئازادلىق رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، جامائەت پىكرى جەھەتتە مەدەت بەردى. 1998- يىل 5- ئايدا، ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ قوللىشى بىلەن، شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرى ئامېرىكىدا يەنە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» دېگەن يېڭى تەشكىلاتنى قۇردى. 6- ئاينىڭ 16- كۈنى، ئامېرىكا پارلامېنتى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»گە ئائىت گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش يىغىنى چاقىردى، شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرى يىغىندا جۇڭگوغا قارشى سۆز سۆزلىدى. 7- ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكىنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى ئەمەلدارىنىڭ قوللىشى بىلەن، شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك كاتىپبېشى يۈسۈپ مۇخلىسوۋ ياۋروپادا ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر: شىنجاڭنىڭ روسىيىدىكى چېچىنىيە بىلەن بەزى «ئورتاق جايلىرى» بار، دىندىن خالىي سىياسەتتىن پايدىلانغانغا قارىغاندا دىن ئەسەبىيلىكىنى قوزغىتىش بىلەن مەقسەتكە تېخىمۇ ئاسان يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان؛ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ تولىسى ئىسلام دۆلەتلىرى، جۇغراپىيە ۋە دىن ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش ناھايىتى ئاسان، دەپ ھېسابلىغان؛ جۇڭگو بىلەن قوشنا ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ، بىر چالمىدا كۆپ پاختەك سوقۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئامېرىكىنىڭ سىڭىپ كىرىش لايىھىسىنى يولغا قويۇشتىكى تاكتىكىسى مۇنداق: (1) شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولغان

قازاقىستان، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ھەرىكىتى»نى قوللايدىغان بازا قۇرۇپ، ئاسىيلارنى تەربىيىلەش ھەمدە ماددىي جەھەتتە ئۇلارغا مەدەت بېرىش؛ (2) ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا سىڭىپ كىرىشىگە ئىلھام بېرىپ، دىن ئەسەبىيلىكىنى قوتراتتىش؛ (3) جۇڭگونىڭ بېيجىڭ ياكى باشقا مۇھىم شەھەرلىرىدە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت قوزغاپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا جىددىي كەيپىيات تۇغدۇرۇش؛ (4) شىنجاڭدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيدىغان قىسمەن ئاممىنىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىشىنى قوللاپ، يۇگوسلاۋىيىدىكى كوسوۋو رايونىدىكىگە ئوخشاش، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى كېڭەيتىش ۋە خەلقئارالاشتۇرۇش؛ (5) جامائەت پىكرى ئۇيۇشتۇرۇپ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى كېڭەيتىپ تەشۋىق قىلىپ، كۆز بوياMچىلىق قىلىپ، خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلىپ، جۇڭگودىكى شىنجاڭغا بىۋاسىتە قول تىقىپ ئايرىلىش مەقسىدىگە يېتىش.

تۈركىيە — چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي ھەرىكەت مەركىزى، ئۇنىڭ ئاخبارات ئاپپاراتى بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوللايدۇ، ھەمدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ مەخسۇس «شەرقىي تۈركىستان بۆلۈمى» قۇردى، بىر يىللىق خىراجىتى بىر مىليون 800 مىڭ ماركقا يېتىدۇ، شۇنداقلا تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇپ، شىنجاڭلىق زوراۋان - تېررورچىلارنى تەربىيىلىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلدى، بەزى ئەمەلدارلار شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگوغا قارشى ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 1998- يىل 11- ئاينىڭ 14- كۈنى تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى ئەجەت ئەنجان شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرى ئۇيۇشتۇرغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، 12-

ئاينىڭ 12- كۈنى، چېگرا سىرتىدىكى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرى ئەنقەرەدە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، ئەخەت قاتارلىق سىياسىي ساھە زاتلىرى يەنە ئۇنى تەبرىكلىدى. تۈركىيە گۈللەندۈرۈش پارتىيىسى، مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسى، بۈيۈك ئىتتىپاق پارتىيىسى، مىللەت پارتىيىسى، ئىستامبول تۈرۈكلەر ئائىلىسى قاتارلىق پارتىيىلەر، تەشكىلاتلار ۋە بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەم پارلامېنت ئەزالىرى سۆھبەت ئېلان قىلىپ شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قوللىدى، بەزى كىشىلەر يەنە شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنىڭ تۈركىيىدىكى جۇڭگوغا قارشى نامايىشىغا پائال قاتناشتى.

1999- يىل 2- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۆلىتىمىزنىڭ ئامېرىكا، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاتالمىش ئىلى «5- فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇتراتتى.

ئەتراپتىكى بەزى دۆلەتلەر گەرچە شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنى بىر ئاز چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەنپەئەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ياكى بىز بىلەن سودىلىشىشتىكى مۇھىم شەرت سۈپىتىدە ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىزگە سىڭىپ كىرىشىگە سۈكۈت قىلدى، يول قويدى ھەتتا ئاستىرىتتىن مەدەت بەردى ھەمدە ئۇلارغا تايانچلارنى تەربىيىلەپ بەردى، ئۇلارنى قانۇنىي سورۇن، خىراجەت ۋە قورال - ياراق، ئوق - دورا بىلەن تەمىن ئەتتى، خادىملارنى تاللاپ ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ تەربىيە بازىسىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى، بۇ ھال مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. پاكىستان ۋە ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىدىكى تەربىيىلەش نۇقتىلىرى

شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى زوراۋان - تېررورچىلىرنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم لاگېر بولۇپ قالدى. خەلقئارادىكى داڭلىق تېررورچى ئوساما بىن رادىن ئافغانىستاننىڭ شەرقىدىكى تالىبانلار كونترول قىلىپ تۇرغان رايوندا تەربىيىلەش بازىسى قۇرغان، نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر «جەڭگىۋار ئەترەت ئەزاسى» شۇ جايدا تەربىيىلەنگەن. قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بازىلار بار.

## 4. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز جىددىيلەشتى

90- يىللاردىن بۇيان، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئامېرىكىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنى ئارقا تېرەك قىلغان، ئەتراپتىكى تەربىيىلەش بازىلىرىنى ئالدىنقى سەپ قىلغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى.

1) چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، جىددىي تىل بىرىكتۈرۈپ ۋە بىرلىشىپ، ماسلىشىپ ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئىگىلىشىمىزچە، شىنجاڭغا قارىتىلغان چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار 30 دىن ئارتۇق، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئامېرىكا، گېرمانىيىلەرگە جايلاشقان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1998- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە ۋە 6- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، ئىستامبولدا «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش يىغىنى ۋە يۇقىرى چوققا يىغىنىنى چاقىرىپ، بەش بىرلىككە كەلگەن، يەنى، بىرلىككە كەلگەن شۇئار — «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن بىر دۆلەت؛

بىرلىككە كەلگەن خىتابنامە — شەرقىي تۈركىستاندىن خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش؛ بىرلىككە كەلگەن دىن — ئىسلام دىنى؛ بىرلىككە كەلگەن بايراق — كۆك رەڭلىك ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق؛ بىرلىككە كەلگەن پروگرامما — 2000- يىلى مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1998- يىل 12- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تۈركىيىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرى قۇرۇلتىيى»نى چاقىرىپ، سەرگەردان ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرى مەركىزى»نى قۇرۇپ، ئىچكى مۇناسىۋەتنى پائال تەڭشەپ، تىل بىرىكتۈرۈش ۋە بىرلىششنى كۈچەيتىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

2) كۈرەش تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، «بوسۇش ئېغىزى» تېپىپ، يېقىنقى مەزگىلدىكى ئاساسلىق ھەرىكەت نىشانىنى بەلگىلىدى. كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچى يۈسۈپ مۇخلىسوۋ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش ئۇسۇلى ۋە ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندا: «مەن نەچچە ئون يىللىق كۈرەش داۋامىدا، باشقا ئاجىز ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندىم، ئۆزىمىزنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلدىم، يىغىپ ئېيتقاندا: ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىش، ئەلەم بىلەن قەلەمنى تەڭ ئىشلىتىش؛ سىرتتىن ياردەم ئىزدەش، چوڭ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇش؛ ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، پۇرسەت كۈتۈش؛ بوسۇش ئېغىزىنى توغرا تېپىپ، ئاخىرىغىچە قانلىق جەڭ قىلىش لازىم» دېگەن. مانا بۇ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ كۈرەش تاكتىكىسى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا: (1) سىياسىي يۆلەنچۈك تېپىپ، ئامېرىكا، ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنى چوڭ مۇھىتىغا كىرگۈزۈپ ئويلىنىش، غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ بىزگە بېسىم قىلىشنى تەكىتلەش. (2) تەرتىپ بويىچە تەدرىجى ئىلگىرىلەشنى تەكىتلەش، يېقىنقى مەزگىلدىكى نىشان؛ — «شەرقىي تۈركىستان»دا يۈكسەك ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. (3)

يېزىدىكى ئىچكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇش. (4) دىندىن پايدىلىنىپ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى تىزگىنلەش. (5) «ئەلەمنى ئاساس، قەلەمنى قوشۇمچە قىلىپ» زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتەك كۈرەش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش. (6) ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ، چېگرا ئىچىگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدا قوماندانلىق قىلىدىغان، چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» — ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تەسىرى بىرقەدەر چوڭ ۋە ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات، ئۇنىڭ كاتىبىشى يۈسۈپ مۇخلىسوۋ كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، بىزگە قارىتا قوراللىق سىڭىپ كىرىش پىلانىنى تۈزگەن، چېگرا ئىچىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان كونكرېت ئوبيېكتلارنى بەلگىلىگەن ھەمدە چېگرا ئىچىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئوغۇرلۇقچە كىرگۈزۈپ، چېگرا ئىچىدە قوراللىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارماقچى بولغان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەلىرى مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان.

3) ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، دىن تەلۋىلىكىنى قۇترىتىپ، غازات قىلىشنى تەرغىپ قىلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدا ئۇيغۇرچە قازاقچە، زاڭزۇچە، مۇڭغۇلچە، ئۆزبەكچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقلاردا جەمئىي 25 خىل ئەكسىيەتچى كىتاب ۋە گېزىت - ژورنال نەشر قىلدى، «غازات» تەشۋىق قىلىنغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىدىغان يۈز خىلدىن ئارتۇق كىتابچە باستۇردى، بەش سۈنئىي ھەمراھ پونكىتى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى قۇردى. نۇرغۇنلىغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلىدى، خەلقئارا ئىنتېرنېتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك خىتابنامىسى قاتارلىق قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلار ۋە ماتېرىياللارنى تارقاتتى. رادىئودا ئاڭلىتىش، پوچتىدىن ئەۋەتىش، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈش قاتارلىق

ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە قارىتا تەشۋىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. سەئۇدى ئەرەبىستانى جىددە رادىئو ئىستانسىسى، تاشكەنت قىرىنداشلار رادىئو ئىستانسىسى بىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇردى، دىنىي مەزمۇن قىلىنغان مۇكاپاتلىق ماقالە توپلاش مۇسابىقىسىنى كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىپ، ھەربىر توغرا جاۋابقا 100 دوللار مۇكاپات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى ئازايماي كۆپىيىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا زور تەسىر يەتكۈزدى.

4) چېگرا ئىچىدىن مىللىي بۆلگۈنچى تايانچى ئۇنسۇرلارنى تاللاپ، چېگرا سىرتىغا ئەۋەتىپ ئەكسىيەتچىل ھەربىي نەزەرىيە، ھەربىي تېخنىكا ۋە ماھارەت تەربىيىسى ئالدۇرۇپ، ئاندىن چېگرا ئىچىگە كىرگۈزۈپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئىگىلىشىمىزچە، شىنجاڭنى كۆزلىگەن زوراۋان - تېررورچىلاردىن 400 دىن ئارتۇقى چېگرا سىرتىدا تەربىيىلەنگەن، 1998- يىلدىن بۇيان بىز چېگرا سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن 50 دىن ئارتۇق زوراۋان تېررورچىنى قولغا ئالدۇق.

5) قوراللىق زوراۋانلىق ھەرىكەتكە جىددىي تەييارلىق قىلىپ، پارتىزانلار ئەترىتى ۋە «مۇساپىرلار لاگېرى» قۇرۇشنى قەستلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر 10—20 مىڭ ئادەمنى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇپ، چېچېنىيە ۋە بوسنىيە - گېرتسگوۋىنا يولىدا ماڭىمىز دەپ جار سېلىپ، جىددىي قورال - ياراغ، ئوق - دورا توپلاپ، مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قوراللاندۇرۇپ، زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

6) بىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمىزنى ۋە جخ ئورگانلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئۆزىگە تارتىش، تۇتۇپ كېتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تۇتۇپ كېتىش پىلانىنى تۈزۈپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى چىقىرىپ، چەت ئەلدە دۆلەت رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ كېتىش،

دۆلەت ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ۋە جخ، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، زىلزىلە پەيدا قىلىپ، «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى» نى قوزغىماقچى بولدى.

## 5. شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولماقتا

1) مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى تېز، پروگراممىسى ۋە نىشانى تېخىمۇ ئېنىق بولدى، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1997ـ يىلدىن 1998ـ يىلغىچە بولغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاش قىلىنغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى 65، ئەكسىيەتچى گورۇھ 174. بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات ۋە گورۇھلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى مۇنداق: بىرىنچى، تەشكىلى چىڭ، ئېنىق سىياسىي پروگراممىسى، تەشكىلىي پرىنسىپى، ئاپپاراتى، قوبۇل قىلىش شەرتى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، خىراجەت توپلاش ئۇسۇلى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت پىلانى بار. ئىككىنچى، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان رايونى بىرقەدەر مەركەزلىك. ئاساسلىقى ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئۈچىنچى، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، مەبلەغ توپلاش، چامباشچىلىق ئۆگىنىش، قورال ـ ياراغ تەييارلاش ۋە پارتلىتىش ئەسۋابلىرىنى ياساشنى بىر گەۋدە قىلغان، ھەممىسىدە دېگىدەك زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى قىلىش مۇددىئاسى ۋە ھەرىكىتى بار. 1998ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى، بىز تەرەپتىن زەربە بېرىلگەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مەلۇم زوراۋانلىق، تېررورلۇق گورۇھى بازا قۇرۇپ پارتلاتقۇچ دورا ۋە بومبا ياساش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى تەپتارتماي چىقىرىپ، تۇتۇشقا بارغان جخ قوراللىق ساقچىلىرىمىز بىلەن

قاتتىق ئېتىشقان. تۆتىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى «غازات» نى ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن قوراللاندۇرۇشتىكى مەنىۋى قورال قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىغا: «ھاياتىڭدا بىرەر قېتىم غازات قىلمىساڭ، ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلانمايسەن»، «كاپىرلاردىن بىرنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر قېتىم ھەج قىلغاندەك بولىسەن»، «ھاياتىڭدا غازات قىلساڭ، ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىسەن» دېگەنگە ئوخشاش ئىنتايىن بىمەنە ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، «غازات» قىلىشقا قۇتراتتى. «ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەنزۇلارنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى قىرىپ تاشلاش» نى چاقىرىق قىلىپ، 2000- يىل كېلىش بىلەن «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى» نى كۈتۈۋېلىشنى خام خىيال قىلدى. بەشىنچى، ئەكسىيەتچى تەشكىلات، گورۇھلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى. 1998- يىلى بىز تەرەپتىن پاش قىلىنغان «ئىسلام پارتىيىسى» نىڭ 79 نەپەر ئەزاسى سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن بولۇپ، 43 ئورۇندا قانۇنسىز ھالدا يەر ئاستى دىن ئۆگىنىش نۇقتىسى ئاچقان. ئالتىنچى، ئەكسىيەتچى تەشكىلات، گورۇھلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بارغانسېرى مۇرەككەپ بولىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەر ئاستى دىن ئۆگىنىش نۇقتىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار، شۇنىڭدەك ئىشچىلار، زىيالىيلار، يەككە تىجارەتچىلەرمۇ بار. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان «روھلۇق تالىپلار، بىلىملىك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پۇللۇق يەككە تىجارەتچىلەردىن تەركىب تاپقان بىرلىكسەپ قۇرۇش» شەكىللەنگەن.

2) ئېغىر زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىزگە قارىتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئاساسىي ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى، زوراۋانلىق ھەرىكەت ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ خەلقئارادىكى نامىنى ئۆستۈرمەكچى بولدى. بىرىنچىدىن، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئوت

قويۇش، ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. 1997- يىلى غۇلجا شەھىرىدە بولغان «5- فېۋرال» ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى «25- فېۋرال» ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى ئەڭ تىپىك ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى بولۇپ، قەستەن تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىنغان. 1998- يىل 2- ئايدىن 5- ئايغىچە، زوراۋانلىق، تېررورلۇق گورۇھى قاغىلىق ناھىيىسىدە ئۇدا 15 قېتىم پارتلىتىش دېلوسى پەيدا قىلدى. 1998- يىل 1- ئاي بىلەن 2- ئاي ئارىلىقىدا، قەشقەردە ئۇدا 23 قېتىم زەھەرلەش دېلوسى يۈز بەردى. 1998- يىل 5- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە، زوراۋان تېررورچىلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇدا 15 قېتىم ئوت قويۇش دېلوسى پەيدا قىلدى. ئىككىنچىدىن، قوراللىق قارشىلىق قىلدى. 1998- يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە زوراۋان تېررورچىلار بىر بىلەن قوراللىق قارشىلىشىپ، ئالتە قېتىم كەسكىن ئېتىشتى؛ 1999- يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە زوراۋان، تېررورلۇق گورۇھى بىزنىڭ جخ ساقچىلىرىمىز بىلەن كەسكىن ئېتىشتى. ئۈچىنچىدىن، زور بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نۇقتىلىق نىشانلارنى پارتلاتتى. تۆتىنچىدىن، ۋەھشىيلەرچە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. بەشىنچىدىن، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، خەنزۇلار ئاممىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆچمەنلىك بىلەن بۇلىدى؛ ھەتتا خەنزۇلار ئاممىسىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھالدا پاجىئەلىك ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ ئاممىسىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى.

3) پائال تۈردە قورال - ياراغ، ئوق - دورا توپلاپ، پارتلىتىش ئەسۋابلىرىنى ياسىدى، يەر ئاستى ماكانلارنى قۇرۇپ، زوراۋان، تېررورچىلارنى يوشۇرۇن تەربىيىلىدى. بىرىنچى، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر قورال - ياراغلارنى پائال كۈچەيتىپ، قوراللىق كۈرەش قىلىشنى قەستلىدى. چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، چېگرا سىرتىدىن تەشكىللىك ھالدا ئوغرىلىقچە قورال - ياراغ، ئوق - دورا توشىدى. گەرچە بىز زور بىر تۈركۈم قورال - ياراغ،

ئوق - دورىلارنى قولغا چۈشۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن خېلى ساندىكى ئۆزگەرتىلگەن قوراللار يەنىلا دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا. ئىككىنچى، زوراۋان، تېررورچىلارنىڭ ماكانىنى ئۈزلۈكسىز قوزۇپ، زور بىر تۈركۈم زوراۋان، تېررورچىلارنى يېتىشتۈردى. بەزى زوراۋان، تېررورچىلار TNT پارتلىتىش دورىسىنى ياساش تېخنىكىسىنى ۋە كۆپ خىل زامانىۋى پارتلىتىش - تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن.

4) جخ ئورگانلىرى، يېزا - كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، مەركەزلىك تۈزەش خىزمەت ئەترىتى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتىلغان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، پارتلىتىش، زەھەرلەش، ئوت قويۇش، تەھدىت سېلىش، زورلۇق كۈچ بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئوخشاش بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى.

5) ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى خىلمۇخىل بولدى. بىرىنچى، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز نەشىر بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ سېتىپ، ئۈزلۈكسىز بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا «دۇنيادىكى غەلىتە - غارايىپ ئىشلار»، «ئازادلىق يولى»، «سەن كىم»، «ئويغان»، «مانا بۇ ھەقىقەت»، «ئاللاھ نەدە سەن»، «غازات كۈرەشلىرى»، «مۇناپىقلار»، «چىبچىنىيە يولى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچى كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۈرۈنغان. ئىككىنچى، بىزنىڭ تەشۋىقات بازىلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 1998- يىل 4- ئاينىڭ 7- كۈنى قورغاس ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى چاستوتىسىدا «بىر ئىسلام تەشكىلاتى غازات قىلىپ، قوربان ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى مەغلۇپ بولدى» دېگەن ئېغىۋانى ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل دىنىي سۆزلەرنى ئاشكارە ئاڭلاتقان. 1998- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنى شۇ ئىستانسا يەنە ئېنىق بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەن ئەكسىيەتچىل «چالا تەگكەن ئوق» ۋە

«ئۇنۇتما» دېگەن ناخشىلارنى ئاشكارە ئاڭلاتقان. ئۈچىنچى، مەركەزلىك تۈزەش، پىلانلىق تۈغۇت، دىنىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق تەربىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بىرمۇنچە جايلاردا بىزنىڭ تەشۋىقات تاختاي گېزىتلىرىمىزنى، تەشۋىقات تاختايلىرىمىزنى ۋە تەشۋىقات شوئارلىرىمىزنى ۋەيران قىلىش، ئۆزگەرتىش، ئوغرىلاش ۋەقەلىرى كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى. تۆتىنچى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، قوزغىلىشقا ئۈندەش، ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىش ئىشلىرىنى قىلدى. بەشىنچى، ئالىي مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىش تەشۋىقاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئەكسىيەتچىل گېزىت - ژورناللار، رەسىملەر ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، كۆرۈش ئەھۋاللىرى پات - پات كۆرۈلدى، ئۇنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئالتىنچى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، خەت - چەكلەر ۋە شوئارلارنى ئەۋەتىش، چاپلاش، تارقىتىش دېلولىرى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلدى، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بىرى جەمئىي يۈز قېتىم مەلۇم بولدى.

6) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر غالجىرلاشتى، بەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرى چەكلىسمۇ تۈگىمىدى، شۇنداقلا دىن ئەسەبىيلىرى يېغىلىدىغان، بۆلگۈنچى، بۇزغۇنچى كۈچلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ماكان ۋە تۇپراق بولۇپ قالدى. بىرىنچى، دىن ئەسەبىيلىرى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى، «غازات» قىلىشنى داۋراڭ قىلدى، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى تەرغىپ قىلدى، بۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بالايى ئاپەت. ئىككىنچى، يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، دىننى نىقاپ قىلىپ، يوشۇرۇن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان زوراۋان، تېررورچىلارنى يوشۇردى ۋە يېتىشتۈردى. ئۈچىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تەدرىجى

ھالدا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگانلار، مەكتەپلەرگە كىچىكىپ، نورمال ئىنىزمەت تەرتىپى، ئوقۇتۇش تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ تۆتىنچى، دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، رايون ئاتلاپ تەشۋىق قىلىپ ياكى ئۆيمۇ ئۆي قىرائەت قىلغان بولۇپ، ئالاقە باغلاپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيە، ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدى. بەشىنچى، ئالاقىدار باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي، دىنىي سورۇنلارنى خالىغانچە قۇردى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا نۇرغۇن ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە مەسچىتلەرنىڭ سانى مەكتەپلەرنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئالتىنچى، يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگەللەپ، مەمۇرىيەتكە، مائارىپقا، ئەدلىيەگە، نىكاھقا، ئۆلۈم - يېتىم ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىش ئەھۋاللىرى توختىمىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا دىن ئەسەبىيلىرى ئۆلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئەجداتلارنىڭ قەۋرىستانلىقىغا قويۇشقا توسقۇنلۇق قىلغان. 1999- يىل 1- ئايدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا، دىن ئەسەبىيلىرى 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىدىن چىقىشقا قۇتراتقان، قىستىغان، شۇ مەيداندىكى مىڭدىن ئارتۇق ئاممار، نەچچە ئون پارتىيە ئەزاسى، جۈملىدىن ئۈچ نەپەر كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى دەس تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ھەتتا ۋەقە يۈز بېرىپ ئون كۈنگىچە يۇقىرىغا ئۆزلىكىدىن ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىدىغان پارتىيىلىك كادىر چىقمىغان.

## 6. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدىكى تەدبىر ۋە تەكلىپ

**1) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۇل مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم.**

مەركىزىي كومىتېت 1996- يىلدىكى 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە

مۇنداق ئېنىق كۆرسەتتى: «شۇنى ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر»، «نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا كۈرەشتە، شىنجاڭ نۇرغۇن رېئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىزلىق ئامىللىرىغا دۇچ كەلمەكتە. ئەگەر يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا كۈچەيتمەيدىغان بولساق، چوڭراق كۆلەمدىكى ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ھەتتا مەلۇم دائىرىدە تۇپىلاڭ، مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.» باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998- يىلى 7- ئايدا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى» دەپ كۆرسەتتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە قىلغان كۆپ قېتىملىق مۇھىم سۆزىنىڭ روھى تامامەن بىردەك، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تولۇق مۇقىملاشتۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چوڭ ۋەزىيەتكە، يۆنىلىش ۋە پرىنسىپقا ئالاقىدار مۇشۇنداق مەسىلىدە، مېڭىسى سەگەك، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇشى كېرەك، ئۇلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،

چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر» دېگەن تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى لازىم. شۇنى تولۇق تونۇش كېرەككى، جاھانگىرلىك مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى توختىمايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مۇقەررەر ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇشەققەتلىكلىكىنى كۆرۈپ، نۆۋەتتىكى دۈشمەن ھەرىكىتىگە ۋە تىنچسىزلىق ئامىللىرىدىكى يېڭى ئەھۋاللارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىش، ھەل قىلىش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەرەققىيات چىڭ قائىدە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئىگىلىكنى يۇكسەلدۈرۈش كېرەك، بۇ شەك - شۈبھىسىز، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى سۇسلاشتۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بار، جەمئىيەت مۇقىم بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇش، بۇ، بىر رايوننىڭ، بىر مىللەتنىڭ ھەتتا بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم كاپالىتى. مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئىلگىرىكى ساۋاقلار ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى نورمال ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر كاشىلا قىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ مۇھىتىغا ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسەتتى. ئەگەر بۇنداق تەپتارتماستىن مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك جىنايى قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىلمەيدىغان بولسا، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ زور تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ چوڭ يۈكسىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولىدۇ.

دېمەك، بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش — جىددىي سىياسىي كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەش، بۇ كۈرەش يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش قەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. بىزدە ئۇزاققىچە جەڭ قىلىش ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولۇشى، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش توغرا فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش، ۋاقىتلىق تۈزەشتە، ھەم تەقەززالىق تۇيغۇسى بولۇش، ھەم ئالدىراقسانلىق قىلىپ، بىردىنلا ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك؛ تۈپتىن تۈزەشتە، ھەم پۇختا ئىش قىلىش، ھەم سۆرەلمىلىك، بوشاڭلىق قىلماسلىق لازىم.

2) مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىنى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ مۇھىت ۋە ئىستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدىن ئويلۇشۇپ پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك.

دۇنيانىڭ ئىككى قۇتۇپ قۇرۇلمىسى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى، ئۇ تەقەززالىق

بىلەن دۇنيا ساقچىسى بولۇپ، جاھانغا تەنها زومىگەرلىك قىلىشقا ئىنتىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھەدەپ ئارىلىشىپ، قورال كۈچى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىدى. ئامېرىكا ئاللىبۇرۇنلا جۇڭگونى «ئەڭ خەتەرلىك يوشۇرۇن رەقىب» دەپ قاراپ، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بىزگە قارىتا غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىش، پارچىلاش سۈيىقەستىنى جىددىي يولغا قويدى. بولۇپمۇ ھوشيار بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق قوللاپ، بىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىۋاتىدۇ. مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ يوچۇق ئېچىش ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان مۇھىم ۋاستىسى. نۆۋەتتە، مىللەت، دىن مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيادىكى داۋالغۇشلارنىڭ بىۋاستە مەنبەسى بولۇپ قالدى، كۈندىن كۈنگە ئەزۋەيلەۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى مىسلىسىز ئېغىر خىرىسقا ئۇچراتتى، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەسىر كۆرسەتتى.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش جەھەتتە تۈزگەن سىياسەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمىدى. يولغا قويۇش جەريانىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرمۇ بولدى (مەسىلەن، سىنگاپور، شىۋېتسارىيە)، مەغلۇبىيەتلىك ساۋاقلارمۇ بولدى (مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە)، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرخىل دۆلەتلەرنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتى ھەققىدىكى

نەزەرىيىسى ۋە پىكىر ئېقىمىنى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىش دۆلىتىمىزدە يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەت، دىن خىزمىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ توغرا تەدبىرلىنى بەلگىلەشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە، ئاساسلىقى دۆلەت ئاتلىغان مىللەتلەر، تارىختا قويۇق ئالاقىسى بولغان قوشنا مىللەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى مىللەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا رايوندا مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئەكس ئەتكەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە يەكۈنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ غەربلەشتۈرۈشكە، بۆلۈۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىزدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا يېڭى كۆرۈلگەن مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولۇش كېرەك. دۇنيادا يېڭىدىن پارتلىغان مىللەت ۋە دىن قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە، مەسىلەن، يۇگوسلاۋىيىدىكى كوسوۋو كرىزىسى ۋە دىنىي سىياسىيلاشتۇرىدىغان ئىنتايىن ۋەھىمىلىك بولغان زامانىمىزدىكى ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى پىكىر ئېقىمىغا نىسبەتەن بىزدە يۇكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغاندىلا، خەلقئارا ئىشلاردا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىدە خاتىرجەملىك ئىچىدە خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئويلاپ تۇرغىلى، سۇ كەلگىچە توغان سالغىلى بولىدۇ.

خەلقئارادا دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتىگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىدە بولىۋاتقان ئەھۋالغا قارىتا، مىللەت ۋە دىن جەھەتتىكى خەلقئارا ئالاقىنى تەشكىللىك، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا كۈچەيتىشىمىز لازىم. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاشقى ئالاقە قىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە خەلقلەر ئارا كۆپ يوللۇق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا چەت ئەللەرنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتىمىزگە بولغان توغرا چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، دۆلىتىمىزنىڭ توغرا مىللەت، دىن سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئوبرازىنى تىكلەش ۋە كۈچەيتىشكە پايدىلىق

قىلغىلى بولىدۇ. چەت ئەل جامائەت پىكرىنىڭ بۇرمىلاپ خەۋەر قىلىشى بىلەن، غەربتە بىزنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتىمىزگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭقۇر بىر تەرەپلىمە قاراش ساقلانماقتا. بىز غەربكە قارىتا تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ساھە، ئاخبارات ساھەسى ۋە دىن ساھەسىدىكىلەرگە قارىتىلغان خىزمەتنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىشىمىز لازىم.

**3) بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ توغرا تاكتىكىسىنى تۈزۈش ۋە ئىگىلەش كېرەك.**

سىياسەت ۋە تاكتىكا پارتىيىنىڭ جېنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار بۇنىڭغا تولۇق دىققەت قىلىشى كېرەك. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئالاقىدار زور پرىنسىپال مەسىلە، ئۇنىڭ سىياسىيلىقى ۋە سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئىنتايىن ئاكتىپ ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن، بىرقاتار توغرا سىياسەت ۋە تاكتىكىلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، تۈزۈپ چىقىشى ۋە ئىگىلىشى لازىم.

(1) بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى بۇزغۇنچىلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كېرەك. زەربە بېرىش دائىرىسىنى ئۈچ خىل كىشىلەرگە، يەنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ باشچىلىرى ۋە زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، بۇ كىشىلەرگە قارىتا «باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىنى قوللىنىش، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق لازىم. دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولغان ئورغۇن جىنايى ئىشلارنى قىلغان بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى باش جىنايەتچىلەرنى ۋە زوراۋان تېررورچىلارنى قىلچە بوشاڭلىق قىلماي قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، قانۇننىڭ ئىززىتىنى ساقلاش، قانۇن قورالىنىڭ

نوپۇزى ۋە ھەيۋىسىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. كۆپ قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان، يەنە كېلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توشمايدىغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدىغانلارغا قارىتا ئىلگىرىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن «شۇ جايدا ئېلىپ قېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ»، داۋاملىق نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىش، «يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بېرىش»تەك ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى بۇزغۇنچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ ئۆزى چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە نىسبەتەن چۆچىتىش ۋە قايتۇرما زەربە بېرىش بولىدۇ. بىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونى غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىش ئىستراتېگىيىلىك قەستىگە، ئۇلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش» ۋە «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»نى باھانە قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللاش ھەرىكىتىگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى پاش قىلىشىمىز لازىم. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىنى چەكلىشى ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارغا بولغان بېسىمنى داۋاملىق ساقلاپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە زۆرۈر بولغان سۆزلىشىش ۋە كۆرەشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. چېگرا سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، بولۇپمۇ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان»

مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش، كونسوۋو كىرىزىسى، چېچىنىيە مەسىلىسى قاتارلىق سەزگۈر ۋەقەلەرنىڭ شىنجاڭغا بولغان سەلبىي تەسىرىدىن ھوشيار بولۇش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى بۆلۈش - پارچىلاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاز ساندىكىلەرنى يىتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كېرەك. جوڭگولۇقلار، جوڭگو مۇھاجىرلىرى مەركەزلەشكەن رايونلار ۋە شەھەرلەرنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ تۈردە دوست تۇتۇپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چەكلەش لازىم.

(2) ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئاممىغا تايىنىش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش — بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلاملاردا يامراپ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، لېكىن تۈپ ئاساستىن قارىغاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىنىڭ چېچىلاڭغۇ ئاجىز بولغانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور. بۇ جايلاردا ئەنئەنىۋى تەشۋىق - تەربىيە ئۇسۇلى تاشلاپ قويۇلغان، يەنە كېلىپ زامانىۋى تەشۋىق تەربىيە ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىشتە قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكىلەر پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى كەمدىن كەم ئاڭلىيالىغان، ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى پەيدىن پەي مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئىگەللىۋالغان. جىددىي رېئال كۈرەش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئۈنۈملۈك ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش،

قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى تۇسۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ۋە ئاساس بازا قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىغا قويغان تەلىپىگە بىنائەن، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ئاممىغا پائال باشلامچىلىق قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، قولدىن كەتكەن بازىلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەمدە ئۇنى تەدرىجى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، دۈشمەنلەرنى بۆلۈش - پارچىلاشتىكى كۈچلۈك قورال، تەشۋىق تەربىيىدە جەزمەن مەردانە بولۇش، كۆپ تەرەپتىن ماسلىشىش، بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىش، ئۇزاقىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش، جانلىق خىلمۇخىل بولۇش، تەسىرلەندۈرەرلىك، قايىل قىلارلىق بولۇش كېرەك، تەشۋىق - تەربىيە ۋاسىتىسى جەھەتتە، كۆپ تەرەپ بىرلىكتە ئىشلەش، ئۆزئارا ماسلىشىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىكى ئۇزاق ۋاقىت ئۈنۈملۈك بولغان يۈزتۇرانە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەنئەنىۋى تەربىيە ئۇسۇلىنى، مەسىلەن، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاممىا بىلەن سۆھبەتلىشىش داۋامىدا تەشۋىق قىلىپ سىڭدۈرۈش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، زامانىۋى تارقىتىش قوراللىرى ۋە ۋاستىلىرىنى، مەسىلەن، تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ، رادىئو

لېكسىيىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيە، گېزىت ـ ژورنال، كىتاب قاتارلىق ئامما ياقتۇرىدىغان، شۇنداقلا تارقىتىش تېز، ئۇچۇر مىقدارى كۆپ، قاپلاش دائىرىسى كەڭ بولغان ۋاسىتىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەشۋىق تەربىيىنىڭ قاتلىمى، سەۋىيىسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

تەشۋىق ـ تەربىيە مەزمۇنىدا، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش، مەدەنىيەت قاراش ۋە پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، رەزىل مەقسىتىنى ۋە ئېغىر زىيىنىنى پاش قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس قۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ياتىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆسكەندىلا، ئاندىن پۈتۈن جەمئىيەتتە يامان ئىشلارنى بېسىپ، ياخشى ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئاساستىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا يىتىم قالدۇرغىلى ۋە مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ.

**4) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.**

90 ـ يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شىنجاڭنىڭ

مۇقىملىق خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، تېگىشلىك تەدبىر ۋە لايىھىلەرنى كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قۇدرەتلىك سىياسىي، تەشكىلىي ۋە تەدبىر جەھەتتىكى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ «ئەلەم» جەھەتتە ئېلىپ بارغان توپىلاڭ، پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئۇدا بىر نەچچە يىل نۇقتىلىق رايونلاردا مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ كۈرەشنى قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك جخ، سىياسىي قانۇن تارماقلىرى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش داۋامىدا يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ئىزچىل ساقلاپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىسلام پارتىيىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى تەشكىلات ۋە زوراۋان - تېررورچىلار گورۇھىنى ۋەيران قىلدى، تەسىرى چوڭ بولغان زور بىر تۈركۈم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىتى دېلولىرىنى پاش قىلدى، زور بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېررورچى جىنايەتچىلەرنى ۋاقتىدا سوتلىدى، نازارەت ئاستىغا ئالدى، نۇرغۇنلىغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلا ۋە پارتلىتىش ئەسۋابلىرىنى قولغا چۈشۈردى، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلىگەن جانلىق كۈچلىرىنى يوقاتتى، دۈشمەنلەرنىڭ بىر قاتار بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار، زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا كۈچلۈك زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم جايلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلىشىشى، دىنىي

ئەسەبىيلەرنىڭ يامرىشى، جەمئىيەت ئامانلىقى يامانلىشىش ۋەزىيىتى توسالدى ۋە ئوڭشالدى. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەب بار، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم ۋەزىپە. ۋاھالەنكى «ئەلەم» جەھەتتىكى كۈرەش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى بىرقەدەر ئاسان قوزغايدۇ، دۈشمەنلەر قورال ئىشلىتىپ ئېلىپ بارىدىغان بۇزغۇنچىلىق جىنايى ھەرىكەتلەرنى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ كۈچىگە تايانساق ۋە ئۇنى ئوبدان ئىشلەتسەكلا، بىرقەدەر تېز توسالايمىز؛ لېكىن، چېگرا ئىچى، سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، «دىن» تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللارنى يەڭگۈشلەپ، «قەلەم» جەھەتتىن ئېلىپ بارىدىغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ۋە توسقۇنلۇق، بۇزغۇنچىلىقلارغا قارىتا نۇرغۇن ئاجايىپ نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئىگە بولغان بولساقمۇ، ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي توسۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە تۈرلۈك خاتا كۆز قاراشلارنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر، بۇنى ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر «ئەلەم» قولى قاتتىق بولۇش، «قەلەم» قولى يۇمشاقراق بولۇش خاھىشىنى يېڭىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇشى، ئوبدان تۇتۇشى، ئۈنۈمدىن نەتىجە يارىتىشى لازىم.

نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە تەتقىقاتى، ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت-مائارىپ، مىللەت، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم مەسئۇلىيەت ۋە كونكرېت خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىككى چوڭ ئىشنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوبدان ئىشلەش لازىم. بىرىنچى، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولغان كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساھە ۋە تارماقلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆز - قۇلىقى ۋە تىلى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاپپارات، شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىنى داۋاملىق ساقلاشتىكى كۆۋرۈك ۋە بەلباغ. بۇ تارماقلار ۋە ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار، بولۇپمۇ رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغان كادىرلارنىڭ مۇھىم شەرتى سىياسىي يۈنۈلۈش، سىياسىي مەيدان جەھەتتە چوقۇم لاياقەتلىك بولۇش، ئاندىن قالسا ئىقتىدار - سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش. جەزمەن كۈچلۈك سىياسىي ئاڭ، ئومۇميلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تىكلەش، سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچىنى تېرىشىپ ئۆستۈرۈش، سىياسىي جەھەتتە ۋە ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا قارارى ۋە تەلىپى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇش، قەتئىي تۈردە ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناپ روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، مەيدان مۇستەھكەم بولۇش، بايراق روشەن بولۇش، يېتەكلەش توغرا بولۇش كېرەك، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى

سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىرىنى قەتئىي توسۇش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە رەزىل مەقسىدىنى چوڭقۇر پاش قىلىش، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە خاتا كۆزقاراشلارنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ھەر جەھەتتىن تۈگىتىش كېرەك. ئىككىنچى، خىزمەتنىڭ يېتەكچىلىك ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ماسلىشىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇش ۋە باشقۇرۇش رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى دائىم تەھلىل، تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرنى پىلانلاش ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەدبىر لايىھىلىرى چوقۇم جايىدا بولۇش كېرەك. يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا، ھەرقايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپلاردىن پايدىلىنىپ يول كۆرسىتىپ، بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىش لازىم. ماددىي سېلىنمىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، خەجلەشكە تېگىشلىك پۇلنى چوقۇم خەجلەش كېرەك. ۋاقىتلىق تۈزەش جەھەتتە ۋاقتىنچە سېلىنما سالغانغا قارىغاندا تۈپتىن تۈزەش جەھەتتە بالدۇرراق، كۆپرەك سېلىنما سېلىش تېخىمۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلىشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئاساسىي ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر تەكلىپلەر

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى
لېكتورلار ئۆمىكى دوتسېنتى
خۇ جۇفېڭ

نۆۋەتتە، دۇنيادىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك دولقۇنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز جىددىيلىشىپ، يېڭى جانلىنىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. بۆلگۈنچىلەر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ «قوراللىق پاراكەندىچىلىك» سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ «قەلەم ھۇجۇمى» قىلماقتا. بۆلگۈنچىلەر قىپ - يالىڭاچ ھالدا «مىللىي بۆلۈنۈش»، «مىللىي مۇستەقىللىق» ئۈستىدە جار سېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قاتلاملاپ سىڭدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە، بولۇپمۇ مەدەنىيەت بازىسىنى تارتىۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇنىڭ بىلەن تارىختا بىر مەھەل ئۇجۇقۇپ كەتكەن «پان ئىسلامىزم»، «پان تۈركىزم» شىنجاڭدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «مەنىۋى تۈۋرۈكى» بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەلبىي ئىدىيىۋى تەشۋىقاتى ناھايىتى زور ئالدامچىلىق ۋە قۇترىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، كادىرلىرىمىز ۋە ئامما ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر

ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تۈرلۈك مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە يېڭى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بولۇپمۇ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يامان تەسىرىنى تازىلاش نۆۋەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە دۇچ كەلگەن ئىنتايىن مۇھىم شۇنداقلا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

## 1. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئاساسىي ئىپادىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بارغانسېرى سىستېمىلىشىپ، ئاساسەن بىر ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئىدىيىۋى سىستېما پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزمنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ يادروسى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى» دىن ئىبارەت. ئۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقى»نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى» — ئىچكى، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىشتىكى بىر بايرىقى؛ ئۇنىڭ بىر تىپىك شوئارى «بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، بىزنىڭ مىللىتىمىز تۈرك، بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام» دېگەندىن ئىبارەت. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى» دىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرى مۇنۇلار:

بىرىنچى، «تۈرك مىللەتلىرى ھەممىدىن ئەلا نەزەرىيىسى».

ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» دىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلەردىكى زامان، ماكان دائىرىسىنى ۋە تارىختىكى رولىنى بولۇشىچە مۇبالىغە قىلىپ، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك دەرىجىسىگە يەتتى. قانداقتۇر «تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى مىسىرنىڭكىدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇن»، توققۇز مىڭ يىلدىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان دېيىشتى؛ ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، بىزنىڭ «ۋەتىنىمىز» توغرىسىغا ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىن ئېشىپ، «غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە ياۋروپاغىچە، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانغىچە، شەرقتە تىنچ ئوكيانغىچە، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە بېرىپ يەتكەن»، «دۇنيادىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى» ۋاھاكازا دېيىشتى.

ئىككىنچى، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى». شىنجاڭنىڭ تارىخىنى جېنىنىڭ بارىچە بۇرمىلاپ، «شەرقىي تۈركىستان» ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى دەپ ئويدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى شىمال ۋە غەربىي رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جوڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ سىرتىدىكى «مۇستەقىل» مىللەتلەر ئىدى دەپ توقۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن خەنزۇلارنى جوڭگوغا باراۋەر قىلىپ، سەددىچىن سېپىلىنى تۈركلەر بىلەن جوڭگونىڭ «دۆلەت چېگرىسى» دەپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن تارىخىي پاكىتنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى.

ئۈچىنچى، «خەنزۇلار تاجاۋۇزچىلىقى» نەزەرىيىسى. دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان تارىخىي تەرەققىيات ئاساسىي ئېقىمىنى ئىنكار قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىنى خەنزۇلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئۆچمەنلەشكەن، ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز بويسۇندۇرغان تارىخ قىلىپ سۈرەتلەپ، خەنزۇلارنى «ۋەھشىي تاجاۋۇزچىلار»، «مۇستەملىكىچىلەر» دەپ تۆھمەت قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە

قىلىپ، جۇڭگو «شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرىگە ئۈچ مىڭ يىل دۈشمەنلىك قىلغان دۆلەت» دەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى «يۇتۇۋېلىش» دەپ بوھتان قىلدى، «تۈرك مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش» توغرىسىدا جار سالدى، ئاتالمىش «كاپىرلار»نى «غازات» فاڭجېنىنى قوللىنىپ يوقىتىشنى تەرغىپ قىلدى.

ئۈچىنچى، پان تۈرك ئورتاق گەۋدىسى نەزەرىيىسى. مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، سىنىپىي زىددىيەتنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ قەدىمقى جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەربىي رايونلىرىدا ياشىغان بارلىق مىللەتلەر (جۈملىدىن تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان ۋە قوللانمايدىغان مىللەتلەر)نىڭ ھەممىسىنى «تۈرك مىللىتى» دەپ ئاتاپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى «تۈرك مەدەنىيىتى» دەپ، بۇ مىللەتلەر پائالىيەت قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى «تۈرك دۆلىتى» دەپ ئايرىپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ۋە ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىغا تۈپتىن خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى بىلەن قارشىلاشتى.

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مۇشۇ ئاساستا «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى»نى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت قارىشىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئالدى بىلەن ماركسىزمغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، سىنىپتىن، مىللەتتىن، تارىختىن، ئىدېئولوگىيىدىن ئاشقىرى تۇرىدىغان بىرخىل مەدەنىيەت قارىشىنى تەرغىپ قىلدى. ئۇلار مەدەنىيەت ھادىسىگە يەككە - يېگانە، ئابستراكت ھالدا قاراپ، مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى چەكسىز مۇبالىغە قىلىپ، نوقۇل ھالدا ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى»نى ئىنسانىيەت مەنپەئەتدار گورۇھى ۋە ئىنسانىيەت ئورتاق گەۋدىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلدى. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى»نىڭ

ئاساسلىق تەشەببۇس قىلىدىغىنى مۇنۇلار:

بىرىنچى، ئۇ تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنى كۆچىنىڭ بارىچە يوققا چىقىرىپ، «تۈرك مىللىتى» مەدەنىيىتىنىڭ «ئورتاق يىلتىزى، ئورتاق مەنبەسى» دېگەن ئىدىيىنى تەرغىپ قىلدى، شۇنداقلا تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن تارتىپ ئۆرپ ـ ئادەتكىچە بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى تامامەن بىردەك دەپ قارىدى، بۇ تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، بۇ پان تۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئىككىنچى، ئۇ ئاتالمىش «تۈرك مەدەنىيىتى»نىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، بولۇپمۇ «تۈرك مەدەنىيىتى» بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان ئۆزئارا سىڭىشىشچانلىقنى ۋە ئورتاقلىقنى جېنىنىڭ بارىچە ئىنكار قىلدى، «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى»نى ئەزەلدىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان، مۇستەقىل ھەتتا قارىمۇ قارشى بولغان مەدەنىيەت سوبىستانىيىسى دەۋالدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتىكى مەقسىدى ئۆزىنىڭ «بۆلگۈنچىلىك»، «مۇستەقىللىق» سۈيىقەستى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۈچىنچى، ئۇ ئاتالمىش «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى»نىڭ تارىخىي ئورنى ۋە تارىخىي رولىنى نامۇۋاپىق ھالدا مۇبالىغە قىلىپ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە تارىخىي رولىنى كۆزگە ئىلمىدى ۋە تۆۋەنلەتتى.

تۆتىنچى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىسىنى يەككە يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سىنىپىي مەزمۇنىنى يېپىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەدەنىيەت قارشىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىنىپىي ماھىيىتىگە بىر قەۋەت قوغدىنىش ھەلى بەردى.

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بۇ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىشى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئاخبارات ۋاستىلىرى، مەسىلەن، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، گېزىت قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ خاتا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى يولغا قويدى، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى.

يېقىنقى يىللاردا، قىسمەن گېزىت، رادىئو ئىستانسىلىرىدا سىياسىي جەھەتتە مەسىلە بار بەزى ماقالىلارنىڭ بىرلىگەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇردى. 1994- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بەزىلەر مەلۇم گېزىتتە ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بىرىنچىسى «قىبىلىق خانىم، ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ تارىخ قارىشى»، ئىككىنچىسى «ناخشا ئۇغرىسى ۋاڭ لوبىنىڭ ھوشىنى تاپسۇن». بىرىنچى ماقالىنىڭ ئاساسلىق خاتالىقى شۇكى، تارىختا خاتىرىلەنگەن، بېكىتىلگەن قىبىلىق لياۋ، شىي يۈۋ مەلىكىنى، شى چۈن مەلىكىنى قىلچە ئاساسسىز ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەربىي دىيارنىڭ ئىجتىمائىي تىنچلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش دەپ بۇرمىلىدى، شۇنداقلا چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرى «قىبىلىق خانىم» دا بايان قىلىنغان قەدىمقى زاماندىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى بۈگۈنكى كۈندىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە تېڭىپ، بەزى مىللىي قارىمۇ قارشىلىق كەيپىياتىنى تارقاتتى. ئىككىنچى ماقالىدە ۋاڭ لوبىڭ ھادىسىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىنى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، گورۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىلىپ بۇرمىلاپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى تامامەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

بۇنداق تارىخىي شەخسلەرنى بۇرمىلايدىغان، تارىخىي پاكىتلارنى بۇرمىلايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىدىغان ماقالىلار باشقا گېزىتلەردىمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن، بىر ئۇيغۇرچە گېزىتتە «قەدىمقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە: «ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي

گەۋدىلىك ئاھالە بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەغەز ئىشلەش ۋە قەغەز ئىشلىتىش تارىخىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقىچە سۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئاز دېگەندە مىلادىيەدىن 46 يىل بۇرۇنلا سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى قەغەز ياسىغان، سەي لۇننىڭ قەغەز ئىشلەش تارىخىدىن 150 يىل بۇرۇن بولغان» دېيىلگەن. ماقالىدە يەنە: «شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسى شىنجاڭغا ئىچكىرىدىن كەلگەن ئەمەس، سەي لۇننىڭ قەغەز ئىشلىشى بەزىلەر يېزىپ قويغان رىۋايەت، تارىخ ئەمەس، ئۇنىڭ پاكىت ئاساسى يوق» دېيىلگەن. بۇنداق تارىخقا قارىماي، خالىغانچە بۇرمىلاشتىكى مەقسەتنى ئاسانلا بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

1995-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى، مەلۇم بىر كىشى مەلۇم گېزىتتە «قاراچاينىڭ فتورىد مىقدارىنى ئازايتىش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە: بۇ قاراچايدا ھەر كۈنى قاراچاي ئىچىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەسىلە بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەسىلە ناھايىتى زور؛ ئۇنى ئىچىش بىلەن كېسەل پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى راك پەيدا بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئىلمىي ئەمەس، يوق يەردىن قۇسۇر چىقىرىپ، كىشىلەر قايمۇقتۇرۇلغان. مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «بۇ قاراچايلار چوشقىغا دەسسىتىلگەن، ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ روھى، دىن ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زىيانلىق» دەپ قۇتراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چوڭ زىلزىلە پەيدا بولدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ نۇرغۇن ئىجابىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئەھۋال ئوڭشالدى. لېكىن 1995-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى يەنە بىر گېزىتتە «قاراچاي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاز كېچىش ئېڭى» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنىپ، قاراچايغا نۇرغۇن بەتنامىلار توقۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە «ۋاز كېچىش ئېڭى» نى يېتىشتۈرۈشكە، «سىقىپ چىقىرىش روھى» نى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە بىشارەت بېرىلدى. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەنلا، بەزىلەر بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى خاھىشى

بار كىشىلەر كۆپلەپ كۆپەيتىپ باستۇرۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كەڭ تۈردە تارقىتىپ، قاراچاي دولقۇنىنى يەنە بىر قېتىم قوزغىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر گېزىت بۇ ماقالىنى كۆچۈرۈپ بېسىپ، ناھايىتى ناچار «ئىجتىمائىي تەسىر» پەيدا قىلدى. بۇ خۇددى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەھۋال ئىنكاس قىلىشىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئەمەلىيەت شىنجاڭدا چاي سېتىش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشنىڭ تېخى ئاياقلاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چاي سېتىش تالاش - تارتىشى ھەرگىز چاي ئۈستىدىكى تالاش - تارتىش ئەمەس، بەزى كىشىلەر چاي سېتىشتىن پايدىلىنىپ ھەدەپ پۇتاق چىقىرىپ، مۇبالىغە قىلىپ، مەلۇم مىللەت ئىچىدە قانداقتۇر «ۋاز كېچىش ئېڭى»نى يېتىشتۈرۈشنى، قانداقتۇر «سىقىپ چىقىرىش روھى»نى جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، بۇ ئۇسۇل ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭدا ئاما ئىچىدە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش، مەقسەت قىلىنغان. 1995- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى خوتەن شەھىرىدە ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئۇيغۇرچە گېزىتتە «تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسى» دېگەن تېمىدىكى ماقالا بېسىلدى، بۇ ماقالا مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئېلان قىلىنىدىغان ۋاقتى جەھەتتە بولسۇن مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە پاراكەندىچىلىك ھەرىكىتىگە ماسلىشىش رولىنى ئوينىدى. 1997- يىلى غۇلجىدىكى «5- فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىدىن كېيىن، بىر ئۇيغۇرچە رادىئو ئىستانسىسى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى ئەتىگەندە چۈشىنىكسىز ھالدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن تار مىللەتچىلىكنىڭ پەرقى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالا 1997- يىل 1- ئاينىڭ 18- كۈنى بىر گېزىتكە بېسىلغان، 2- ئاينىڭ 5- كۈنى ئىلىدا ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، 2- ئاينىڭ 9- كۈنى يەنە ئۇنى باش ماقالا تەرىقىسىدە ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەدلىيە

تارماقلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر مىللىي بۆلگۈنچىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىنكاس قىلىنغان بىر ماقالا بىر ئۇيغۇرچە گېزىتتە بېسىلغان، ئۇنىڭ تېمىسى «يۈرەك سادارىم». ماقالىدا مۇنۇلار يېزىلغان: «مەن بىلەن بىللە كېتىڭ قەدىرلىك ئانا، تاقىتىم يوق قايغۇلۇق ھالىتىڭىزنى كۆرۈشكە، بۈگۈن ئاقماقتا قەلبىمدىن قانلىق ياش، تەگدى ئەجەل ئوقى كۆكسۈمگە، قالدىڭىز يالغۇز چۆكۈپ قايغۇ ئىچىگە، — كەلسىڭىزمۇ 75 ياشقا، يۈدۈپ ئاپىراي سىزنى ھەرەمگە». قانۇن بويىچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن مىللىي بۆلگۈنچى گويا يەنىلا قەھرىمان، ئۇ قانداق قەھرىمان، كىمنىڭ قەھرىمانى؟ بۇ ماقالىنىڭ نېمىگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى، نېمىنى قوللايدىغانلىقى تولىمۇ روشەن. 1998- يىل 4- ئاينىڭ 7- كۈنى مەلۇم ناھىيىدىكى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى قانىلىدا «بىر ئىسلام تەشكىلاتى غازات قىلىپ، قوربان ھېيتنىڭ 2- كۈنى مەغلۇپ بولدى» دېگەن ئېغۋا ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل دىنىي سۆزلەر تارقىتىلغان. 1998- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنى شۇ ئىستانسىدا يەنە ئېنىق بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەن «چالا تەككەن ئوق» ۋە «ئۇنۇتما» دېگەن ناخشىلار ئاشكارە ئاڭلىتىلغان. يېقىنقى يىللاردا، بۇنداق گېزىت، رادىئو ئىستانسىلىرىدا پارتىيىنىڭ ھازىرقى سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان خاتا ماقالىلار ئۈزۈلمەي، پات - پات چىقىپ تۇردى.

(2) قەرەللىك ژۇرناللار، ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ۋە سەنئەت نومۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ دارتىمىلاپ، ياپما سۆزلەر بىلەن ناچار كەيپىياتنى ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى.

«يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال مەلۇم ژۇرنالنىڭ 1994- يىل 1—2- قوشما سانىدا ئېلان قىلىندى، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپلەپ ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىپ ئىشلەندى، كېيىن ئاشكارا نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى قىسىمنىڭ تېمىسى «ياۋروپادىكى يېڭى يىپەك يولى». ماقالىدا شىنجاڭدىن سودىگەرچىلىك قىلىشقا بېرىپ باشقا دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر

تۈركۇم شىنجاڭلىقلارنىڭ چەت ئەلدە قانداق «ئەركىن، ئازادە»، «باي، ھەشەمەتلىك» تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، «ئۇيغۇرلار پەقەت تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپىدا كەتمەن چېپىشقا، پادا بېقىشقا، باققاللىق، كاۋاپچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ناۋايلىق قىلىشقىلا يارالغاندەك» ئىدى، «تارىم بويىدىن سودا ـ تىجارەت ئۈچۈن ياۋروپاغا قاچقىنىپ چىققان بىر توپ ئۇيغۇر بالىلىرى پارىژ ... شەھەرلىرىدە دوللار نەگە قاچسا، شۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇقەت قىلىپ»، «يېڭى يىپەك يولى» ئاچتى، دېيىلگەن. بۇلار ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇشتىن نارازى بولىۋاتقان ياشلارغا شىنجاڭدىن چىقىپ، غەربكە بېرىپ، گۈزەل كېلەچەكنى ئىزدەش توغرىسىدا بىشارەت بەردى. ئىككىنچى قىسىمنىڭ تېمىسى «مەن كۆرگەن ئىستامبول». ماقالىدە پەدەزلەنگەن كۆچلۈك قەلەم بىلەن تۈركىيىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى ئاستىدىكى ئىستامبول شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ھەيۋەتلىك بىنالىرى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە گەپ كەتمەيدىغان غەرەزدە كىتابخانلارغا: «بىزنىڭ دېھقانلار بۇنداق ياشىسا گۇناھ ... دەپ خۇدانىڭ قايسى كالامىدا بار ئىكەن؟» دېيىلگەن. ئاندىن بۇ ماقالىدە دىنىي رىۋايەت سۆزلىنىپ: «ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا بىزنى ياراتقاندا ھەممىمىز ئوخشاش ئىدۇق، ھېچقايسىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدۇق، پاسكىنچىلىق ئادىتى نەدىندۇ، كىملەردىندۇ بىزگە يۇقتى»، «ئۇيغۇرلار ياخشى تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولىدىكەن، ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىش، بەلكى كەلگۈسىدە ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت چىڭ تۇرۇش كېرەك» دەپ بىشارەت بەردى. بۇ كىتابخانلارغا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەت. ماقالىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا «ھەرەمنىڭ كۆزىدىن يۈرتۇمغا نەزەر» دېگەن تېمىدا: «مەككىلىكلەر پاكىز، شىنجاڭلىقلار پاسكىنا، ھازىر قەشقەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتتى، بىز سېسىقچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز»، «ئۇلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بولىدىكەن، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز

ئوخشاش بولسىمۇ، ھامان تۇمشۇقىمىزغا يەيمىز، كىمكى ئامىتى كېلىش بىلەنلا بالا ـ قازاغا ئۇچرايدۇ، مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ» دېيىلگەن. بىز ئەسەردىكى بۇ بىشارەتلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان مەنانى ۋە روشەن بىشارەتنى سەزدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇ شىنجاڭدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت.

يەنە شۇ ئاپتور بەزى ژورناللاردا «ئاياللار بىزنىڭ ۋەتىنىمىز»، «ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى»، «ئۆز ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، مىللەت ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خۇنۇكلەشتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنى بىلدۈرگەن.

بىز شىنجاڭ تارىخىنى ئېغىر ھالدا بۇرمىلىغان «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلدۇق، ئۇنىڭ ئاپتورى تۇرغۇن ئالماس. 1997- يىلى خوتەندىكى مەلۇم ژورنالنىڭ 1- سانىدا «پېشقەدەملەر، يەنە نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى» دېگەن شېئىر ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا بۇ ئاپتور ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق مەدھىيىلەنگەن. بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدىكى بىرىنچى ھەرپنى بىر ـ بىرىگە باغلىسا دەل «تۇرغۇن ئالماس» دېگەن سۆز چىقىدۇ. پۈتكۈل شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىمۇ تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۈچ كىتابنى يازغان نەتىجىسى ۋە تۆھپىسى مەدھىيىلەنگەن.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرى ئارقىلىق يەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغراتتى. ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش شىركىتى، ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئويۇشتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياقلارغا بېرىپ سىياسىي خاھىشى ياخشى بولمىغان نومۇر ئويناپ، «مىللەتنى ئويغىتىپ»، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قوزغراتتى. مەسىلەن، «كەلكۈن ئويۇن قويۇش ئەترىتى» ۋە بەزى شەھەرلەردىكى خۇسۇسىي ئويۇن قويۇش شىركىتى قاتارلىقلار. 1994- يىلى «كۆك بۆرە» ناملىق ياشلار سەنئەت ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئويۇن

قويغان، ئۆلارنىڭ نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا بۆلگۈنچىلىكنى قۇتراتقىدىغان مەزمۇنلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدە: بىز كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادلىرى، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان، پولات كەبى ئۇيۇشقان ··· دېگەن شېئىر بار. «كۆك بۆرە» تارىختا تۈركىيە دۆلىتىنىڭ «سىمۋولى» بولغان، ياشلار سەنئەت ئۆمىكى ئۇنى ئۆزىنىڭ نامى قىلىشنى قارار قىلىپ، يەر ـ جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان شىجائەت بىلەن، داقا ـ دۇمباق چېلىپ، نادان، بىلىمسىز كىشىلەرنى ئۇيغىتىپ، ئۇلارنى «كۆك بۆرە» نى سىمۋول قىلغان بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، دەس تۇرغۇزۇپ، جەڭگە قاتناشتۇرۇشقا بەل باغلىغان، ئۇلارنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئېنىق.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان، بۆلگۈنچىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە شەكىلنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، دارىتمىلاش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ يوشۇرۇن قوللىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. مەسىلەن، بەزى ئەسەرلەردە ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئانچە چوڭ مەسىلە يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە جايدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى چىقىپ تۇرىدۇ، بەزى ئەسەرلەردە سەلبىي كىشىلەرنىڭ ئاغزى بىلەن ساغلام بولمىغان ئىدىيە تەشۋىق قىلىنغان، بەزىلەر تارىخىي رومان، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ گەپ تېپىپ، رىئاللىققا دارىتمىلاپ، سەلبىي كەيپىياتنى تارقاتتى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە قارىتا بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسەتتى، ماركسىزملىق تارىخ قاراشقا زەربە بەردى.

(3) ئەكسىيەتچى كىتاب، ژورناللار قانۇنسىز بېسىلىپ، نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخى بۇرمىلاندى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقى» تەرغىپ قىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تارقىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆپ ھاللاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى دەستەك قىلىپ، ئەسەر يېزىپ، ئەكسىيەتچىل دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراشنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن ھەدەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. 1986 ـ يىل

10- ئايدىن 1989- يىل 10- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر قەدىمقى زامان ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتابنى ئاشكارە نەشر قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئۈچ كىتابتا تارىخ بۇرمىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن، ھەتتا توقۇلغان، ساختىلاشتۇرۇلغان، ماركسىزملىق مىللەت قاراش ۋە تارىخ قاراشقا تامامەن خىلاپلىق قىلىنغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ياكى پان تۈركىزمنى تەرغىپ قىلىشقا ئوخشاش چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە ئېغىر سىياسىي خاتالىق مەۋجۇت. ئۈچ كىتابنىڭ خاتالىقى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىدە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاپتور جۇڭگونىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە دۆلىتىمىزدىكى قەدىمقى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى ۋە ئۇلار قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتنى جۇڭگونىڭ سىرتىدا مۇستەقىل بولغان «مۇستەقىل دۆلەت» دەۋالدى.

ئىككىنچى، ئاپتور مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قارىماي، تارىختىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا دۈشمەنلىك، قىرغىنچىلىق ۋە يۇتۇۋېلىشتەك تارماق ئېقىمنى ھەدەپ مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۇرۇش تارىخى قىلىپ بۇرمىلىدى.

ئۈچىنچى، مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ماركسىزملىق سىنىپىي تەھلىل يورگۇزمەي، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنى پۈتۈنلەي بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ ۋە باھالىدى.

ئۈچ كىتابنىڭ خاتالىقى ئىغىر، ئۇ ئىلمىي ئەسەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي «مۇستەقىللىق»نى يادرو قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرقاتار ئىدىيە، كۆزقاراشلارنى ھەدەپ تەرغىپ قىلدى ۋە تارقاتتى، ئۇ ناھايىتى زور ئالدامچىلىق خاراكتېرگە ئىگە. ئۈچ كىتابنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى، نەزەرىيە كۆزقارىشى ۋە سىياسىي مەيدانى پان تۈركىزمچى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ كۆچۈرمىسى. ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەنقىد ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ كۈرەش.

يېقىنقى يىللاردا ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرناللارنى قانۇنسىز ھالدا بېسىش، نەشر قىلىشمۇ ھەقىقىي تۈردە تۈگىتىلمىدى، بەلكى قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرى بەزىدە ھەتتا ئەۋج ئېلىپ ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، 1995- يىلى «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى»، 1997—1998- يىللىرى «سەن كىم»، «ئىسلام تەربىيىسى» ۋە «ئىسلام — خاتا چۈشىنىلگەن دىن»، «يول بەلگىسى» قاتارلىقلار جەمئىيەتتە بىر مەزگىل تارقىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلدى. 1997- يىلى بىر نەشرىيات نەشر قىلغان «پەلەك پادشاھى» ۋە «مەمتىلى ئەپەندى» دىمۇ ئېغىر خاتالىق بولۇپ، بەزى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرى تارقىتىلغان. قەشقەر رايونىدا 1996- يىلى يازدا بىر قېتىمدىلا يىغىۋېلىنغان قانۇنسىز نەشر قىلىپ سېتىلغان دىنىي كىتاب ۋە ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرنال 4557 نۇسخىغا يەتتى. 1997- يىلى ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرنالدىن يەنە 1422 نۇسخا تېپىلدى. 1996- يىل 11- ئايدا مىچۈەن شەھىرىدە «ئىسلام ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى»نىڭ «يەر ئاستى باسمىخانىسى» تېپىلىپ، تۇتۇلەپ قويۇلغان «ئىسلام ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى»نىڭ نىزامنامىسى ۋە ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 500 نۇسخىدىن كۆپرەكى يىغىۋېلىندى. 1997- يىل 6- ئايدا ئىلى رايونىدا

ئايرىم - ئايرىم ھالدا غۇلجا ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرىدە ئىككى يەر ئاستى باسمىخانا ۋەيران قىلىندى، «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچى كىتابتىن 10 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەكى قولغا چۈشۈرۈلدى. بۇ ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ بەزىلىرى يېزىلاردا كەڭ تارقىتىلغان، بەزىلىرى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئۆز ئارا كۆچۈرۈلگەن، بەزىلىرى لېكسىيە، ئەدەبىيات مۇنبەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن، بەزىلىرى ئاشخانا، سەتراچخانا، مېھمانخانا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بازارلاردا ئاشكارە تارقىتىلغان، ئاڭلىتىلغان. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ بەزىلىرى بىر قەدەر ياپتا، بەزىلىرى بولسا بىۋاستە، يالىڭاچ ھالدىلا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. مەسىلەن، 1997- يىل 4- ئايدا ئىلى رايونىدا تېپىلغان «ئىسلام پارتىيىسى» ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتىنىڭ كاتىپشى ئابدۇغەنى ھەمراھ ئۆزى تۈزۈپ ئۆزى ئوتتۇرىغا ئالغان «خىتابنامە» مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى يالىڭاچ ھالدا تەرغىپ قىلغان «ئىقرارنامە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خىتابنامە»دە: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئالتە مىڭ يىللىق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە، ئىنتايىن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرى»، «جۇڭگو فاشىستلىرى ئىشغال قىلىۋالغان رايوندا ئۈزلۈكسىز تۈردە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىنغانلىقتىنلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامرات، قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى» دەپ يېزىلغان. «شەرقىي تۈركىستان خەلقى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، تالىپلار، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق زىيالىيلار ئۆزىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە مىللەت ئۈچۈن خەنزۇلارغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلايلى» دەپ جار سېلىنغان.

1997- يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى «5- فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى ئەڭ ئېغىر بولغان كىپەكيۈزى يېزىسىدا، 1996- يىل 3- ئايدا بىر جىنايەتچىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا، «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى» دېگەن كىتاب تېپىلغان. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەي! بىچارە ئۇيغۇرلار، ئويغىنىڭلار! ئەمدى غەپلەتتە

ياتماڭلار! ئىقىپ يۈرگەن «خىتايلار»، شىنجاڭ تۈركىستان زېمىنىدىكى زاۋۇتلار، كانلار، كارخانا، قورۇلۇش ئورۇنلىرىغا كېلىۋالدى، ھەرقايسى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسىنى «خىتايلار» نىڭ باللىرى ئىشغال قىلىۋالدى ... بىز «خىتايلار»، ياپونلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرغانغا ئوخشاش «خىتايلار» نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىزدە «خىتايلار» نىڭكىدەك كۈچ يوقمىكەن، «خىتايلار» دا قورال بولسا، بىزدە يوقمىكەن؟ ياق، ئەلۋەتتە بار! بىزدە ئاتوم بومبىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان دىن روھى بار.» بۇ كىتاب ئۇ يېزىدا ھەرگىز بىرلا ئائىلىدە بولمايدۇ، بۇ كىتاب ئۇ يەردە ناھايىتى يامان رول ئوينىدى، شۇڭا غۇلجىدىكى «5. فېۋرال» ۋەقەسىدە بۇ جاي پىلانلىغۇچى جاينىڭ بىرى بولدى. «5. فېۋرال» ۋەقەسىدە بۇ يېزىدا قوتۇلغىنى ئاران 60 نەچچە ئادەم، قاتناشقۇچىلار بۇنىڭدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ، بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1999 ـ يىلدىن بۇيان، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇن، بايىنغۇلىن قاتارلىق جايلاردا «دۇنيادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار»، «ئازادلىق يولى»، «سەن كىم»، «ئويغان»، «مانا بۇ ھەقىقەت»، «ئاللاھ نەدىسەن»، «غازات كۈرىشى»، «مۇناپىقلار»، «چېچىنىيە يولى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ئايرىم ـ ئايرىم تېپىلدى، ئۇلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىنغان، مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغىتىلغان، ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىنغان. 1. ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، مەلۇم بىر كىشى بىر ئۇيغۇرچە كىتابنى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد شۆبىۋىنىنىڭ خۇسۇسلار كۆتىرە ئالغان باسما زاۋۇتىغا ئېلىپ كېلىپ ئالاقىلىشىپ 5000 يۈەنگە 2000 نۇسخا باستۇرغان. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، كىتابنىڭ نامى «جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى» ئىكەن، بۇ كىتابتا «مۇستەقىللىق»، «غازات» ھەدەپ تەشۋىق قىلىنغان، زوراۋانلىق ئۇرۇشى توغرىسىدا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق جار سېلىنغان، ھەمدە كىشىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن «غازات» قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە چاقىرغان. بۆلگۈنچىلەر يەنە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات

ۋەرەقىلىرى، خەت ـ چەكلەر ۋە شوئارلارنى ئەۋەتتى، چاپلىدى ۋە تارقاتتى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئېغىر ئەكسىيەتچىل بولۇپ، ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەردە، قەشقەر رايونىدىكى بەزى مەكتەپلەر ۋە مەسچىتلەردە، ئىلى رايونىدىكى بەزى يېزا، بازارلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېقىندىن بېرى ئەكسىيەتچىل شوئار، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئۇدا كۆپ قېتىم يۈز بەردى. 1997- يىلى 1- ئاينىڭ 9- كۈنى قەشقەر ئىسلام مەكتىپىدە ۋە ئوردا ئالدى بازىرىدا بەش خىل ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىن جەمئىي 264 پارچە بايقالغان. 6- ئاينىڭ 26- كۈنى، غۇلجا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش مەزمۇندىكى 600 پارچىگە يېقىن ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىسى تېپىلغان. مۇشۇ ئىككى يىلدا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىسى دېلوسى جەمئىي 25 قېتىم، ئەكسىيەتچىل شوئار دېلوسى 54 قېتىم، ئەكسىيەتچىل خەت ـ چەك دېلوسى 33 قېتىم يۈز بەردى.

(4) ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن بويۇملىرى، مەسىلەن، ئۈن ـ سىن لېنتىسى، VCD پىلاستىنكىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ دىن تەلۋىلىكىنى قوزغىتىپ، جەمئىيەتتىكى رېئاللىققا ھۇجۇم قىلدى.

1995- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى جايلاردىكى رەسمىي نەشرىياتلارنىڭ نامىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىدا ئاشكارا سېتىلغان ئۇيغۇرچە سەككىز خىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تەكشۈردى. بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى، مەسىلەن، «چوقان»، «ئۆلۈم يولى، ئۈمىد يولى»، «بۆرە»، «بىز ئۇيغۇرلار»، «مەن ئۇيغۇر بالىسى»، «قورقۇنۇشلۇق كېچە» قاتارلىقلاردا، ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە دىننى بايراق قىلىپ، جەمئىيەتكە دارتىملايدىغان، رېئاللىققا ھۇجۇم قىلىدىغان مەزمۇنلار بار. مەسىلەن، «ئۆلۈم يولى، ئۈمىد يولى» (يەنە بىر نامى مۇراجىئەت) دا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردىكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش مەسىلىسىدەك رېئاللىقنى كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق،

بىرخىل چۈشكۈن، خۇنۇك ۋە ئۈمىدسىز ئىجتىمائىي «رېئاللىق» كۆرسىتىلىپ، بۇنىڭ بىلەن دىن ئادەمنىڭ روھىنى قۇتۇلدۇرىدۇ دېگەن كۆزقاراش تەرغىپ قىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. بۇ ئاساسلىقى شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، بىرىنچىدىن، ئەكسىيەتچىل دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش تەرغىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ مەزمۇنىدا كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن «ۋەتەن» دېگەن سۆز شىنجاڭنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدا قانداقتۇر «ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىيلار پادىشاھلىقى قۇرۇلغان، ئۇ قۇدرەتلىك كۈچ - قۇۋۋەتتى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. 16- ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز كاپىرلارنىڭ زېمىنىگە ئايلىنىپ قالغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى ئىنسانىيەت جەبرى - جاپاسىنى يەتكىچە چېكىپ، دۇنيادىكى ئەڭ قالاق، ئەڭ بىچارە ۋە تايانچىسىز مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق» دېيىلگەن. ئىككىنچى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى قارىمۇ قارشى قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى دەپ، «ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ئاق زەھەر خىروئىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ھالاك قىلماقتا» دېگەن. ئۈچىنچى، جەمئىيەتتىكى بەزى رەزىللىكلەر، مەسىلەن، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئىپپەت نومۇسىنى سېتىشقا ئوخشاشلارنى مۇبالىغە قىلىپ، رېئاللىقنى ئىنكار قىلىپ ۋە بۇرمىلاپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەنلىككە ئارتىپ، بۇ ھال «ئۇلار ئىسلام رەھبەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، شۇنداقلا مىللىتىمىزنى ۋە ياشلىرىمىزنى ئىسلام روھى بىلەن قوراللاندۇرمىغانلىقىمىزدىن، ئۇلارغا خۇداغا ئىشىنىش تەربىيىسى بەرمىگەنلىكىمىزدىن بولدى» دېگەن. تۆتىنچى، دىن نامى بىلەن، ئاياللار ۋە بالىلارنى دىنغا ئىشىنىشكە قۇتراتتى. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەتكە قاتنىشىشىغا قارشى تۇردى، ئوغۇللار 12 يېشىدا، قىزلار 9 يېشىدا ناماز ئوقۇشقا باشلاشنى مۇراجىئەت قىلدى،

ھازىرقى نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇردى، ئۇيغۇرلارنى «دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، يۇرتنى پاكلاشتۇرۇش، ئىسلام مەشئىلىنى قەدىرلىك يۇرتىمىزدا ئۆچۈرمەسلىك» كە چاقىردى. بۇنداق مەزمۇندىكى ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تەڭدىن تولىسىدا ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ دېھقان - چارۋىچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنى ئەسلەشتە ئىشلەتكەن سۆزلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «چوقان» دېگەن ئۇنئالغۇ لېنتىسىدا مۇزىكىلىق دېكلاماتسىيە شەكلىدە ۋە ياپىا ئۇسۇلدا، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنى دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ دەپ بۆھتان قىلىنغان، بۇنداق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىلا لازىم، دېيىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسەرمۇ ئۇنئالغۇغا ئېلىنىپ، سەلبىي نەرسىلەر ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا يىغىنچاقلىنىپ، ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن خاھىشى پارچىلىنىپ، جەمئىيەتكە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. 1997- يىل 1- ئايدا شىنجاڭدىكى مەلۇم ئۈن - سىن نەشرىياتى چىقارغان ئۇيغۇرچە «تەلىم» دېگەن لېنتىدىكى «مېھمان» دېگەن ناخشىدا ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار. چېچىنىيەدىكى ئۇرۇش سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان «مۇستەقىللىق كۈرىشى» دېگەن كىتاب (ئۇيغۇرچە) نىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىمۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ، جەمئىيەتتە كەڭ تارقىتىلدى. بۆرتالا ئوبلاستىدا «باغۋەننىڭ شىكايىتى»، «ھارۋىكەش»، «ئەسلىمە»، «دوست» دېگەنگە ئوخشاش مۇزىكىلىق شېئىر ئۇنئالغۇ لېنتىسى مەلۇم بولغان، ئۇلاردىمۇ ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار ئىكەن. «ئامانلىق يولى» دېگەن يەنە بىر ئۇنئالغۇ لېنتىسى بار. بۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىرلىك قېرىنداشلار، قولۇڭلاردىكى بۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسى سىلەرگە كىشىلەر ئارىسىدا يامراپ يۈرۈۋاتقان تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، رەزىللىك، ئىپلاسلىق، خورلۇق قاتارلىق ئىجتىمائىي زۇلۇمنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىنى ئىلمىي دەلىل - ئىسپات بىلەن دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سىلەرگە ئىنسانىيەت

جەمئىيەتتىكى زۇلۇمدىن قانداق قۇتۇلۇش، كىشىلەر ئىنتىلىۋاتقان، جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان ئاسايىشلىق، بەخت ـ سائادەتلىك، باي ـ پاراۋان، بەختكە تولغان يېڭى تۇرمۇشقا قانداق ئىگە بولۇشنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇ خۇدانىڭ بىزگە ھەمراھ ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى» دېيىلگەن. بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىدا جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلىنىپ، رېئاللىققا دارىتمىلانغان، دىنىي تەلۋىلىك قۇترىتىلغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بۇزمىلانغان. بەزى رايونلاردا قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرى ياكى مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل بولغان ئۈن ـ سىن بويۇملىرى توختىماي چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ. قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، قولغا چۈشۈرۈلگەن مۇشۇ خىلدىكى ئۈن (سىن) لېنتىلىرى 3000 غا يېتىدۇ. مەسىلەن، «ئىسلام مارشى»، «بىر ئاللىمنىڭ سۆزى»، «ئۈمىد نۇرى»، «ئامانلىق يولى»، «بېشارەت»، «مېھمان بولۇش»، «چالا تەگكەن ئوق» دېگەنگە ئوخشاش بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان ئۈن (سىن) لېنتىلىرى ھەر يىلى يىغىۋېلىنسا ھەر يىلى چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ. 1996- يىل 10- ئايدا، ئاقسۇ رايونىدا تۇتۇلغان ئەكسىيەتچى گورۇھنىڭ 12 نەپەر تايانچىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 132 سى، سىن ئالغۇ لېنتىسىدىن 80 ى تېپىلغان. 1997- يىل 5- ئايدا ئىلى، قەشقەر رايونلىرىدا يەنە مۇشۇ مەزمۇندىكى ئۈن ـ سىن لېنتىسىدىن نەچچە يۈزى مەلۇم بولغان. يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، دىن تەلۋىلىكنى قۇترىتىدىغان ئەكسىيەتچىل ئۈن ـ سىن بويۇملىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپىيىپ قالدى، بۇ ئۈن ـ سىن بويۇملىرى ئامىنى قاتتىق زەھەرلىدى. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر «ھەقىقەت گۆھىرى» دېگەنگە ئوخشاش ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا تەرغىب قىلىنغان «ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا غازاتقا تەييارلىق كۆرۈش دېگەن تەلىم بويىچە، توپلىشىپ جىدەل چىقىرىش ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش

ۋەقەلىرىگە ئۆزلىكىدىن قاتناشقان.

(5) خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى بازىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۆلگۈنچىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىشتە، ئىمپېرىيالىزم ۋە ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ۋاستە قىلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى قىزىقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ، سىڭىپ كىرىش دائىرىسىنى تېز كېڭەيتتى. بۇ جەھەتتە، ئىلى رايونىدىكى بەزى ئەھۋاللار ئەڭ گەۋدىلىك تىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1994- يىلدىن بۇيان، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلى رايونىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «مەشرەپ»، «چاي»، «پۇتبول»، «تەبلىغ» قاتارلىق خەلق ئارىسىدىكى پائالىيەت شەكىللىرى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك كۆزقارىشىنى تارقىتىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن كەڭ جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. «مەشرەپ» ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئىدى، لېكىن 1994- يىل 9- ئايدىن بۇيان، غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر «مەشرەپ» نى نىقاپ قىلىپ، ھەدەپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى، ناھىيە، شەھەر ئاتلاپلا قالماستىن، بەلكى ۋىلايەت ئاتلاپ، ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چوڭ - كىچىك يىغىلىش نۇقتىلىرى 350 كە يەتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر مۇشۇنداق ھەرىكەت شەكلىنى نىقاپ قىلىپ يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ، «مىللىي مەسىلە» مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىقىنى قانداق ساقلاشنى مۇھاكىمە قىلدى، مىللىي ئۆچمەنلىكنى ھەدەپ قۇتراتتى، دىن تەلۋىلىكىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى، ئاخىرى غۇلجا شەھىرىدە 1995- يىل 8- ئاينىڭ 14- كۈنىدىكى قانۇنسىز نامايىشنى قوزغىدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «مەشرەپ» نى نىقاپ قىلىش

ھەرىكەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ «چاي»، «پۇتبول» قاتارلىق پائالىيەت شەكىللىرى بىلەن شايكا ئۇيۇشتۇرۇپ، شەھەر، يېزىلاردا تايانچلارنى كۆپەيتتى. 1996- يىل 10- ئايدا بۇ پائالىيەت ئاشكارىلىنىپ چەكلەندى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «تەبلىغ» (ۋەزە ئېيتىش) ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۇنى نىقاپ قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى ۋە تىل - ھاقارەت قىلدى، دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاممىنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى. «تەبلىغ» ھەرىكىتى ئىلىدىن باشلىنىپ، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە تەدرىجىي كېڭەيدى. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشتا شەكىل بىلەن چەكلەنمىدى، بەزىدە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سۆزلىسە، بەزىدە يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ سۆزلىدى، بەزىدە ئوچۇقتىن ئوچۇق مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ۋەزە ئېيتتى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسىدىكى 17 ياشلىق مەمەت سابىر بونداق قايمۇقتۇرىدىغان ۋەزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قولىغا پالتا ئېلىپ، بېلىگە پىچاق قىستۇرۇپ ساقچىخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ كادىر ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلغان.

نۆۋەتتە، خەلق ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئاممىۋى جامائەت پىكرى بازىلىرىدىمۇ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ بولغىشى بىلەن، خېلى بىر قىسىم شەھەر، بازارلاردىكى مىللىيلارنىڭ ئەل - ئاغىنىلەر ئولتۇرۇشلىرىدا، چايلاردا ۋە ئادەتتىكى پاراڭلاردا مۇستەقىللىق ئىدىيىسى ياكى بۆلگۈنچىلىك خاھىشى بار پاراڭلار ۋە ئۇچۇرلار كۆپرەك سۆزلىنىدىغان بولۇپ قالدى، سورۇندىكى كىشىلەر ھېچ تەپتارتماي، دېمەيدىغان گېپى يوق، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، نارازىلىقىنى ئېيتىشىدۇ، قايناپ سۆزلىشىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك توغرا كەيپىيات جارى قىلدۇرۇلماي، پارتىيە ۋە دۆلەت مەنپەئەتى تەرەپتە تۇرىدىغان مىللىي يولداشلار چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ.

(6) چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە غەربتىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن (جۈملىدىن ئىنتېرنېتتىن

پايدىلىنىپ) ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى يولغا قويدى.

چەتتىن كېلىدىغان سىڭىپ كىرىش ئاساسلىقى ئىككى خىل، بىر خىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن تەركىب تاپقان تۈرلۈك بۆلگۈنچى گورۇھلار؛ يەنە بىر خىلى خەلقئارادىكى بەزى پان تۈركىزم تەشكىلاتلىرى. چەت ئەلدە قاچاقلار قۇرغان تۈرلۈك بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئون نەچچىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەيسا گورۇھى باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان خەير - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى» ئەڭ مۇھىم بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەيسا گورۇھى جامائەت پىكرى جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشنى ئەزەلدىن توختىتىپ باقمىدى، ئۇلار قايتا - قايتا «جامائەت پىكرىدىن پايدىلىنىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى زۇرۇر قورال، بارلىق تەشۋىقات بويۇملىرى جۈملىدىن «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» غا جان كىرگۈزۈپ ۋە ھاياتىي كۈچ بېرىپ، ھەر ۋاقىت ئۇنى جانلاندۇرۇش كېرەك» دېيىشتى. 1962- يىلى قۇرۇلغان «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» باشچىلىق قىلىدىغان «مۇسۇلمانلار دۇنيا ئىتتىپاقى» مۇ ئىزچىل تۈردە بىزگە سىڭىپ كىرىشنى ژورنال چىقىرىشنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىپ، «شىنجاڭغا قارىتىلغان تەشۋىقات يۆنىلىشىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۇ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش» نى «تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇھىم تاللىشى» قىلىدۇ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جار سالدى، شىنجاڭدا كەينى - كەينىدىن ئەكسىيەتچىل قوراللىق توپىلاڭ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك سېلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئويغاندى» ، «بۇ ۋەقەلەر بىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەشۋىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسى» دېيىشتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىنجاڭلىق بۆلگۈنچىلەر گېزىت - ژورنال،

رادىئو ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن ھەدەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. ئالمۇتادا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى (ئەسلىدىكى «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى») ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە سانى «يېڭى ھايات گېزىتى» ئۇلارنىڭ مۇھىم جامائەت پىكرى بازىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ ئىككى گېزىتتە شىنجاڭ تارىخى ئۆزگەرتىلگەن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بۇرمىلانغان ماقالا ۋە خەۋەرلەر تولۇپ كەتتى. ئالدىنقى يىللاردا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ باستى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماقالا، ئۇتتۇقلارنى ئېلان قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل دۆلەت» دېگەن كونا مۇقامنى تەكرارلىدى. بۇ ئىككى گېزىتتىن باشقا، ئالمۇتا، تاشكەنت ۋە ئالاتاۋ رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشۋىق قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

باش شتابى مەككىدە قۇرۇلغان مەلۇم پان ئىسلامىزم تەشكىلاتى شىنجاڭغا دىن جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق خەلقئارا تەشكىلات، شۇنداقلا خەلقئارادىكى ئەڭ زور پان ئىسلامىزم تەشكىلاتى. ئۇنىڭ كېڭەش مەجلىسى مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتىلغان سىڭىپ كىرىش مەسىلىسى ئۈستىدە تۆت قارار چىقارغان: بىرىنچى، جۇڭگو بىلەن چېگرىداش ۋە ئالاقىسى بولغان ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئوبدان ۋە ئۇنۇملۇك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى تېخىمۇ كۆپ دىنىي ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچى، شىنجاڭغا ئىسلام ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇ يەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش؛ ئۈچىنچى، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، ئىسلام مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش؛ تۆتىنچى، ئىسلام كىتابلىرى ۋە باسما ماتېرىياللىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىي قائىدىلىرىنى يەنىمۇ

بىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا ياردەم بېرىش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلات يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش سىياسىتىدىن ۋە ئۇنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. رادىئو، كىتاب، ژۇرنال ۋە ئۇن - سىن بويۇملىرىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ جىددەدىكى رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭغا قارىتىلغان ئۇيغۇر تىلى بۆلۈمى قۇرۇپ، ھەر كۈنى ئىككى سائەت خەۋەر بېرىپ، پان ئىسلامىزمنى ۋە دۆلىتىمىزنى پارچىلايدىغان سۆزلەرنى ئوچۇقتىن ئوچۇق تەرغىپ قىلدى. ئۇ يەنە پاكىستاندىكى ئىسلامئاباد رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تۈركىي تىللار بۆلۈمى قۇرۇپ، شىنجاڭغا قارىتا ئاڭلىتىش بېرىشكە مەبلەغ ياردەم قىلدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان دىنىي كىتابلارنى تۈركۈملەپ پوچتا ئارقىلىق ياكى ھەر يىلى چېگرىدىن كىرىدىغان كىشىلەردىن شىنجاڭغا كىرگۈزدى. 1983- يىلدىن 1986- يىلغىچە قەشقەر تامۇژنىسىدا تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىنغان بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى كىتابلار ۋە باشقا كىتاب، ژۇرناللار 92 مىڭغا يەتكەن. ئۈرۈمچى تامۇژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1997- يىل 1- ئايدىن 6- ئايغىچە چېگرا سىرتىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىلەر 90 مىڭ 597 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 6 پىرسەنت كۆپەيگەن، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات باسما بويۇملىرى 1859 غا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 8 پىرسەنت كۆپەيگەن.

2. خەلقئارا يىغىنلار، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇھاكىمىلىرى، كۆرگەزمە ئېچىش ۋە دىپلوماتىيە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى» نى قوللىدى. 1987- يىلى ئۇ «خەير - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسى مەمەت رىزانىڭ 5- نۆۋەتلىك ئىسلام دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنىغا شىنجاڭنىڭ تارىخى بۇرمىلانغان، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە

ھۇجۇم قىلىنغان «باياناتنامە» تاپشۇرۇشنى قوللاپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھالىتىنى ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. 1987- يىلى لوندوندا چاقىرىلغان «جۇڭگو - ياۋروپا مەدەنىيىتى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»دا، ئۇنىڭ ئەزالىرى «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ تارقاتتى. 1988- يىل 4- ئايدا، «خەير ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى» تۈركىيىدە «بىرىنچى نۆۋەتلىك تۈركىستان مەدەنىيىتى ۋە تارىخى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. ئۇ يەنە ئەيسانىڭ ئوغلى ئەركىننىڭ «دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى»دا سۆز قىلىشىنى، شىنجاڭلىق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

3. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچىۋېتىش، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، «مەبلەغ ياردەم قىلىش» نامىدا سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇ بىر تەرەپتىن كۆپلەپ پۇل ئاجرىتىپ ياكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تەسىس قىلىنغان «مەبلەغ توپلاش ساندۇقى» ئارقىلىق ئىئانە توپلاپ، شىنجاڭنىڭ «ئىززەتلىك ئىشى»غا «ياردەم قىلىپ»، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى قۇرۇپ، شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن دىن تەلۋىلىكىنى كۈچەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرۇش نامى بىلەن، كىشىلەرگە ياخشىچاق بولۇپ، بازا قۇردى. بۇنداق «دىن ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش» روشەن پان ئىسلامىزم غەرىزىگە ئىگە، خوددى قاراقاش ناھىيىسىگە مەسچىت سېلىش ئۈچۈن 90 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ياردەم بەرگەن «ئىسلام ئىتتىپاقى» ئەزاسىنىڭ ئاشكارىلاپ قويغىنىدەك: «مەسچىتنىڭ مۇنارىدا ئىسلام بايرىقى كۆپەيسۇن، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنى يورۇتۇپ تۇرسۇن!» دېگەندىن ئىبارەت. «پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرىگە ياردەم بېرىش» بولسا يامان سىياسىي غەرەزگە ئىگە. ئۇلار مەبلەغ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ ھاللاردا نام بېرىش، دەرسلىك، باشقۇرۇش قاتارلىق

مەسىلىلەردە قوشۇمچە شەرتلەرنى قويۇپ، «مۇسۇلمانلارغا سادىق ئىشەنچلىك ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرۈش»نى ئاشكارا تىلغا ئالدى.

4. زىيارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاشنى نىقاپ قىلىپ، شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. 1981- يىلى ئۇ تەشكىلات قۇربان ئابدۇللا، رەخمىتۇللا قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭغا ئەھۋالنى تىڭ - تىڭلاش، دىن تەلۋىلىكىنى قۇترىتىشقا ئەۋەتتى، 1983- يىلى يەنە ئۆزىنىڭ ئەزاسى مىجىت قاراجىنى شىنجاڭغا زىيارەتكە ئەۋەتتى، ئۇ دىن تەلۋىلىكىنى قۇترىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى تارقاتتى ھەمدە يەر ئاستى دىن ئالاقىچىلىرى ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇ تەشكىلاتنىڭ «غەيرى مۇسۇلمان دۆلەتلەر كۈتۈۋېلىش باشقارمىسى»نىڭ باشلىقى رەخمىتۇللا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا ئالتە قېتىم كېلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، دىن تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كەڭ ئېلىپ باردى، كېيىن ھۆكۈمىتىمىز ئۇنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى چەكلىدى. 1989- يىلدىن كېيىن، ئۇ تەشكىلات مەككىدىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇرەقىپ ھاجىنى شىنجاڭدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى بەزى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋە دىن تەلۋىلىرىنىڭ ماسلىشىشىغا ئىگە بولدى، بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلارغا تازا چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ غالچىسى بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ھەدەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ بەردى، ئاخبارات توپلاپ بەردى.

5. شىنجاڭدىن ھەجگە، تۇغقان يوقلاشقا ۋە چەت ئەلگە ئوقۇشقا بارغانلاردىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىر نۆۋەتتىن ھەج قىلدۇرۇش كېرەك دەپ جار سالدى. شۇڭا، ئۇلار تەشكىل ياكى شەخسىي نامىدىن نۇرغۇنلىغان ھەجگە تەكلىپ قىلىش خەتلىرىنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭلىقلارنى ھەج قىلىشقا قۇتراتتى ھەمدە ھەر يىلى كۆپلەپ ھەجگە، تۇغقان يوقلاشقا چىقىۋاتقانلار ئىچىدە ئۆزىگە تارتىش، سېتىۋېلىش

ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ھەرىكەتلەندۇردى، ئەيمەنمەستىن ئۇلارنى ئافغانىستان پارتىزانلىرىغا ئوخشاش قوشۇن تارتىپ «غازات» قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇنىڭ قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن ئىدىيەدە ئەكسىيەتچىلىشىپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۇچۇن پائال غالچىلىق قىلدى. ئۇلار يەنە شىنجاڭدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنى ۋە زىيالىيلارنى چەت ئەلگە دىن ئوقۇشقا چىقىشقا قۇترىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ «دىن ئىزباسار»لىرىنى يېتىشتۈرمەكچى بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ تەشكىلات ئارقىلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار كىشىلىرى ئارقىلىق ئۇقۇشۇپ، تاللاپ چەت ئەلدىكى دىنىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭلىق ياش - ئۆسمۈرلەر 600—700 دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىدى ناھايىتى ئېنىق: «شەرقىي تۈركىستان ئاخىرى ئازاد بولىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ ئوقۇغۇچىلار مۇسۇلمان ئەمەلدارلاردىن بولىدۇ». بەزى ئوقۇغۇچىلار چەت ئەلدە پان ئىسلامىزم تەشۋىق - تەربىيىسىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر زەھەرلىنىپ، يېڭى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەكسىيەتچى كۈچلىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى جۇڭگوغا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. ئۇلار بىرىنچىدىن ئىلمىي تەتقىقات نامى بىلەن سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى؛ ئىككىنچىدىن، رادىئو قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلاندى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالتە رادىئو ئىستانسىسىدا مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتىلغان ئاڭلىتىش بار ياكى شىنجاڭغا قارىتىلغان رادىئو پروگراممىسى بار؛ «ئامېرىكا ئاۋازى» يەنە شىنجاڭغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى پروگراممىنى تەسىس قىلدى. 1983- يىل 11- ئايدا ئامېرىكىدىكى نيۇروكتا «شەرقىي تۈركىستان ئامېرىكا جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. ئىمىن، ئەيسا، زىيا قاتارلىقلار يازغان شەرقىي تۈركىستان

ئىدىيىسى تەرغىپ قىلىنغان ئەسەرلەر ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆپ قېتىم نەشر قىلىندى، ئۇلارنىڭ 50 نەچچە خىل نۇسخىسى بار. 1998- يىل 1- ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسىدا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىش قارارىنى ماقۇللىدى، 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش رەسمىي باشلاندى. ئامېرىكا ئاۋازى، ئازادلىق رادىئو ئىستانسىلىرى شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، جامائەت پىكرى جەھەتتە قوللىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدا ئۇيغۇر، قازاق، زاڭزۇ، موڭغۇل، ئۆزبېك، خەنزۇ، ئېنگلىز تىلى قاتارلىق 25 خىل يېزىقتىكى تەكسىيەتچى كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرنالنى نەشر قىلدۇردى، يۈز خىلدىن ئارتۇق «غازات» تەشۋىق قىلىنغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قۇترىتىلغان كىتابچىلارنى باستۇردى، بەش رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى قۇردى، نۇرغۇنلىغان ئۇن - سىن بويۇملىرىنى ئىشلىدى، خەلقئارا ئىنتېرنېتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك خىتابنامىسى قاتارلىق قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلار ۋە ماتېرىياللارنى تارقاتتى. رادىئودا ئاڭلىتىش، پوچتىدىن ئەۋەتىش، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن، شىنجاڭغا قارىتا تەشۋىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. سەئۇدى ئەرەبىستانى جىددە رادىئو ئىستانسىسى، تاشكەنت قېرىنداشلار رادىئو ئىستانسىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دىنىي مەزمۇن قىلىنغان مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىسىنى كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىپ، ھەربىر توغرا جاۋاب بەرگۈچىگە 100 دوللار مۇكاپات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىشىلەرنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا يامان تەسىر كۆرسەتتى.

2. قارشى تەدبىر ۋە تەكلىپ

(1) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ماركسىزملىق «بەش قاراش»، بولۇپمۇ مەدەنىيەت قاراش تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان قەلبداشلىقى، ئويۇشۇشچانلىقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىگە بولغان بىرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت فورمىسىغا ئىگە ئالاھىدە رايون. شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر تارىختا ئىزچىل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسى داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، ئاخىرى بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتى شەكىللەنگەن. بۇنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. لېكىن بۆلگۈنچىلەر بۇ تارىخىي پاكىتلارغا قارىماي، ئاتالمىش «ئىسلام — تۈرك مەدەنىيىتى»نى تەرغىپ قىلىپ، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىدىن جېنىنىڭ بارىچە كۆز يۇمۇپ، ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتى بىلەن ئاتالمىش «ئىسلام — تۈرك مەدەنىيىتى»نىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئوخشاشلىقىنى تەشۋىق قىلدى، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلدىن تارتىپ ئۆرپ - ئادەتكە بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى تەرغىپ قىلدى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى، بولۇپمۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان سىڭىشىشچانلىق ۋە ئورتاقلىقنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، ئاتالمىش «ئىسلام — تۈرك مەدەنىيىتى»نى قەدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل، ھەتتا جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتى بىلەن قارىمۇ قارشى مەدەنىيەت ئەمەلىي گەۋدىسى دەۋالدى. بۆلگۈنچىلىكنىڭ قوتراتقۇسى بىلەن، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئاتالمىش «ئىسلام — تۈرك مەدەنىيىتى»نى

ئېتىراپ قىلىش مايىللىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئاچقان ئىسلام شۆيۈەنىگە كىرمەي، ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا قىزىقتى؛ دۆلەت نەشىر قىلغان ئىسلام دىنى كىلاسسىك كىتابلىرىنى كۆرمەي، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇچىغا چىققان دىن ئىدىيىسى بولغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى گۆھەر دەپ بىلدى؛ بەزى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى خەلقئارا «تۈركلوگىيە» تەتقىقاتىغا كۆچەپ بېرىلىپ، «تۈرك مەدەنىيىتى» دىن ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي، مەدەنىيەت يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشقا جان تىكىپ كىرىشتى. مۇبادا بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلىنمىسا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى بەلبېغى مۇقەررەر ھالدا تەدرىجى ئۈزۈلۈپ تاشلىنىدۇ.

شۇڭا، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسىنى ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە «سىڭىپ كىرىشكە قارشى»، «ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى»، «ئۆزگىرىپ كېتىشكە قارشى» مۇداپىئە سېپى ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى قورال تەنقىدى تەنقىد قورالىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، مەنىۋى كۈچنى چوقۇم مەنىۋى كۈچ بىلەنلا ۋەيران قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ نۆۋەتتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىقنى ھەدەپ بۇرمىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇترىتىشتەك سىياسىي كۆزقاراشلارنى تارقاتقانلىقى، تەرغىپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ۋە رەزىل غەرىزىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى كۆزىنى رۇشەنلەشتۇرۇش، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. 1) ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياشلارغا پان تۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزمنى تەنقىد قىلىشقا ئائىت ساۋات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان

بۇ ئىككى تېمىدىكى تەربىيە «ئۈزۈلۈپ» قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان بوشلۇقنى تولدۇرۇش لازىم. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تونۇشىنى ۋە ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. 2) ماركسىزملىق دۆلەت قاراش تەربىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى يېتەكلەپ، دۆلەتنى ئەلا بىلىدىغان، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش، دۆلەت ئېڭىنى كۈچەيتىش، مىللەت ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى تەكىتلەش، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئائىلىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كۆزقاراشنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقى، بىرلىكىنى تەكىتلەش، شۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىرادىنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش سەمىمىي ھېسسىياتىنى سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتەك ئىلمىي قاراش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش كېرەك. 3) مىللەت قاراش تەربىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئىگىلىشىگە، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكىنى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشىغا، مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلارنى ۋە خاتا نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ مىللەتلەر ئارا ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، ئورتاق گۈللىنىش قاتارلىق ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم. نۆۋەتتە، «پان ئىسلامىزم»، «پان تۈركىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمىنى ئەستايىدىل تەنقىد قىلىپ، تار مىللەتچىلىك

ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، تار مىللەتچىلىكنىڭ بىر قىسىم كادىرلار، زىيالىيلار، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر ئىچىدە پەيدا قىلغان ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ۋە تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. 4) ماركسىزملىق دىن قاراش تەربىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شىنجاڭدا دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما كۆپ، دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دىن قاراش ۋە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەم دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان، ھەم دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان، باشقىلارنى دىنغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلاشقا ھەرگىز يول قويمايدىغان كەيپىياتنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. دىنىي خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكلىكى ۋە مۇشەققەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇش، دىنىنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ۋە دۈشمەن كۈچلەر ئاسان پايدىلىنىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىش، دىنىي كۈچلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇش، فېئوداللىق داشقاللارنىڭ يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈشىدىن ھوشيار بولۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. 5) جۇڭخۇا مىللىتى تارىخى ۋە شىنجاڭ تارىخى بىلىملىرى ھەققىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆز قارىشىنى قوللىنىشقا ماھىر بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ زور

تارىخي ۋەقەلەر، زور تارىخي شەخسلەر، زور تارىخي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، توپ خاراكتېرلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق تونۇش مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ 6) ئىلمىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئاتېئىزم تەربىيىسىنى مەردانىلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە ماتارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلمىي ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىنى، بولۇپمۇ دېھقان، چارۋىچىلارنى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، زامانىۋى مەدەنىيەتكە ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم.

قىسقىسى، «بەش قاراش» تەربىيىسىدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىززىق نۇقتىلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەيپىياتنى توغرىلاش، زىددىيەتنى يېشىش كېرەك؛ تەربىيىدە ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈش، قاتلاملارنى ئايرىش، ھەر مىللەت پارتىيىلىك كادىرلىرى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى نۇقتا قىلىش كېرەك؛ تەربىيە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، ئۈنۈملۈك بولغان يۈزتۇرانە تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ۋە زامانىۋى جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش، ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەربىيە دەرسلىكى ۋە ئاممىباب چۈشىنىشلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دەرسلىك كەم بولۇش ۋە دەرسلىك دەرسخانىغا كىرىش تەس بولۇش مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك؛ مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

ئېيى ۋە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئۇيدان تۇتۇش، تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللەتلەر بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(2) كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، «روھىي ھۆججۈمنى ئۈستۈن قويۇش»نى خېلى ئۇزاققىچە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت قىلىش كېرەك.

كەلگۈسىدىكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە «قاتتىق زەربە بېرىش» بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر مەركىزىي ۋەزىپە — كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش. «روھىي ھۆججۈمنى ئۈستۈن قويۇش» خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت بولۇشى كېرەك. «قاتتىق زەربە بېرىش»تىن مەقسەت دۈشمەننى يوقىتىش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردا، بىز دىكتاتورا ۋاسىتىسىنى كۈچەيتىشكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىش يۆنىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق سۇيىقەستلىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتقا ئايلىنىشىغا يول قويماي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردۇق. لېكىن بۇ ئاساسىي جەھەتتىن ۋاقىتلىق تۈزەش خىزمىتىگە تەۋە بولۇپ، تۈپتىن تۈزەش تەدبىرى نىسبىي ھالدا ئاجىز بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن قىسمەن جايلاردىكى بەزى ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلدى ياكى ئۇلارنى خۇپىيانە قوللىدى. بىرنەچچە ئېغىر ۋەقە مەسىلىنى ئۇيدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: 1998- يىل 20- ئاپرېلدا بىزنىڭ قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر، جەڭچىلىرىمىز بىلەن بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق قارشىلىشىش داۋامىدا، بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاپانچىلىرىدىن بېرى يارىلانغان، ئۇنىڭ قان ئىزى بىر كىلومېتىر يەرگىچە تېمىپ بارغان، بۇ جىنايەتچى غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاران 400 ئادىمى بار

بىر كەنتكە مۆكۈنىۋالغان. بىز تەرەپتىن نەچچە يۈز قوراللىق ساقچى كەنتنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيمۇ ئۇي تەكشۈرۈپ، ئۈچ قېتىم قايتا - قايتا ئاقتۇرۇپ ئۇ جىنايەتچىنى تاپالمىغان. ئىلى ۋىلايىتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتىبىشى ئىبراھىم ئىسمايىل ئۈستىدە 90- يىللارنىڭ باشلىرىدىلا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ، يەتتە يىلدىن ئارتۇق ئىزدىگەن (98- يىلى 4- ئايدا تۇتۇلدى)، لېكىن ئۇ دائىرىسى چوڭ بولمىغان بىر نەچچە يېزا - كەنتتىكى ئاممىنىڭ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرگەن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 50- نەچچە ئائىلە ئۇنى بىۋاستە قانات ئاستىغا ئالغان. بۆلگۈنچىلەر قىسمەن جايلارنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە لەخمە قازغان، خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىكى بىر كەنتتە بىر كۆل قېزىلغان تۇپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنى ھېچكىم مەلۇم قىلمىغان، بۇ ھال بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قىسمەن جايلاردا مەلۇم «ئاممىۋى ئاساسى» بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، گەرچە ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىز ھالەتتە بولۇپ كەلدى، يېقىنقى يىللاردىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرمىدى؛ بۇنىڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى بوش قويۇۋېتىلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ «زەربىسى» بار، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى بىزنىڭ خىزمىتىمىز يېتىشىپ ماڭالمىدى. ئۇزاقتىن بۇيان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى، بولۇپمۇ يۈزتۇرانە ئىدىيىۋى تەربىيىنى، پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە كادىرلارغا بولغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق، بەزى جايلاردا ۋە ئورۇنلاردا، ماركسىزم تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ سىياسەتتى تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى، ئاتېئىزم تەربىيىسىدە «بوشلۇق» پەيدا بولدى، ئۇياق - بۇياقتا يۈرىدىغان، ئائىلىسىمۇ، تەشكىلىمۇ «ئىزدىمەيدىغان» ياشلار ئىدىيىۋى تەربىيىدىكى بوشلۇق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر دىنىي ھەرىكەت بىلەن

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چېگرىسىنى ئايرىيالماي، ناماز ئوقۇش مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، ناماز ئۆتىمەسلىك ئۆز مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارىدى. يەنە بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئادەتتىكى ئاممىنىڭ قاتارىغا قويۇپ، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى ۋە ئۇنى قوللىدى، ھەتتا ئاخۇن بولۇپ ئامما ئارىسىدا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بىز ئاممىغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئىزچىل ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ بىر مۇنچە جايلاردا شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى، رولى چوڭ بولمىدى، ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. قىسمەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى دىنىي كۈچلەر تارتىۋالدى، ئامما ئېيتقاندەك: «كومپارتىيىنىڭ رادىئو كانىيى ئېلىۋېتىلىپ، ئاخۇنلارنىڭ كانىيى ئورنىتىلدى» ئېغىر نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلدى، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئورنىنى دىنىي ۋەزە نەسىھەت ئىگىلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا ئىجابىي يېتەكلەش ۋە تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. زور تۈركۈمدىكى ئامما دەس تۇرۇپ چىن كۆڭلىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلمىسا، شىنجاڭدا ئۇزاق ئامان ـ ئېسەن مۇقىم ۋەزىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. 1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، تۈرگە ئايرىپ تەربىيە بېرىشى، ۋاقتىدا توغرا

ئىدىيىۋى يېتەكلەش ئارقىلىق زىددىيەتنى ھەل قىلىشى لازىم. 2) ئەنئەنىۋى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈزتۇرانە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تەشۋىقات، ئىدىيە سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئامما ئارىسىدىكى تەشۋىقات قىلىش كېرەك. ھەرقانداق تەشۋىقات قورالى يۈزتۇرانە تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يۈزتۇرانە تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىشتىكى قايىل قىلىش تەربىيىسى بىلەن كىنو، تېلېۋىزىيىلەردىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئاممىۋى يىغىلىش شەكلىدىكى مەركەزلىك تەربىيىنى كەنت، ئائىلىلەرگە بېرىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئايرىم تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بەزى جايلاردا ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇش، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزىلاردىكى دوكلاتچى، تەشۋىقاتچى، گېزىت ئوقۇپ بەرگۈچى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن. 3) جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدىكى نامى بار كىشىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان رەھبىرىي كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاتېئىزمنى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلىتىش، مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭ تارىخىنى ۋە قانۇن - قائىدىلەرنى سۆزلىتىش، تەسىرى بار دىنىي زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى سۆزلىتىش، بۇ سۆزلەرنى ئۈن - سىنغا ئېلىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ماتېرىيالى قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە تارقىتىپ، ئاممىغا ئاڭلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قەھرىمان -

نەمۇنىچىلەر دوكلات ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە سەييارە دوكلات سۆزلىتىش، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاخۇن، ئىماملارنى ئومۇميۈزلۈك ئۇيۇشتۇرۇپ، «ۋەز» ئېيتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. قىسقىسى، ھەرخىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بولغان ئىجابىي تەشۋىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت قىلىش لازىم.

(3) شەھەر - يېزىلاردىكى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇش لازىم.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدىيىۋى خىزمەتتىكى ئۇل قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئاجىز بولدى. بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئامان - ئېسەنلىكىنى قوغداش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ناھايىتى يىراق. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: 1) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت كىتابلىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە، ئۈن - سىن بويۇملىرى ناھايىتى كەم، ھازىر بارلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيەلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىنى ئاڭلىتىش مىقدارىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىگە يېتىدۇ. 2) رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى مۇكەممەل ئەمەس، رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى تولۇق ئەمەس، شىنجاڭ بويىچە 8846 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە 1707 كەنت رادىئو ئاڭلىيالمايدۇ، 1745 كەنت تېلېۋىزور كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن، شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا دولقۇندا ئېلىپ ئاڭلىتىدىغان 25 ئىستانسا ئاڭلىتىش ۋاقتىنى قىسقارتتى، خەۋەر تارقىتىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىي بار تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ رولى ئېغىر ھالدا ئاجىزلىشىپ، ئامما پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى

ۋاقتىدا ئاڭلىيالمىدى، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن تەشۋىقات - تەربىيىدىكى بوشلۇققا ئايلىنىپ قالدى. رادىئو - تېلېۋىزور بار بەزى يېزا، كەنتلەردىمۇ پروگراممىا ئاز (ھەرقايسى ئىستانسىلار پروگراممىنى ئۆزى تۈزگەچكە، بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە ئىستانسىلاردا ئېلان بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا نەرسە يوق)، ئاڭلىتىش ۋاقتى قىسقا بولغانلىقتىن، تېگىشلىك رولى جارى قىلدۇرۇلمىدى. مەسىلەن، ئاقتۇ ناھىيىسىدە ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم رادىئو خەۋىرى بېرىلىدىكەن، ئاڭلىتىش ۋاقتى ئاران تۆت سائەت ئىكەن، بۇ ھال تېخى گېزىتتە ياخشى تەجرىبە دەپ خەۋەر قىلىنغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىش ۋاقتى ۋە كۈچى بىزنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشۈپ، مەلۇم سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان. مەسىلەن، قازاقىستان رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاۋازى ئۇرۇمچىدە ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىدۇ؛ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى بىزنىڭ بىر قىسىم چېگرا جايلىرىمىزدا خالىغانچە كۆرگىلى بولىدۇ. قازاقىستاندا چىقىدىغان بەزى ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللار ئۇزاقتىن تارتىپ بىزنىڭ شىنجاڭغا قارىتا قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. 3) ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بولمايۋاتىدۇ. ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرى (تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ) كەنتلەرگە بارغاندىن كېيىن، بەزىلىرىنى كەنت كادىرلىرى ئۆيىگە قويىۋېلىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسى بولۇپ قالغان؛ بەزىلىرى كەنت مەدەنىيەت ئۆيىگە قويۇلۇپ، كەمدىن كەم ئىشلىتىلگەن ياكى مۇۋاپىق ئىشلەتمەي بۇزۇپ قويۇلغان؛ ئايرىم جايلاردا ھەتتا دىنىي ئىدىيىنى تارقىتىدىغان قورال بولۇپ قالغان. 4) ئاساس مەدەنىيەت بازىلىرى ئۇل قۇرۇلۇشى ئاجىز. بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرى كەم، ئالدىنقى يىللاردا بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن؛ بۇ ئىككى يىلدا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي پىلان يوق. ئىككىنچىدىن، بىرمۇنچە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى ئىنتايىن ئاددى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىمۇ قۇرۇلمىغان. بەزى چەت ياقىلاردىكى يېزا،

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «رادىئو ئاۋازى ئاڭلانمىغان، تېلېۋىزور كۆرۈنمىگەن، كادىرلار سۆزلىمىگەن» بولغاچقا، ئامما پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولالمىغان، شۇ تەشۋىقات، تەربىيەدە ساۋاتسىز رايون بولۇپ قالغان. بىر مۇنچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئامما مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى بىلەلمىگەن. بەزىلىرى ھەتتا خاتا چۈشىنىپ قالغان. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى «نامراتلارنى يۆلەيدىغان» ھۆججەت دەپ قارىغان، بەزىلەر «كومپارتىيە دىنغا ئىشىنىشىمىزگە يول قويمايدىكەن» دەپ قارىغان.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، قىسمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرى ئېغىر ھالدا رولىنى يوقاتقان. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرى سەلبىي ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان خېلى بىر قىسىم كىشىلەر قايمۇقتۇرۇلدى، ھەتتا بەزى پارتىيە ئەزالىرىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى. مەسىلەن، 1999- يىل 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسى 16-، 17-، 18- كەنتلىرىدە دىن ئەسەبىيلىرى مەسچىتتە 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى قۇترىتىپ، ئازدۇرۇپ، قورقىتىپ پارتىيىدىن كوللېكتىپ چېكىندۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەردى.

شۇڭا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ئامان، ئېسەنلىكى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تولۇق تونۇشىمىز لازىم. چۈنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت — پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ بەلگىسى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» قەستىگە ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان

تارىخىي ۋەقەلەر، زور تارىخىي شەخسلەر، زور تارىخىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، تۈپ خاراكتېرلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق تونۇش مەسىلىلىرىنى تۈۋرتىلىق ھەل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ 6) ئىلمىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئاتېئىزم تەربىيىسىنى مەردانىلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە ماتارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلمىي ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىنى، بولۇپمۇ دېھقان، چارۋىچىلارنى خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، زامانىۋى مەدەنىيەتكە ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم.

قىسقىسى، «بەش قاراش» تەربىيىسىدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىززىق نۇقتىلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەيپىياتنى توغرىلاش، زىددىيەتنى يېشىش كېرەك؛ تەربىيىدە ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈش، قاتلاملارنى ئايرىش، ھەر مىللەت پارتىيىلىك كادىرلىرى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى نۇقتا قىلىش كېرەك؛ تەربىيە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، ئۈنۈملۈك بولغان يۈزتۇرانە تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ۋە زامانىۋى جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش، ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەربىيە دەرسلىكى ۋە ئاممىباب چۈشىنىشلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دەرسلىك كەم بولۇش ۋە دەرسلىك دەرسخانىغا كىرىش تەس بولۇش مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك؛ مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

ئېيى ۋە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش، تۈرلۈك شەكىللەردىكى مىللەتلەر بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(2) كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، «روھىي ھۇجۇمنى ئۈستۈن قويۇش»نى خېلى ئۇزاققىچە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت قىلىش كېرەك.

كەلگۈسىدىكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە «قاتتىق زەربە بېرىش» بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر مەركىزىي ۋەزىپە — كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش. «روھىي ھۇجۇمنى ئۈستۈن قويۇش» خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت بولۇشى كېرەك. «قاتتىق زەربە بېرىش»تىن مەقسەت دۈشمەننى يوقىتىش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردا، بىز دىكتاتورا ۋاستىسىنى كۈچەيتىشكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىش يۆنىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق سۇيىقەستلىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتقا ئايلىنىشىغا يول قويماي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردۇق. لېكىن بۇ ئاساسىي جەھەتتىن ۋاقىتلىق تۈزەش خىزمىتىگە تەۋە بولۇپ، تۈپتىن تۈزەش تەدبىرى نىسبىي ھالدا ئاجىز بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن قىسمەن جايلاردىكى بەزى ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلدى ياكى ئۇلارنى خۇپىيانە قوللىدى. بىرنەچچە ئېغىر ۋەقە مەسىلىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: 1998- يىل 20- ئاپرېلدا بىزنىڭ قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر، جەڭچىلىرىمىز بىلەن بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق قارشىلىشىش داۋامىدا، بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرىدىن بىرى يارىلانغان، ئۇنىڭ قان ئىزى بىر كىلومېتىر يەرگىچە تېمىپ بارغان، بۇ جىنايەتچى غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاران 400 ئادىمى بار

بىر كەنتكە مۆكۈنىۋالغان. بىز تەرەپتىن نەچچە يۈز قورالliq ساقچى كەنتنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيمۇ ئۆي تەكشۈرۈپ، ئۈچ قېتىم قايتا - قايتا ئاقتۇرۇپ ئۇ جىنايەتچىنى تاپالمىغان. ئىلى ۋىلايىتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتىبىشى ئىبراھىم ئىسمايىل ئۈستىدە 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ، يەتتە يىلدىن ئارتۇق ئىزدىگەن (98 - يىلى 4 - ئايدا تۇتۇلدى)، لېكىن ئۇ دائىرىسى چوڭ بولمىغان بىر نەچچە يېزا - كەنتتىكى ئاممىنىڭ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرگەن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 50 نەچچە ئائىلە ئۇنى بىۋاسىتە قانات ئاستىغا ئالغان. بۆلگۈنچىلەر قىسمەن جايلارنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە لەخمە قازغان، خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىكى بىر كەنتتە بىر كۆل قېزىلغان تۇپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنى ھېچكىم مەلۇم قىلمىغان، بۇ ھال بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قىسمەن جايلاردا مەلۇم «ئاممىۋى ئاساسى» بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، گەرچە ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىز ھالەتتە بولۇپ كەلدى، يېقىنقى يىللاردىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىدى؛ بۇنىڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى بوش قويىۋېتىلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ «زەربىسى» بار، لېكىن ئېخىمۇ مۇھىمى بىزنىڭ خىزمىتىمىز يېتىشىپ ماڭالمىدى. ئۇزاقتىن بۇيان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى، بولۇپمۇ يۈزتۇرانە ئىدىيىۋى تەربىيىنى، پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە كادىرلارغا بولغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق، بەزى جايلاردا ۋە ئورۇنلاردا، ماركسىزم تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ سىياسىتى تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى، ئاتېئىزم تەربىيىسىدە «بوشلۇق» پەيدا بولدى، ئۇياق - بۇياقتا يۈرىدىغان، ئائىلىسىمۇ، تەشكىلىمۇ «ئىزدىمەيدىغان» ياشلار ئىدىيىۋى تەربىيىدىكى بوشلۇق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر دىنىي ھەرىكەت بىلەن

مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ چېكىرىسىنى ئايرىيالماي، ناماز ئوقۇش مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ناماز ئوتىمەسلىك ئۆز مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارىدى. يەنە بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئادەتتىكى ئاممىنىڭ قاتارىغا قويۇپ، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى ۋە ئۇنى قوللىدى، ھەتتا ئاخۇن بولۇپ ئامما ئارىسىدا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بىز ئاممىغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئىزچىل ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ بىرمۇنچە جايلاردا شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى، رولى چوڭ بولمىدى، ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. قىسمەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى دىنىي كۈچلەر تارتىۋالدى، ئامما ئېيتقاندەك: «كومپارتىيىنىڭ رادىئو كانىيى ئېلىۋېتىلىپ، ئاخۇنلارنىڭ كانىيى ئورنىتىلدى» ئېغىر نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلدى، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئورنىنى دىنىي ۋەزە نەسىھەت ئىگىلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا ئىجابىي يېتەكلەش ۋە تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. زور تۈركۈمدىكى ئامما دەس تۇرۇپ چىن كۆڭلىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلمىسا، شىنجاڭدا ئۇزاق ئامان - ئېسەن مۇقىم ۋەزىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. 1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكىتلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، تۈرگە ئايرىپ تەربىيە بېرىشى، ۋاقتىدا توغرا

ئىدىيىۋى يېتەكلەش ئارقىلىق زىددىيەتنى ھەل قىلىشى لازىم. 2) ئەنئەنىۋى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈزتۇرانە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىنى مەھكەم ئىشغال قىلىش كېرەك. ھەرقانداق تەشۋىقات قورالى يۈزتۇرانە تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يۈزتۇرانە تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈكلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىشتىكى قايىل قىلىش تەربىيىسى بىلەن كىنو، تېلېۋىزىيىلەردىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئاممىۋى يىغىلىش شەكلىدىكى مەركەزلىك تەربىيىنى كەنت، ئائىلىلەرگە بېرىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئايرىم تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بەزى جايلاردا ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇش، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماسلىقتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزىلاردىكى دوكلاتچى، تەشۋىقاتچى، گېزىت ئوقۇپ بەرگۈچى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن. 3) جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدىكى نامى بار كىشىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان رەھبىرىي كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاتېئىزمنى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلىتىش، مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭ تارىخىنى ۋە قانۇن - قائىدىلەرنى سۆزلىتىش، تەسىرى بار دىنىي زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشنى سۆزلىتىش، بۇ سۆزلەرنى ئۈن - سىنغا ئېلىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ماتېرىيالى قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە تارقىتىپ، ئاممىغا ئاڭلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش بويىچە قەھرىمان -

نەمۇنچىلەر دوكلات ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە سەييارە دوكلات سۆزلىتىش، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاخۇن، ئىماملارنى ئومۇميۈزلۈك ئۇيۇشتۇرۇپ، «ۋەز» ئېيتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. قىسقىسى، ھەرخىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بولغان ئىجابىي تەشۋىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاممىغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىدىيۋى خىزمەتنى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان يېتەكچى سىياسەت قىلىش لازىم.

(3) شەھەر - يېزىلاردىكى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇش لازىم.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدىيۋى خىزمەتتىكى ئۇل قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئاجىز بولدى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئامان - ئېسەنلىكىنى قوغداش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ناھايىتى يىراق. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: 1) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت كىتابلىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە، ئۈن - سىن بويۇملىرى ناھايىتى كەم، ھازىر بارلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيەلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىنى ئاڭلىتىش مىقدارىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىگە يېتىدۇ. 2) رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى مۇكەممەل ئەمەس، رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى تولۇق ئەمەس، شىنجاڭ بويىچە 8846 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە 1707 كەنت رادىئو ئاڭلىيالمايدۇ، 1745 كەنت تېلېۋىزور كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن، شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا دولقۇندا ئېلىپ ئاڭلىتىدىغان 25 ئىستانسا ئاڭلىتىش ۋاقتىنى قىسقارتتى، خەۋەر تارقىتىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلى بار تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ رولى ئېغىر ھالدا ئاجىزلىشىپ، ئامما پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى

ۋاقتىدا ئاڭلىيالمىدى، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن تەشۋىقات - تەربىيىدىكى بوشلۇققا ئايلىنىپ قالدى. رادىئو - تېلېۋىزور بار بەزى يېزا، كەنتلەردىمۇ پروگراممىا ئاز (ھەرقايسى ئىستانسىلار پروگراممىنى ئۆزى تۈزگەچكە، بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە ئىستانسىلاردا ئېلان بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا نەرسە يوق)، ئاڭلىتىش ۋاقتى قىسقا بولغانلىقتىن، تېگىشلىك رولى جارى قىلدۇرۇلمىدى. مەسىلەن، ئاقتۇ ناھىيىسىدە ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم رادىئو خەۋىرى بېرىلىدىكەن، ئاڭلىتىش ۋاقتى ئاران تۆت سائەت ئىكەن، بۇ ھال تېخى گېزىتتە ياخشى تەجرىبە دەپ خەۋەر قىلىنغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىش ۋاقتى ۋە كۈچى بىزنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشۈپ، مەلۇم سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان. مەسىلەن، قازاقىستان رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاۋازى ئۈرۈمچىدە ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىدۇ؛ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى بىزنىڭ بىر قىسىم چېگرا جايلىرىمىزدا خالىغانچە كۆرگىلى بولىدۇ. قازاقىستاندا چىقىدىغان بەزى ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللار ئوزاقتىن تارتىپ بىزنىڭ شىنجاڭغا قارىتا قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. 3) ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بولمايۋاتىدۇ. ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرى (تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ) كەنتلەرگە بارغاندىن كېيىن، بەزىلىرىنى كەنت كادىرلىرى ئۆيىگە قويىۋېلىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسى بولۇپ قالغان؛ بەزىلىرى كەنت مەدەنىيەت ئۆيىگە قويۇلۇپ، كەمدىن كەم ئىشلىتىلگەن ياكى مۇۋاپىق ئىشلەتمەي بۇزۇپ قويۇلغان؛ ئايرىم جايلاردا ھەتتا دىنىي ئىدىيىنى تارقىتىدىغان قورال بولۇپ قالغان. 4) ئاساس مەدەنىيەت بازىلىرى ئۇل قۇرۇلۇشى ئاجىز. بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرى كەم، ئالدىنقى يىللاردا بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، بۇ ئىككى يىلدا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي پىلان يوق. ئىككىنچىدىن، بىرمۇنچە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئىنتايىن ئاددى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىمۇ قۇرۇلمىغان. بەزى چەت ياقىلاردىكى يېزا،

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «رادىئو ئاۋازى ئاڭلانمىغان، تېلېۋىزور كۆرۈنمىگەن، كادىرلار سۆزلىمىگەن» بولغاچقا، ئامما پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولالمىغان، شۇ تەشۋىقات، تەربىيىدە ساۋاتسىز رايون بولۇپ قالغان. بىر مۇنچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئامما مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى بىلەلمىگەن. بەزىلىرى ھەتتا خاتا چۈشىنىپ قالغان. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى «نامراتلارنى يۆلەيدىغان» ھۆججەت دەپ قارىغان، بەزىلەر «كومپارتىيە دىنغا ئىشىنىشىمىزگە يول قويمايدىكەن» دەپ قارىغان.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، قىسمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرى ئېغىر ھالدا رولىنى يوقاتقان. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىيلىرى سەلبىي ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان خېلى بىر قىسىم كىشىلەر قايمۇقتۇرۇلدى، ھەتتا بەزى پارتىيە ئەزالىرىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى. مەسىلەن، 1999- يىل 1- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسى 16-، 17-، 18- كەنتلىرىدە دىنىي ئەسەبىيلىرى مەسچىتتە 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى قۇترىتىپ، ئازدۇرۇپ، قورقىتىپ پارتىيىدىن كوللېكتىپ چېكىندۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەردى.

شۇڭا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ئامان، ئېسەنلىكى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تولۇق تونۇشىمىز لازىم. چۈنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت — پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ بەلگىسى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» قەستىگە ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان

مەدەنىيەت سېپىلىنى ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تورلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھەممە يېزىلاردا تېلېۋىزور بولۇش، ھەممە كەنتلەردە رادىئو ئاڭلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ھەمدە ئاڭلىتىش ۋاقتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز، ئىستانسىلارنىڭ ئاڭلىتىش كۈچىنى كۈچەيتىشىمىز، قازاقچە، ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە پروگراممىلارنى تولۇقلىشىمىز لازىم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھەممە يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. يېزا ـ كەنتلەردىكى ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك، بارلىق ئېلېكترلەشكەن تەربىيە ئەسۋابلىرىنى كەنت مەدەنىيەت ئۆيىگە قويۇپ، مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش، باشقۇرغۇچىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كېرەك. ئېلېكترلەشكەن تەلىم ـ تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرىنى ئوبدان قۇرۇش، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، گېزىت ـ ژۇرناللارنى يەتكۈزۈشنى تېزلىتىش، كىنو قويۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ۋە ئوقۇش، ئىشلىتىشنى ئوبدان ئويۇشتۇرۇش كېرەك؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم ـ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش، ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە ۋە مەدەنىي كەنت، بازار بەرپا قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېزا ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، «مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرادىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان يار - يۆلەكنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان مۇداپىئە سېپىنى ھەقىقىي قۇرۇپ چىقىش لازىم.

(4) توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك.

گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرى سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تارقىتىشتىكى بازا، شۇنداقلا ۋاستە بولۇپ، بۇنداق ۋاستە ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكىلى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي روھىي ھالەتكە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، بىزدە نەشر قىلىش، تارقىتىشنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئاجىز ھالقىلار ساقلىنىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە تۈرلۈك خاتا ئىدىيە ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيىلەرنىڭ تارقىلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ قويدۇق. بىرىنچىدىن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولمىدى. ئاخبارات، نەشرىيات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان بولمىدى، ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئاخبارات، نەشرىيات ۋە مەدەنىيەت بازارلىرىدا كۆپ تەرەپلىك باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولماسلىق، ماسلىشىش كۈچلۈك بولماسلىق ئەھۋالى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاخبارات، نەشرىيات باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق، مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنىڭ تولىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، شۇڭا باشقۇرۇش جەھەتتە ئېغىر بوشلۇق ساقلاندى. شۇنداقلا ئاخبارات، نەشرىيات ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى تىل - يېزىق بويىچە ئايرىپ باشقۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان

مىللەت خىزمەتچى خادىملىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ئۈستۈنلۈكنى تولۇقلاش كەم بولۇپ، باشقۇرۇش جەھەتتە ئاسانلا كاۋاك پەيدا بولۇپ، تارقىتىش مەزمۇنى جەھەتتە ھەرقايسى ئۆزى بىلگەنچە ئىشلەپ، تەشۋىقات ئورانى بىردەك بولماسلىق ئەھۋاللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇردى. ئىككىنچىدىن، باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىدى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، باشقۇرۇش تەدبىرلىرى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. تۈرلۈك باسما كارخانىلىرى ۋە باسما نۇقتىلىرى، خەت ئۇرۇش، كۆپەيتىپ بېسىش نۇقتىلىرى ۋە دىنىي كىتابلارنى سېتىش نۇقتىلىرىمۇ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئىچىگە ئېلىنماي، قانۇنسىز تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش كۈچى يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن، تەكشۈرۈش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنمىدى. بىر قىسىم گېزىتخانا ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ھالقىنى ئىگىلەش قاتتىق بولمىدى، ماقالە ۋە كىتابلارنى نەشر قىلىشتىكى «ئۈچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنمىدى، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە مەسىلە بار بەزى ماقالىلار ۋە كىتابلار نەشر قىلىنىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. يەنە مەسىلەن، خىزمەت ئىنتىزامى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىدى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بەزىدە مەسىلە كۆرۈلگەندىن كېيىن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىدى، ھەتتا ئالاقىدار خادىملارنىڭ ۋە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمىدى. ئايرىم نەشرىياتلاردا نەچچە رەت ئېغىر مەسىلە كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەستايىدىل ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش بولمىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاخبارات، نەشرىيات ۋە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. 1) جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ ۋەزنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئاخبارات مەزمۇنىنى شۇ ۋاقىتتىكى خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى تېلېۋىزىيە،

رادىئو، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى مەزمۇن بىلەن ئاساسەن بىردەك قىلىشنى ئەستايىدىل ئىشقا ئاشۇرۇش، زور مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەشۋىقات يېزىقىنى تامامەن ئوخشاش قىلىش لازىم.

2. نەشىر بويۇملىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. گېزىتخانا، نەشرىياتلار «ئۆچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سىياسىي ھالقىنى ئوبدان ئىگىلەپ، نەشىر بويۇملىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاخبارات، نەشرىيات تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بولۇپمۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى كۆرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم. تۈرلۈك نەشىر بويۇملىرىنى پات ـ پات تاللاپ تەكشۈرۈپ، تەشۋىقات ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مەسىلە بار كىتاب ـ ژۇرناللارنى مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئوقۇپ چىقىش، تەكشۈرۈش كېرەك. بېسىش، تارقىتىشنى توختىتىشقا تېگىشلىكلەرنى قەتئىي توختىتىش، كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى دەرھال كۆيدۈرۈش لازىم. مەسىلە ئېغىر ھەمدە جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتكەن كىتاب، ژۇرناللار ئۈستىدە پائال تەدبىر كۆرۈپ تەسىرىنى كىچىكلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ۋە تەھرىرلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. مەسىلە ئېغىر بولغان ئورۇنلار ۋە تارماقلاردا رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەش، بۇ ئورۇندا ئىشلەشكە لايىق بولمىغانلارنى قەتئىي تەڭشەۋېتىش لازىم.

3. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىي تارماقلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىلمىي تارماقلىرى تۈر بەلگىلەپ ھالقىنى ئىگەللەش، نەتىجىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇش ۋە قوشۇن تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ خىزمەتنى نۇقتىلىق ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئىلىم تەتقىقاتىدا «ئىشچى ـ دېھقانلار ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ

تۈرۈش، «بەدئىيلىك» ۋە «بەدئىيلىك تەتقىقاتى»نى نىقاپ قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى بازارغا سالىدىغان ئەھۋاللاردىن قاتتىق ساقلىنىش، مەسىلە كۆرۈلگەندە قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

4. مەدەنىيەت بازارلىرىنى دائىملىق ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىش، قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى تازىلاشنى «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەرسىلەرگە زەربە بېرىش»تىكى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. خاتا ئىدىيە ۋە خاھىشى بولغان گېزىت - ژورناللار، كىتابلار، دىنىي نەشر بويۇملىرى ۋە تۈرلۈك ئەكسىيەتچى ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ بازارغا چىقىرىلىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. قانۇنسىز نەشر بويۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنى ئىشلىگۈچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. خەلق ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن ئەكسىيەتچى كىتابلار ۋە تۈرلۈك ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بويۇملىرىنى يىغىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جخ، مەدەنىيەت، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار دائىم بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىپ، «مەنبەسىنى ئۈزۈش، ئېقىننى توسۇش، يىغىۋېلىش، ئېنىقلاش» چارىسى ئارقىلىق، مەدەنىيەت بازارلىرىنى پاكلاشتۇرۇش لازىم.

5. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»نى ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇش كېرەك. A. شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى چاتما كىتابنى نەشر قىلىش، مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشقان تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، چاتما كىتاب تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى تەشۋىق قىلىش لازىم. B. شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش فىلىملىرىنى ئىشلەش كېرەك. يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدىكى ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ ياقۇببەككە ۋە چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆرىشىدە، ئىللاردا داستان بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار مەيدانغا كەلگەن، كىنو ستۇدىيىلىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ چوڭ - چوڭ تېمىلار ئۈستىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بىرنەچچە فىلىم ئىشلىشى كېرەك. C. ھېكايە، دراما، ناخشا - ئۇسسۇل قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغان زور تارىخىي شەخسلەرنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. D. خەنزۇ تىلىدىكى تارىخ، مەدەنىيەت كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش كېرەك. خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى تەشۋىق - تەربىيە ئەھمىيىتى بولغان بىر تۈركۈم تارىخ، مەدەنىيەت كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تاللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىپ تارقىتىش كېرەك. نۆۋەتتە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «24 تارىخ»نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېزرەك ئورۇنداش كېرەك. E. مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك ئەدەبىيات سەنئەت ئۆيۈنلىرىنى ھەر مىللەت ئارتىستلىرى بىرلىكتە كۆرسىتىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

(5) مەدەنىيەت سېپىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بىر تۈركۈم سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى — كادىرلار. ھازىر بىر قىسىم ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىدىكى كادىرلار سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ئەمەس، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ سىياسىي تەلىپىگە تېخى ماسلىشالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، سىياسىي سەزگۈرلىكى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشى ۋە

ئىگىلىشى يېتەرسىز. بەزىلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى يۇقىرى ئەمەس، تۈرلۈك خاتا كۆزقاراشلارنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالىدۇ، بىخودلۇق قىلىدۇ، بەزى كونكرېت ۋە ھالقىلىق مەسىلىلەردە ھەق - ناھەقنى ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئايرىمايدۇ. بەزىلەر بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بىلەن بىرقەدەر چوڭقۇر زەھەرلەنگەن، تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدا خاتا مەيداندا تۇرۇپ سۆز قىلىدۇ ۋە ماقالە يازىدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئۆزى مىللىي بۆلگۈنچى، ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بولۇپ، پۇرسەت بولسىلا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن خەۋپى ئىنتايىن زور. يەنە بىر قىسىم مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، مۇناسىپ كەسپىي بىلىمى كەم، سەنئەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس. خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيەت خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇندىيالمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان خەنزۇ كادىرلار كۆپ ئەمەس، مەدەنىيەت سېپىدە ساپاسى يۇقىرىراق بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كەم.

مەدەنىيەت سېپىدىكى كادىرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرىنچىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلاردا بىر نۆۋەت ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، «يىلتىزىنى قېزىش، مېڭىنى تازىلاش، بەنزىنى تۇتۇش، يول تېپىش» چارىسىنى قوللىنىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغان، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلغان كىشىلەرنى مەدەنىيەت سېپىدىن قەتئىي تازىلاش لازىم.

ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت سېپىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشتىن كېيىنكى كادىرلار قوشۇنىغا قارىتا دائىملىق سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىنى يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ

بېرىش لازىم. بىر تۈركۈم سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تارماقلاردا قوش تىلنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم كادىرلارنى ۋە ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈش، نەشرىيات، كېنوخانا، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تارماق بۆلۈملىرىدىكى مىللەتلەر بىر خىل بولۇشلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ناھىيە، يېزىلاردىكى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يىلمۇ - يىل نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش بىلەن مەخسۇس تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا يۈزتۇرانە تەربىيە بېرىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

(6) ھەر مىللەت كادىرلىرى بولۇپمۇ مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ «قوش تىل» ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ قوش تىل قابىلىيىتى شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۇزاق ۋاقىت ئىبغىر كۆنلەردە بىللە بولۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، ئۆز مىللىتىگە خاس مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. تارىختا خەنزۇلار مەدەنىيىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي پسىخولوگىيىسى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ بارغانسېرى پىششىق بىلگەن. ئۆزىگە خاس تەبىئىي، ئېتنوگرافىك مۇھىت ئىچىدە، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچىدە، خەنزۇ مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى داۋامىدا، خەنزۇلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل

قىلىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە سىڭىپ كىرىپ، بىرىنىڭ ئىچىدە بىرى بولۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىسىنىڭ بىرى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىل جەھەتتە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشى كۆپ يىللىق تارىخ ۋە ئەمەلىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى مىللىي تىل - يېزىق ئۆگىنىش توغرىسىدا مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى كادىرلار ئەستايىدىل قوش تىل ئۆگىنىشى لازىم. ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا قارىتا ئېنىق ئۆگىنىش تەلىپى ۋە ئىمتىھان ئۆلچىمىنى قويۇش كېرەك. مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ قوش تىل ئۆگىنىشى توغرىسىدا تەشكىلات سىستېمىسىنىڭ قوش تىل ئۆگىنىشكە دائىر مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، تەلەپلىرىگە سىلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە، 35 ياشتىن تۆۋەن خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر سۆزلىرىنى ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىشى، ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۆستۈرۈشى لازىم. يېزا، بازار دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە پىششىق بىلىشى كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگەللىشى ھەمدە قوش تىلدىكى ماتېرىيال، گېزىت ژۇرناللارنى ئوقۇيالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلار «قوش تىل» ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، مۇددىتىكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ مەركەزلىك تەربىيىلەش كېرەك. تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى ۋەزىپە بىلەن چۈشۈرۈشنى «قوش تىل» ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىقى ئەمەلىيەت داۋامىدا خەنزۇ

تىلىنى ئۆگىنىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى يېزا، بازارلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن خەنزۇ كادىرلار ئەمەلىي تىل مۇھىتى ئىچىدە مىللىي تىلنى ئۆگىنىپ ئىگىلىشى كېرەك. «قوش تىل» ئۆگىنىش بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، «قوش تىل» بىلىشنى رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش لازىم.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشتىكى ئاساسىي ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ دوتسېنتى
ساۋ خوڭ

شىنجاڭدا جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مىللەتلەر قۇرۇلمىسى، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، يېقىنقى زامان تارىخىدا، خەلقئارا بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن پىلە قۇرۇتىدەك يېدى ۋە ئۇ جايلارغا سىڭىپ كىردى. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان نەيرەڭلىرىدىن قارىغاندا ھەممىسى ئىسلام دىنى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش، كۇپپارلارنى يوقۇتۇش، مۇستەقىل ئىسلام دىنى دۆلىتى قۇرۇش» شوئارىنى تۇۋلايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقئارا بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە پىكىر ئېقىمى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى ۋە تەسىر كۆرسىتىشنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق. ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى

ۋە تەسىر كۆرسىتىشىنى تەتقىق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئايرىلىشقا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇش ئامىلىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تارىختا ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، ئىسلام دىنى كەيپىياتى بىرقەدەر قويۇق بولغان جاي ئىكەنلىكىدەك ئەھۋالىدىن ئايرىلىشقىمۇ بولمايدۇ. تۆۋەندە بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتە تەتقىق قىلىپ ئۆتىمەن:

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش تارىخى ۋە ئاساسىي ئىپادىسى

بىرىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش تارىخى

ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ رايونىدا باشقا نۇرغۇن دىنلارمۇ تارقالغان، مەسىلەن: شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى، مازداك دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى) ۋە بۇددا دىنى قاتارلىقلار. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا 10- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى كىرىپ دەسلەپتە قەشقەر رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن، كېيىن ئاستا ـ ئاستا باشقا رايونلارغا كېڭەيگەن. ئۇيغۇر مىللىتى بۇددا دىنىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا تولۇق ئېتىقاد قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 600—700 يىل ئۆتكەن. مەلۇم بىر مىللەت مەلۇم بىر دىننى قوبۇل قىلسا، ئۇ دىن بىر مىللەت ئارىسىدا تارقىلىش شۇنىڭدەك شۇ مىللەتنىڭ بىردىن بىر دىنىي ئېتىقادىغا ئايلىنىش جەريانى يەنىلا بۇ خىل دىن ئاشۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىي ئەنئەنىسىگە، جۈملىدىن سىياسىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلىرىگە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئىسلام دىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي ئېقىملىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسلىقى 4 خىل دىنىي ئاپپارات، يەنى مەھكىمە شەرئىي، مەسچىت، مازار (فېئودال تۆرىلەرنىڭ قەبرىسى) ۋە مەدرىس بار ئىدى. جەنۇبىي

# مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشتىكى ئاساسىي ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ دوتسېنتى
ساۋ خوڭ

شىنجاڭدا جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مىللەتلەر قۇرۇلمىسى، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، يېقىنقى زامان تارىخىدا، خەلقئارا بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن پىلە قۇرۇتىدەك يەدى ۋە ئۇ جايلارغا سىڭىپ كىردى. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان نەيرەڭلىرىدىن قارىغاندا ھەممىسى ئىسلام دىنى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش، كۇپپارلارنى يوقۇتۇش، مۇستەقىل ئىسلام دىنى دۆلىتى قۇرۇش» شوئارىنى توۋلايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقئارا بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە پىكىر ئېقىمى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى ۋە تەسىر كۆرسىتىشنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق. ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى

ۋە تەسىر كۆرسىتىشىنى تەتقىق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئايرىلىشقا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇش ئامىلىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تارىختا ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، ئىسلام دىنى كەيپىياتى بىرقەدەر قويۇق بولغان جاي ئىكەنلىكىدەك ئەھۋالىدىن ئايرىلىشقىمۇ بولمايدۇ. تۆۋەندە بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتە تەتقىق قىلىپ ئۆتىمەن:

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش تارىخى ۋە ئاساسىي ئىپادىسى

بىرىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش تارىخى

ھەممىيلەنگە مەلۇم، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ رايونىدا باشقا نۇرغۇن دىنلارمۇ تارقالغان، مەسىلەن: شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى، مازداك دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى) ۋە بۇددا دىنى قاتارلىقلار. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا 10- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى كىرىپ دەسلەپتە قەشقەر رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن، كېيىن ئاستا - ئاستا باشقا رايونلارغا كېڭەيگەن. ئۇيغۇر مىللىتى بۇددا دىنىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا تولۇق ئېتىقاد قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 600—700 يىل ئۆتكەن. مەلۇم بىر مىللەت مەلۇم بىر دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ دىن بىر مىللەت ئارىسىدا تارقىلىش شۇنىڭدەك شۇ مىللەتنىڭ بىردىن بىر دىنىي ئېتىقادىغا ئايلىنىش جەريانى يەنىلا بۇ خىل دىن ئاشۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىي ئەنئەنىسىگە، جۈملىدىن سىياسىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلىرىگە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئىسلام دىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي ئېقىملىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسلىقى 4 خىل دىنىي ئاپپارات، يەنى مەھكىمە شەرئىي، مەسچىت، مازار (فېئودال تۆرىلەرنىڭ قەبرىسى) ۋە مەدرىس بار ئىدى. جەنۇبىي

شىنجاڭدا ھەر ناھىيەدە ئومۇمەن 5 چوڭ ئاخۇن بولاتتى، يەنى قازى قۇززات، قازى مۇپتى، قازى ئەلەم، قازى ۋە قازى رەئىس بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ناھىيەنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، شۇنداقلا دىنىي سوتنىڭ سوتچىسى ھېسابلىناتتى، بۇ 5 چوڭ ئاخۇننى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلەر تەيىنلەيتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى. ناھىيە دەرىجىلىك 5 چوڭ ئاخۇن ناھىيىدىن تۆۋەن رايونلاردىكى ئەلەم قازى، قازى رەئىس قاتارلىق دىنىي باشلىقلارنى تەيىنلەشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا شەھەر - بازار بولۇشى ياكى يېزا - كەنت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسچىت بولىدۇ. بىرقەدەر چوڭ مەسچىتلەردە ئومۇمەن مەدرىس بولىدۇ، يېزىلاردا كىشىلەر بىرقەدەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، 10—20 ئائىلىگە بىردىن مەسچىت بولىدۇ، ھەربىر مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالە مەزكۇر مەسچىتنىڭ تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن باشقا كۆلچەك ۋە تۈگمەن بار جايلاردا ياكى يول بويلىرىغا ئوتۇن تارتقۇچىلار ۋە يولۇچىلار ئۈچۈن مەسچىت سېلىنىدۇ. بەزى چوڭ پومېشچىكلارنىڭ جەمەت مەسچىتى بولىدۇ. مەسچىت ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ روشەن قۇرۇلۇش بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار روھى جەھەتتە تەسكىن تاپىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئارقىدا بولغاچقا، زامانىۋى مەزمۇنغا ئىگە مەكتەپ يوق ئىدى. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار، ساۋاتلىقلار ئاساسلىقى چوڭ مەسچىتلەردىكى مەدرىسلەردە تەربىيىلىنەتتى. مەدرىس ئادەتتە مەسچىت ۋە مازاردا بولىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى ئايرىم سېلىنىدۇ. مەدرىس دىن ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. ئۇ ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچتىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەن تالىپلار «قارى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش

سالاھىيىتىگە ئىگە خادىم ھېسابلىنىدۇ، دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت ئالىي دەرىجىلىك، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى «خانلىق» مەدرىس بىر دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدرىسلەر ناھايىتى كۆپ. 1949- يىلىدىكى 6 ناھىيىنى مىسال ئېلىپ كۆرەيلى.

| ناھىيە نامى | ئادەتتىكى مەكتەپ | ئوقۇغۇچى | مەدرىس | تالىپ |
|---|---|---|---|---|
| يەركەن ناھىيىسى | 69 | 12542 | 114 | 4530 |
| قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى | 67 | 16375 | 45 | 2543 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 60 | 9728 | 60 | 1013 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 25 | 5290 | 41 | 945 |
| ئاتۇش ناھىيىسى | 23 | 5007 | 41 | 1019 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 18 | 2534 | 11 | 540 |
| جەمئىي | 262 | 51476 | 312 | 10590 |

(«شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى» نىڭ 2- قىسمىغا قارالسۇن، يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 1988- يىل 10- نەشرى)

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدرىسلەر مەكتەپلەردىن 19% كۆپ بولۇپ، تالىپلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 5 تىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، مەكتەپ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، 1910- يىلى جەمئىي 4 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى 320 ئىكەن، ھەرخىل كىچىك شۆتاڭدىن 600 ى بولۇپ،

شىنجاڭدا بىر ناھىيىدە ئومۇمەن 5 چوڭ ئاخۇن بولاتتى، يەنى قازى قۇزات، قازى مۇپتى، قازى ئەلەم، قازى ۋە قازى رەيىس بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، شۇنداقلا دىنىي سوتنىڭ سوتچىسى ھېسابلىناتتى، بۇ 5 چوڭ ئاخۇننى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەگلەر تەيىنلەيتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى. ناھىيە دەرىجىلىك 5 چوڭ ئاخۇن ناھىيىدىن تۆۋەن رايونلاردىكى ئەلەم قازى، قازى رەئىس قاتارلىق دىنىي باشلىقلارنى تەيىنلەشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا شەھەر ـ بازار بولۇشى ياكى يېزا ـ كەنت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسچىت بولىدۇ. بىرقەدەر چوڭ مەسچىتلەردە ئومۇمەن مەدرىس بولىدۇ، يېزىلاردا كىشىلەر بىرقەدەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، 10 — 20 ئائىلىگە بىردىن مەسچىت بولىدۇ، ھەربىر مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالە مەزكۇر مەسچىتنىڭ تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن باشقا كۆلچەك ۋە تۈگمەن بار جايلاردا ياكى يول بويلىرىغا ئۆتەڭچىلەر ۋە يولۇچىلار ئۈچۈن مەسچىت سېلىنىدۇ. بەزى چوڭ پومېشچىكلارنىڭ جەمەت مەسچىتى بولىدۇ. مەسچىت ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ روشەن قۇرۇلۇش بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار روھى جەھەتتە تەسكىن تاپىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئارقىدا بولغاچقا، زامانىۋى مەزمۇنغا ئىگە مەكتەپ يوق ئىدى. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار، ساۋاتلىقلار ئاساسلىقى چوڭ مەسچىتلەردىكى مەدرىسلەردە تەربىيىلىنەتتى. مەدرىس ئادەتتە مەسچىت ۋە مازاردا بولىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى ئايرىم سېلىنىدۇ. مەدرىس دىن ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. ئۇ ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچتىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەن تالىپلار «قارى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش

سالاھىيتىگە ئىگە خادىم ھېسابلىنىدۇ، دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت ئالىي دەرىجىلىك، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى «خانلىق» مەدرىس بىر دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدرىسلەر ناھايىتى كۆپ. 1949- يىلىدىكى 6 ناھىيىنى مىسال ئېلىپ كۆرەيلى.

| ناھىيە نامى | ئادەتتىكى مەكتەپ | ئوقۇغۇچى | مەدرىس | تالىپ |
|---|---|---|---|---|
| يەركەن ناھىيىسى | 69 | 12542 | 114 | 4530 |
| قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى | 67 | 16375 | 45 | 2543 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 60 | 9728 | 60 | 1013 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 25 | 5290 | 41 | 945 |
| ئاتۇش ناھىيىسى | 23 | 5007 | 41 | 1019 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 18 | 2534 | 11 | 540 |
| جەمئىي | 262 | 51476 | 312 | 10590 |

(«شىنجاڭنىڭ يېزا جەمئىيىتى» نىڭ 2- قىسمىغا قارالسۇن، يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 1988- يىل 10- نەشرى)

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدرىسلەر مەكتەپلەردىن 19% كۆپ بولۇپ، تالىپلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 5 تىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، مەكتەپ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، 1910- يىلى جەمئىي 4 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى 320 ئىكەن، ھەرخىل كىچىك شۆتاڭدىن 600 ى بولۇپ،

ئوقۇغۇچىلار 14886 كىشى ئىكەن، باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 475 ئىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى مانجۇ، خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان، ئۇلاردا پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى خەنزۇ تىلى بىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىلا ئوقۇيتتى. ئۇ چاغدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ سىياستى: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى يۇقىرىقى مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشقا، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىپ كوڭزىغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلاش، تەرجىمان، يېزا ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. بۇ سىياسەت ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەكتەپ قۇرۇشىنى ۋە مىللىي تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈشىنى مەنئىي قىلىش. ئۈچىنچى، مەسچىتلەرنىڭ مەدرىس ئېچىشىغا يول قويۇش. مەدرىسلەر يېقىنقى زاماندا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، سانى ناھايىتى تېز كۆپەيگەن. مەدرىسلەردە ئومۇمەن ئەرەب تىلى، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»، دىنىي نەزمىلەر، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار تەربىيىلىنەتتى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياستى يولغا قويۇلدى، ئۇلار مائارىپنى يولغا قويۇشنى خالىماي، دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىنى قاتتىق چەكلىگەن.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە، «8 تۈرلۈك خىتابنامە» ۋە «6 چوڭ سىياسەت»تىن ئىبارەت تەتقىقات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، جاھانگىرلىككە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تۈرلۈك سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ

مائارىپ ئىشلىرى گۈللەندۈرۈلدى. 1938- يىل 3- ئايدىن 1942- يىل يازغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 27 نەپەر ئەزاسى شىنجاڭ مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلەپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقى، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىقى، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ كىشىلەر شىڭ شىسەي هۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ «مىللىي شەكىلنى، 6 چوڭ سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان مىللىي مەدەنىيەت، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقتى. يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندا، شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىراجىتى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، مۇڭغۇل، قازاق تىللىرىدىكى 25 خىل باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى نەشر قىلىندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى، ئالىي مائارىپ بەرپا قىلىندى، قىزلار مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ مائارىپى مىللىيلىككە ۋە ئىلغارلىققا ئىگە بولدى. 1942- يىلى يازدا، شىڭ شىسەي ئىنقىلابقا يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپى زاۋالغا يۈز تۇتتى. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭ باشلىنىشى كېيىن بولۇپ، مائارىپ تەرەققىياتى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمەي قالغان ئىدى. يېقىنقى زامان مائارىپىدا ئاساسلىقى مانجۇ، خەنزۇ مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى گەرچە شىڭ شىسەي دەۋرىدە مەلۇم مەزگىل تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ئەھۋال مەكتەپ ئاز، ئوقۇغۇچى ئاز بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق ئەھۋال يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى ئىنچىل تۇردە يېگىلەپ بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىش هالىتىگە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. مانا بۇ ئەھۋال ئەنئەنىۋىي، قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان ئائىلە مائارىپى ۋە مەدرىسلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر، ئازادلىقتىن ئىلگىرى

پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ ئاخۇن ياكى ئىماملارنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەر رايونىدىكى مەدرىسلەردە تەربىيىلىنەتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قەشقەردىكى 15 مەدرىس ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىكى «خانلىق» مەدرىس ئەڭ چوڭ مەدرىس بولۇپ، 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىدى. 1949- يىلى بۇ مەدرىستە 15—16 ياشتىكى تالىپتىن 200 دىن كۆپرەكى ئوقۇيتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن. مەدرىستە 9 چوڭ ئاخۇن ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، تالىپلار ئاساسلىقى ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنەتتى، ئوقۇش مۇددىتى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە دىنغا ئىخلاسمەنلىكى بويىچە بېكىتىلەتتى. 1944- يىلىدىن بۇرۇن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ۋە جەمئىيەتلەر باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقلار دەرسلىكىگە ھەر ھەپتىدە بىر سائەت دىنىي دەرس بولۇپ، تۆۋەن يىللىقلار دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى، دەرسلىكنى مائارىپ نازارىتى بېسىپ تارقىتاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپلەر تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەتتى. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ئاخۇنلار مائارىپقا ئارىلىشىدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئومۇملاشتى، ئۇ چاغدا ھەرخىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا يۇقىرى يىللىق ياكى تۆۋەن يىللىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەپتىسىگە 6 سائەت دىن ئوقۇش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىن ئوقۇتقۇچىسىنى ئاخۇنلار بەلگىلىدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ۋە جەمئىيەتلەر باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە مائارىپ قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالدى؛

ئازادلىقتىن كېيىن، «جۇمھۇرىيەت پروگراممىسى» دىكى مائارىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، دىنىي مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، جەمئىيەتلەر باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردىكى دىنىي دەرسلەرمۇ بىكار قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارغا ھەرقانداق شەكىلدە دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش مەنئىي قىلىندى. 1952- يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە

بىيورۇسىنىڭ 2- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يەنە 2 سائەتلىك دىنىي دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دەرسنى ئوقۇتقۇچى ئۆزى سۆزلەش، ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارى ئاساستا ئۆگىنىش شەكلى قوللىنىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سىياسەت جەھەتتىكى بىرخىل چېكىنىش ئىدى. 1950- يىل 10- ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان 1- قېتىملىق مەدەنىيەت، مائارىپ يىغىنىدا دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى، جەمئىيەتلەر باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە 2 سائەت دىنىي دەرس ساقلاپ قېلىنىدۇ، دەرس ئۆتۈش - ئۆتمەسلىك شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ، دەپ قارار قىلىندى. 1950- يىلدىن 1951- يىلىغىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە بىر مەزگىل دىن دەرسى توختىتىلدى، جەمئىيەتلەر باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردىمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن توختىتىلدى. 1957- يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىن دەرسلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. 60- يىللاردىن 70- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، بولۇپمۇ 70- يىللاردا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى نىسبىي مۇقىم بولدى، چوڭ توپىلاڭ، مالىمانچىلىق كۆرۈلمىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دىنىي مەكتەپلەر گەرچە بىر مەزگىل ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان تەسىرى چوڭ بولمىدى. «4 كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى دىنىي زاتلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 80- يىللارنىڭ باشلىرى پارتىيە دىنىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، بىر مەھەل «دىن تەلۋىلىكى» كۆرۈلدى. دىن باشقۇرۇش ئاجىز بولدى. ئاخۇنلار ئاچقان خۇسۇسىي مەدرىسلەر يەنە بىر مەزگىل باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ناھايىتى تېز كۆپەيدى، بۇ ھال مەكتەپ تەربىيىسىگە ۋە مۇقىملىققا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى.

دىنىي دەرس تەسىس قىلىش جەھەتتىكى تەكرارلىنىش شۇنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پارتىيىمىز مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە، ئۈزلۈكسىز بىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دىن دەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مىللىي مائارىپ بىلەن خەنزۇ مائارىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدەك ئالاھىدىلىكنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى كۆزدە تۇتقان. لېكىن مۇنداق بىر جىددىي مەسىلىگە، يەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مائارىپ باشقۇرۇشتا پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىدا قانداق چىڭ تۇرۇش، ئادەمنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ھەقىقەتەن سەل قارالغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاتىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمۇرىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىدە بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئارقا - ئارقىدىن كۈچ سىنىشىش داۋامىدىلا خېلى سەگەكلىشىپ قالدۇق ۋە ئۇنى خېلى چۈشىنىپ قالدۇق. لېكىن يەنە مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئۇزاق مۇددەت سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

(1) تارىختىن قارىغاندا، شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى بىر خىل ئاساسىي ئېقىملىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلىدە مەكتەپ تەربىيىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ بىر خىل سىياسىي ۋە ئېتىقات سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىلىم دەرسلىكى، قوللىنىشچان دەرسلىك سۈپىتىدە مائارىپ مەزمۇنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدىن قارىغاندا، مەدرىس بىلەن دىن تەربىيىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تارىخىي چۆكۈندىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

(2) ئۇيغۇرلار ئومۇمىي خەلق دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەت بولغاچقا، ئىسلام دىنى بىر خىل ئېتىقات سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش شەكلىدە ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىر مۇنچە مەزمۇنلىرى مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال ئىسلام دىنىنى

ئۇيغۇر مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆرپ - ئادەتلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسىدىكى تەسىرى ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

(3) مەدرىس، دىن تەربىيىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي تەربىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مىللىيلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان.

(4) ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي رايونلاردىكى دىنىي كەيپىيات ئوقۇغۇچىلاردا يوشۇرۇن تەسىر پەيدا قىلماي قالمايدۇ. «نەسىھەت قىلغاندىن كۆرە، ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتكەن ياخشىراق» دېگەندەك، بۇنداق ئالاھىدە چوڭ تەربىيىلەش مۇھىتىدا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇرەككەپ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مەسىلىگە تارىخىي يوسۇندا قاراش بىزنىڭ رېئال مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىمىز. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ يىراق كېلەچەك كۆزلەنگەن زور ئىشتا ئادەم ئاساس بولىدىغانلىقىدەك ھەممە ئادەم بىلىدىغان بۇ ھەقىقەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بىزدىن كېيىنكى ئەۋلاتلارنى تالىشىۋاتقانلىقىدا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يېقىندا ئېيتىلغان بىر قاتار تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەكتەپلەرنىڭ، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ بەزىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىدە بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىدەك مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەكتەپلەردە ئويۇن ئويناۋاتىدۇ. شۇڭا، مائارىپ سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك.

### ئىككىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىتىكى ئاساسىي ئىپادىسى

بىزدىن كېيىنكى ئەۋلاتلارنى تالىشىش مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ

بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئۇزاق مۇددەت، پىلانلىق ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بىر تەرىپى، بۇ نۇقتا 80- يىللاردىن كېيىن ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەندى. 1996- يىلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولغان «ھازىرقى زامان جۇڭگو چېگرىلىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» نىڭ تارماق تېمىسى «شىنجاڭ رايونىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دا 1950- يىلىدىن 1995- يىلىغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى خاراكتېرىنى ئالغان توپىلاڭ، مالىمانچىلىق 4 مەزگىلگە، يەنى 50- يىللار، 60—70- يىللار، 80- يىللار، 90- يىللارغا بۆلۈنگەن. مەزكۇر تېمىدا بۇ 4 مەزگىلدىكى 24 تىپىك دېلو مىسال كەلتۈرۈلگەن، بۇ دېلولارنىڭ 14 ى 50- يىللاردا، 3 ى 60- يىللاردا، 6 سى 80- يىللاردا، 5 ى 90- يىللاردا يۈز بەرگەن. بۇ 24 تىپىك دېلونىڭ 13 ى جەنۇبىي شىنجاڭدا، 13 ى شىمالىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن؛ 1 ى جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ، شىمالىي شىنجاڭغىمۇ چېتىلىدۇ. توپىلاڭ ۋە مالىمانچىلىققا قاتناشقان مىللەت قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 2 دېلو قازاق ۋە خۇيزۇلارغا چېتىلغاندىن باشقىسى ئۇيغۇرلارغا چېتىلىدۇ. ۋەقەگە قاتناشقانلارنىڭ كەسپىدىن قارىغاندا، 80- يىللاردىن كېيىن، ياش ئوقۇغۇچىلاردىن توپىلاڭ، مالىمانچىلىققا قاتناشقانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن، بۇ شۇ مەزگىلدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

80- ، 90- يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مائارىپ سېپىگە سىڭىپ كىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. يەر ئاستى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە تۈرلۈك زامانىۋىي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى

تارىختىن قارىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرخىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» نى تەشۋىق قىلىدىغان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ئارقىلىق ياش ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. 50- يىللاردىن 70- يىللارغىچە ئۇلار ئاساسلىقى

ماقالە، كىتاب ـ ژورنالنى ئاساس قىلدى. 50ـ يىللاردىلا «ئىسلام تارىخى ئاساسى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ساداسى» (يەنە بىر ئىسمى «يەتتە تۇرمۇش») دېگەن بىر كىتاب جەنۇبىي شىنجاڭدا تارقالدى. ئۇنىڭدا پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزم سىياسىي، ئىقتىسادىي، شەخسىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت تۇرمۇشى قاتارلىق 7 جەھەتتە تەشۋىق قىلىنىپ، تۈرك مىللەتلىرى كاپىرلار (خەنزۇلار) نىڭ مۇستەملىكە ئىگىلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا چاقىرىلغان. بۇ كىتابتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى مەركەزلىك گەۋدىلەنگەن. ئۇ، شۇ چاغدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ، مالىمانچىلىق ئېلىپ بېرىشتىكى ئىدىيىۋى ئاساسىي ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك قۇتراتقۇلۇققا ئىگە. توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇ كىتاب قەشقەر، خوتەنلەردىكى مەدرىس ۋە دىنىي مەكتەپلەردە تارقالغان. تالىپلار كۆچۈرۈۋېلىپ ئوقىغان، ئۇ شۇ چاغدىكى ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى.

70ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80ـ يىللارنىڭ باشلىرى، خەلقئارا بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مۇرەككەپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. 1980ـ يىلىدىن 1981ـ يىلىغىچە بولغان بىر يىلغا توشمىغان ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاقسۇدىكى 19ـ ئاپرېل ۋەقەسى، قاغىلىقتىكى 13ـ يانۋار ۋەقەسى، قەشقەردىكى 30ـ ئۆكتەبىر ۋەقەسى قاتارلىق 3 سىياسىي خاراكتېرلىك مالىمانچىلىق ۋە پەيزىۋات ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭى يۈز بەردى. 1985ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەر 2 يىلدا بىر قېتىم توپىلاڭ ۋە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، قېتىم سانى كۆپ بولۇش، تاساددىپىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان سىياسىي خاراكتېرلىك مالىمانچىلىق، كۆلىمى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىدى. مانا بۇ 80ـ، 90ـ يىللاردىكى

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ، مالىمانچىلىقنىڭ 50-، 60- يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ، 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كۆرۈلگەن پارتىيە رەھبەرلىكى، سوتسىيالىزم ئېتىقاتىدىن تەۋرىنىش پىكىر ئېقىمىغا قارىتا مەملىكەت بويىچە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ باردۇق. شىنجاڭدىكى شۇ ئىش كىشىلەرنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدىكى، 1986- يىلى 10- ئايدىن 1989- يىل 10- ئايغىچە، تۇرغۇن ئالماس ئاشكارا ھالدا «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر قەدىمقى زامان ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتابنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئۈچ كىتاب ئىلمى ئەسەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئۇلاردا مىللىي مۇستەقىللىق يادرو قىلىنغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان بىر قاتار نۇقتىئىنەزەر ئاشكارا تەرغىپ قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان بولۇپ، ناھايىتى زور قۇتراتقۇلۇققا ئىگە. بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى زىيىنىغا ھازىرمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېمەك تەس. 1986- يىلى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 86- يىللىق ئېنگلىس تىلى سىنىپىدىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچى بىر قېتىم دەرسخانا مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلغاندا: «مەن ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە جۇڭگو خەنزۇلارنىڭ، بىز ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراپ كەلگەندىم. مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز نۇقتىئىنەزىرىمىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم، مەن جۇڭگو تارىخىنى ئۇقمايدىكەنمەن» دېگەن. «جۇڭگو خەنزۇلارنىڭ» دەيدىغان بۇنداق ھۆكۈم جۈملە خېلى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر ھەقىقىي ھەل بولغىنى يوق، بۇ مەسىلىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك. 90- يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىكى زىيالىيلار ساھەسى ۋە ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا سىڭىپ كىردى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «يول

بەلگىسى»مۇ زىيالىيلار ساھەسى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. زامانىۋى ئۈن - سىن كەسپىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىغا ئىگە نۇرغۇن ئۈن - سىن بويۇملىرى جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەرگە تارقىلىپ كىردى، ئۇلار تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ تېز بولۇش، ياش قۇرامى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل كىشىلەرگە ماس كېلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى بارغانسېرى ئېغىر بۇلغىماقتا. يېقىنقى 2 يىللىق مەركەزلىك تۈزەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىغا ئىگە نۇرغۇن ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرى جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتكەن، بۇ بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلاندى. تارىخ خاتالىقنى يەنە ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئىدىيە - مەدەنىيەت سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى زور كۈچ سەرىپ قىلىپ پاكلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.

2. يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەر (دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى) بۆلگۈنچىلەرنىڭ «ئىزباسارلىرى»نى ۋە تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق بازا

ئۇيغۇرلار تارىختا دىنىي ئېتىقاتنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرىغاچقا، دىن تەربىيىسى ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھازىرمۇ پەرزەنتلىرىنى دىنىي مەكتەپ ياكى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا ئوقۇتۇشنى خالايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئازراق دىنىي ساۋات ئالدۇرۇشتا، كۆپىنچە دىنىي ئېتىقاد ئەنئەنىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتلىرىنىڭ دىنىي بىلىم ئېلىش ئارقىلىق، كامالەت تېپىپ بىرەر ئىشنى باشقا چىقىرىشىنىڭ يولىنى بىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر دىنىي ئىخلاسمەنلىكنى چىقىش قىلىپ ئۆزىنىڭ كېيىنكى دۇنيالىقىنى ئويلىشىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا پەرزەنتلىرىنى دىنىي بىلىم

ئۆگىنىشكە بىرىش يەنىلا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. بۆلگۈنچىلەر دەل كەڭ ئامىنىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ۋە ئەنئەنىۋىي تەربىيىلەش كۆزقارىشىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. 80- ، 90- يىللاردا يەرئاستى دىنىي مەكتەپ ۋە تەپسىر خانىلار پۈتۈن شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا چەكلەنمىمۇ ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈلۈپ تۇردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1979- يىلدىن 1981- يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە 312 خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ قۇرۇلغان، تالىپ 4697 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ياش ئوقۇغۇچى 3100 گە يەتكەن. 1990- يىلدىن 1997- يىلغىچە مەزكۇر ناھىيىدە جەمئىي 169 يەر ئاستى تەپسىرخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 187 دىن ئۆگەتكۈچى، 22851 دىن ئۆگەنگۈچى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. دىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى 35 ياش، ئەڭ كىچىكى 4 ياش، ئۇلار ئىچىدە 134 ئايال بار.

1988- يىل 7- ئاينىڭ 11- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ دىن خىزمىتىدىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى (ش پ (1988) 19- نومۇرلۇق) دا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. 1990- يىل 1- ئاينىڭ 5- كۈنى، قاغىلىقتا باشقا جايدىن كەلگەن تالىپلارنىڭ قانۇنسىز تەلەپ قويۇش ۋەقەسى (يەنى 5- يانۋار ۋەقەسى) يۈز بەردى. دىن تەلۋىلىكى كېلىپ چىققاچقا، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ئۇنۇملۈك تۇسلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۈن سايىن كۆپىيىپ باردى. زور بىر تۈركۈم ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەننىي مەكتەپنى تاشلاپ دىن ئوقۇشقا كىرىشتى، بۇ ھال ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇميلاشتۇرۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا زىيان سالدى. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەردىن ئۆگىتىش، دىن ئۆگىنىش دائىرىسىدىن ھالقىپ، بۆلگۈنچىلىك

ئىدىيىلىرىنى تارقىتىدىغان ئاساسلىق بازىغا، يېڭى بىر ئەۋلات بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بازىغا ئايلىنىپ قالدى. 1998ـ يىلى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 35 يەر ئاستى دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، شۇ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 52 يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭدىن يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنىڭ ھەرقانچە چەكلەنسىمۇ تۈگىمەيدىغان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈپ شۇنى بىلدۇقكى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى دىن ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاتا ـ ئانىلىرى دەۋەت قىلغان. يېقىنقى 10 نەچچە يىلقى توپىلاڭ، مالىمانچىلىقنى تەشكىللىگەن باش جىنايەتچىلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا ئوقۇغان. ئايرىم دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى يەر ئاستى دىن ئۆگىنىش ۋە يەر ئاستى چامباشچىلىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېرنى ئالغان. دىن ئوقۇش نۇقتىلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى كىچىكلىككە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى، ئاز ساندا كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار.

3. ئالىي مەكتەپ ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ تايانچلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش

1981ـ يىلى، پەيزىۋات ناھىيىسىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئۈچقۇنلار پارتىيىسى» پەيزىۋات «27ـ ماي» ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى پىلانلاپ تەشكىللىدى. مەزكۇر تەشكىلات 2 ئاي ئىچىدە پارتىيىگە 139 ئەزا قوبۇل قىلغان، ياش جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار ئىچىدە 15—16 ياشلىقلار 20 كىشى؛ 17—18 ياشلىقلار 69 كىشى؛ 19—20 ياشلىقلار 37 كىشى بولۇپ، جەمئىي 126 كىشى ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 58 كىشى ئىكەن. شۇ يىلى 9ـ ئايدا، قەشقەردە قۇرۇلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلار پارتىيىسى» قەشقەر 30ـ ئۆكتەبر ۋەقەسىنى پىلانلاپ تەشكىللىدى. پاش قىلىنغاندىن كېيىن 17 ئادەم تۇتۇلدى، ئۇنىڭ 9 ى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى.

1998- يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «تەڭرىتاغ دېموكراتىك قوزغىلىش پارتىيىسى» ستۇدېنتلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىللەنگەن سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، خادىملىرى بىرقەدەر يۇقىرى ساپاغا ئىگە. ئۇلار ھەرىكەت پىلانىدا «5 يىللىق ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان» تۈزۈپلا قالماستىن، تېخى «بىرلىك سەپ»، «دېموكراتىيە»، «مۇستەقىللىق»، «پارلامېنت» كۆرۈشى قاتارلىق تەشكىلىي پروگراما ۋە شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1995- يىلى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىنغان ئەكسىيەتچىل تەشكىلات، شايكىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ياكى ئوقۇغۇچىلارغا بىرقەدەر كۆپ چېتىلغان تەشكىلات شايكىدىن 6 بولۇپ، بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر 1993- يىلى ئاچقان «قاراقاش يىغىنى»دا ئوتتۇرىغا قويغان «دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇش، مائارىپلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش» ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن بىردەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ATT» (تولۇن ئاي، يەتتە يۇلتۇز) ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتىنىڭ 112 ئەزاسى ئىچىدىكى 65 كىشى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار. قۇمۇلدا پاش قىلىنغان 2 ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ۋە 4 قانۇنسىز تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ 140 ى ئوقۇغۇچى. ئاقسۇدىكى «كۆك بۆرە ياشلار ئىتتىپاقى»، «ئەكس سادا»، «ئىسلام ئىزى» ۋە خوتەندىكى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»، «تەڭرىتاغ بۆرىسى» قاتارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى مائارىپ سىستېمىسىغا مەركەزلەشكەن. 1995- يىلى، ئۇچتۇرپان 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا 3- يىللىقىدىكى 9 نەپەر ئوقۇغۇچى قانۇنسىز تەشكىلات «ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى»نى قۇرغان. 1997- يىلى، مەكىت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن «ئاللاھ پارتىيىسى» ۋە «دىنىي ئىسلام پارتىيىسى»دىن ئىبارەت 2 ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار.

«ئاللاھ پارتىيىسى» دىكى 7 ئادەم ئىچىدە 18 — 19 ياشتىكىلەر 5 كىشى، «دىنى ئىسلام پارتىيىسى» تەشكىلاتىدىكى 20 ئادەم ئىچىدە 16 — 18 ياشتىكىلەر 14 كىشى، ھەرىكەت قىلمىشىدىن قارىغاندا، چوڭلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغاندا، (1) بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەردىكى ھەرىكىتى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئادەتتىكى سىڭىپ كىرىش ۋە تەشۋىق قىلىشتىن يۇقىرى قاتلاملىشىش، سىياسىيلىشىش، تەشكىلىيلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلانغان. (2) بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمەن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان مىللەت تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشنى، جەمئىيەت، پارتىيە ۋە دۆلەتكە دائىر بىلىملەرنى بىلىدىغان بولغاچقا، تېخىمۇ زور خەۋىپ يەتكۈزۈشچانلىققا ئىگە. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى ۋە كومپارتىيە ئەزاسى. بۇ مەلۇم تەرەپتىن مەكتەپلەردىكى پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى خىزمىتىدە ئاجىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ئەھۋاللىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان خىزمەتنىڭ چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەنمىگەنلىكى، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلىمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، مەكتەپلىرىمىز ئېتىراپ قىلغان بەزى ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ئوقۇغۇچىلار كادىرلىرى بۆلگۈنچىلەر تەشكىلاتىنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى.

4. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دىنىي پائالىيەتلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىكى كونكرېت ئىپادىسى مۇنداق: بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار دەرس ئارىلىقىدا ناماز ئۆتەش؛ خېلى ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆيىدە ناماز ئۆتەش؛ بەزى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بەدىنىگە دىنىي تۇسكە ئىگە نەقىشلەرنى چېكىش؛ بەزى قىز ئوقۇغۇچىلار چۈمبەل ئارتىپ، ماسكا تاقاپ، پەلەي كىيىپ دەرسكە كىرىش، قويۇق

دىنىي تۇسنى ئالغان كىيىملەرنى كىيىش قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەكتەپلەردە ئەكسىيەتچىل دىنىي شوئار چاپلاش ۋەقەلىرى تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

1998- يىلى، يېڭىسار، يەكەن ۋە قەشقەر سەھىيە مەكتەپلىرىدىكى قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، كوللېكتىپ ھالدا ۋاھابىيلارچە قارا ياغلىق چىگىپ، قارا كۆزئەينەك تاقاپ، قارا يوپكا كىيىپ، قارا ماسكا تاقاپ دەرس ئاڭلايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. 1998- يىلى يەكەن ناھىيىسى پەكىچى يېزىسى ئوتتۇرا مەكتىپىدە 70% ئوقۇغۇچى ناماز ئوتىگەن ۋە روزا تۇتقان. قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغانلار 86 گە يەتكەن. يېڭىسار ناھىيىلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ھالدا ئەكسىيەتچىل ئۇن - سىن بويۇملىرىنى ئاڭلاش، كۆرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، 1998- يىل 8- ئاينىڭ 28- كۈنى، يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ 99- يىللىق (1) سىنىپىدىكى زونۇنپاشا غوپۇر، نىيازبۇۋى روزى، گۈلجەمىلە ئابلەت، تۇرنىساگۇل تۇرسۇن قاتارلىق تۆت نەپەر قىز ئوقۇغۇچى توساتتىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. كېيىن زونۇنپاشانىڭ ساندۇقىدىن «قۇرئان كەرىم»، «پەيغەمبەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «بۇ ھەقىقەت»، «ئاخىر زامان» ۋە «ئاللاھ نەدە، دەپ سورىغۇچىلارغا جاۋاب» تىن ئىبارەت 5 كىتاب چىققان. 9- ئاينىڭ 10- كۈنى، نىياز بۇۋىنىڭ ئاكىسى ئۆز سىڭلىسى ئۆيىگە يازغان خەتنى مەكتەپكە تاپشۇرغان. خەتتە ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆيىنى تاشلاپ كەتكەنلىك سەۋەبى ئىنكاس قىلىنغان، خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: بىز دىنىي تۇسكە ئىگە كىيىم كىيگەنلىكىمىز ئۈچۈن، مەكتەپتە سىياسىي ئۆگىنىشكە مەجبۇري قاتناشتۇرۇلدۇق، ئەمدى مەكتەپتىن چېكىنمەكتىن باشقا يولىمىز قالمىدى، چېكىنمىسەك مۇناپىق بولۇپ قالىمىز. — بىز مەكتەپكە كەلگەن بىر ھەپتىدىن بۇيان ناماز ئوتىيەلمىدۇق. ھازىر مەن ئوقۇشتىن چېكىندىم، ئاللاھ يولىدا ھاياتىمدىن، مال - مۈلۈكتىن، تۇغقانلاردىن

كەچمىسەم بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۈيغۇنىڭلار، سىلەر قانغىچە ئۇخلىدىڭلار! بىزدە مال ـ مۈلۈك يوق، ئالسا جېنىمىز بار! مۇبادا بۇ خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلمىساق، بۇندىن كېيىنكى ئەھۋالىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامى بىلەن پەقەت ئاللاھدىنلا ئۈمىد كۈتىمەن، ئاللاھنىڭ زېمىنىنى كەڭرى، ھەرقانداق جايدا نىسىۋىمىزنى ئالاھ بېرىدۇ، ئاللاھ خالىسا بىز كاپىرلارنى يوقۇتۇپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز، مىللىتىمىز، دىنىمىز مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، شۇ چاغدا باققان شەپقىتىڭلەرگە جاۋاب قايتۇرىمىز. مۇبادا بىز قايتىپ كېلەلمىسەك، غازاتتا ئۆلۈپ كېتىپ قالساق، بىز ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەيلى. — مەن سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىمنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلىشىڭلارنى، دىنىي ئېتىقاتىڭلارنى چىڭتىپ كۈندە 5 ۋاق نامازنى ياخشى ئۆتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاچا، ئاكا، مەن سىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتىڭلارنى ياخشى ئىسلام ئەۋلاتلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلىشىڭلارنى، دىنىي ئېتىقاتتا چىڭ تۇرۇپ، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىشىڭلارنى، ئاچا سىزنىڭ ئىسلام ئايالىرى كېيىمىنى كىيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. دادا، ئاپا، مەن كۆڭلۈڭلەرگە ئازار بەردىم، لېكىن بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جەزمەن مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. مەن ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويدۇم، ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويماي دېسەم، دوزاق ئوتىدىن قورقتۇم، ئۇ مېنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىدۇ! مەن قورقتۇم، ئاللاھ! — ناماز ئۆتىگەندە، ئىسلام يولىدا جەڭ قىلغان قېرىنداشلار ھەققىدە كۆپرەك دۇئا قىلىپ قويارسىلەر! مەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى: ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام مۇناپىق بولۇپ كېتەي. بىزنى ئىزدىمەڭلەر، جەمئىيەتتە بىزنى قوللايدىغان قېرىنداشلار ناھايىتى كۆپ، لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ نەدە بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، مېنى كەچۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرگە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاتنى ئاتا قىلغاي!

بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، شۇ چاغدا 6 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى

بىر سىنىپتىكى ئىككى ساۋاقداشنىڭ ئوغقىنى ئۆلۈپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماتەم تۇتۇشنى باھانە قىلىپ مەكتەپتە دىن تۇسنى ئالغان ھازا كىيىمى كىيگەن، ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ھازا كىيىمى كىيگەن ئوقۇغۇچىلار بارا ـ بارا كۆپەيگەن. سىنىپ مەسئۇلى بۇ ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بەرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ مەكتەپ فورمىسىنى كىيىشىنى تەلەپ قىلغان، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار تەربىيىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن بۇ 6 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى يەنىلا ماتەم تۇتۇشنى باھانە قىلىپ، داۋاملىق ھازا كىيىمى كىيگەن، مەكتەپ ئۇلارغا كۆپ قېتىم تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ قىلچە نەتىجە چىقمىغان. مەكتەپ ئۇلارغا داۋاملىق تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، تەتىلدىن بۇرۇن ئۇلارنى ئېلىپ قىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرغان. ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ 6 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى يەنىلا ھازا كىيىمىنى كىيىپ ئوقىغان، سىنىپ مەسئۇلى ۋە مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۇلارغا كۆپ قېتىم سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار دىن ئىككىسى تەربىيىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن نىياز بۇۋى قاتارلىق تۆتى يەنىلا ئۆز بىلگىنىنى قىلىپ تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان ھەمدە 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ئۆيگە قايتىمىز دېگەن باھانە بىلەن مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن.

بۇ ۋەقە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىزدىن ياش ئەۋلادلارنى تالىشىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ:

(1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساسى. ھالبۇكى ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىن بولغان ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار گەرچە مەكتەپتە دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مائارىپ ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزنى خېلىلا قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

(2) ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئىچىدىكى ئاخىرەتتىكى سوراق، دوزاق، ئالدىنقى هايات قاتارلىق پاسسىپ تەقدىرچىلىك نۇقتىئىينەزىرى ۋە باشقىلارغا يول قويمايدىغان كۆچلۈك «غازات» ئىدىيىسى ئومۇمىي خەلق دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىن بولغان بەزى ياش ئۆقۈغۈچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق، دىنىي نۇقتىئىينەزەردىن ئىبارەت.

(3) هازىرقى ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى تەسىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم قىز ئوقۇغۇچىلاردىكى ئىپادىسى تېخىمۇ سىرتقا ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماقتا، بۇ بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

(4) جەمئىيەتتە تارقالغان نۇرغۇن قانۇنسىز نەشر بويۇملىرى ۋە ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرى مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا زىيان سالىدىغان ئاساسىي ۋاستە.

(5) بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلار بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان، ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى ياكى ئۇلار مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى قەتئىيلىككە ئىگە بولغاچقا، قىلمىشى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى مۇقەررەر هالدا كۆزىتىپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولىۋاتقان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمۇنىسى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ خەتىرى ئىنتايىن زور.

5. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىدا، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا - كەنتلەردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار

بىر سىنىپتىكى ئىككى ساۋاقداشنىڭ تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماتەم تۇتۇشنى باھانە قىلىپ مەكتەپتە دىن تۇسىنى ئالغان ھازا كىيىمى كىيگەن، ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ھازا كىيىمى كىيگەن ئوقۇغۇچىلار بارا - بارا كۆپەيگەن. سىنىپ مەسئۇلى بۇ ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بەرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ مەكتەپ فورمىسىنى كىيىشىنى تەلەپ قىلغان، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار تەربىيىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن بۇ 6 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى يەنىلا ماتەم تۇتۇشنى باھانە قىلىپ، داۋاملىق ھازا كىيىمى كىيگەن، مەكتەپ ئۇلارغا كۆپ قېتىم تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ قىلچە نەتىجە چىقمىغان. مەكتەپ ئۇلارغا داۋاملىق تەربىيە بېرىش ئۈچۈن، تەتىلدىن بۇرۇن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرغان. ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ 6 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى يەنىلا ھازا كىيىمىنى كىيىپ ئوقۇغان، سىنىپ مەسئۇلى ۋە مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۇلارغا كۆپ قېتىم سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار دىن ئىككىسى تەربىيىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن نىياز بۇۋى قاتارلىق تۆتى يەنىلا ئۆز بىلگىنىنى قىلىپ تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان ھەمدە 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ئۆيگە قايتىمىز دېگەن باھانە بىلەن مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن.

بۇ ۋەقە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىزدىن ياش ئەۋلاتلارنى تالىشىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

(1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساسى. ھالبۇكى ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىن بولغان ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار گەرچە مەكتەپتە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مائارىپ ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزنى خېلىلا قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

(2) ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئىچىدىكى ئاخىرەتتىكى سوراق، دوزاق، ئالدىنقى ھايات قاتارلىق پاسسىپ تەقدىرچىلىك نۇقتىئىنەزەرىرى ۋە باشقىلارغا يول قويمايدىغان كۆچلۈك «غازات» ئىدىيىسى ئومۇمىي خەلق دىگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتتىن بولغان بەزى ياش ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق، دىنىي نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت.

(3) ھازىرقى ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى تەسىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم قىز ئوقۇغۇچىلاردىكى ئىپادىسى تېخىمۇ سىرتقا ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماقتا، بۇ بىزنىڭ دىققەت ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

(4) جەمئىيەتتە تارقالغان نۇرغۇن قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرى ۋە ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرى مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا زىيان سالىدىغان ئاساسىي ۋاستە.

(5) بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلار بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان، ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاپانچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى ياكى ئۇلار مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى قەتئىيلىككە ئىگە بولغاچقا، قىلمىشى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى مۇقەررەر ھالدا كۆزىتىپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولىۋاتقان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ خەتىرى ئىنتايىن زور.

5. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىدا، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا - كەنتلەردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار

قوشۇنىدا بىرقەدەر ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ، بىز كۆرگەن پاكىت. بەزى كىشىلەرنىڭ دىنىي قارىشى قويۇق، ئۇلار ئۆزى ناماز ئۆتەش بىلەنلا قالماي، تېخى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ مەكتەپتە ناماز ئۆتىدى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى؛ بەزى ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، ۋەھاكازا.

1998- يىل 2- ئايدا، كېرىيە ناھىيىسى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مەزكۇر ناھىيىدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قاتناشقان 8 نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچىغا ئاشكارە چارە كۆردى، بۇ 8 كىشىنىڭ ئەڭ چوڭى 22 ياش، ئەڭ كىچىكى 18 ياش. ئۇلارنىڭ 7 سى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى، 1 ى خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، 4 ى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى. ئۇلار ئادەتتە ئاشكارە ناماز ئوقۇغان ۋە قانۇنسىز چامباشچىلىق ئۆگىنىش تەشكىلاتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان.

1998- يىل 7- ئايدا، پوسكام ناھىيىسى مەكتەپلەرنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىپ تۈزەۋاتقاندا، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق 3- يىللىق (4) سىنىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بۇئايشەم ئۆمەر دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي مۇستەقىللىقنى تەرغىب قىلىدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزىدىغان سۆزلەرنى قىلغان. ئەڭ ئېغىر بولغىنى شۇكى، يەكەن ناھىيىسى پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى 1998- يىلى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىنىدىغان مەكتەپ دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەكتەپ بويىچە 14% ئوقۇتقۇچىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، 70% ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ناماز ئوقۇيدىغانلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلغان. مەزكۇر مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەد داۋۇت 1978- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1977- يىلىدىن باشلاپ، كۆپ قېتىم قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە تەشكىللاتچىلىق قىلغان، مەخسۇس ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژورنال، ئۈن

ـ سىن بويۇملىرىنى كۆپەيتىپ بېسىش ۋە سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە دائىم دەرستىن بۇرۇنقى 10 مىنۇت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان. ئوقۇتقۇچى نۇربىيە ئىمىن 19 ياش، خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى، 1996- يىلى يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن، 1995- يىلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ساۋاقداشلىرىدىن «تۈركىستان مەكتىپى» دېگەن ئوقۇشلۇقنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۇنى تولۇق كۆچۈرىۋالغان. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تارقاتقان. دائىم دەرستىن 10 مىنۇت بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈنىگە 5 ۋاقلىق ناماز ئوقۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ مەكتەپتە جەمئىي 9 ئوقۇتقۇچى، 1 ئىشچىغا چارە كۆرۈلدى. بۇ 10 كىشىنىڭ ئەڭ چوڭى 39 ياش، ئەڭ كىچىكى 19 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 24 ياش، 8 ى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن، ئۇلارنىڭ 2 سى پارتىيە ئەزاسى، 5 ى ئىتتىپاق ئەزاسى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى: (1) ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بار ياكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچىلار 80- يىللارنىڭ ئاخىرى ھەرخىل ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا كۆپرەك. ئۇلار ئۇمۇمەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە جەمئىيەتتىن مەكتەپكە تارقالغان بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىغا ئىگە تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل كىتابلار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە بۇ كىتابلارنىڭ تەسىرىنى بىۋاسىتە يۇقتۇرۇۋالغان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئاشكارىلانمىغان، پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپلەرگە خىزمەتكە چىقىپ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا ياكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان، ياكى ھەرخىل قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان.

(2) بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت

سەۋىيىسىگە، كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە. بۇنداق مىللىي ئاڭ نورمال ئەھۋالدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ ئىمكان قەدەر تېز راۋاجلىنىپ، باشقا مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن بولغان پەرقىنىڭ كىچىكلىشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان ئىدىيە ئاستىدىكى مىللىي ئاڭ. بۇنداق مىللىي ئاڭ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، ئۇ مۇنداق 2 تەرەپلىمىلىككە ئىگە: ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇبادا ياخشى يېتەكلەنسە، ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تەرەققىيات ئېڭى، باراۋەر رىقابەتلىشىش ئېڭى، ئالماشتۇرۇش ئېڭى، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ۋە قوشۇلۇش ئېڭى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياخشى يېتەكلەنمىسە، ماددىي مەنپەئەتنىڭ بىۋاستە تۈرتكىسىدە، مىللەت ئايرىش ئېڭى، باشقىلارنى چەتكە قېقىش ئېڭى كۈچىيىپ، ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلانغان ئەھۋالدا بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىمىز ياخشى، ئۇلار بىز تايىنىدىغان ئاساسىي كۈچلەر. مىللىي پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئاڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مۇقىملىق خىزمىتىدە بۇ رېئاللىقنى جەزمەن ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئىجتىمائىي بىسىمنى يېنىكلىتىپ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كىشىلەرگە ئازادە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك، كۆپ سانىدىكى كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئاچقۇچ دەل مۇشۇ يەردە.

## 2. مائارىپ ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات

مائارىپ ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش مۇھىم ۋەزىپىسى مەۋجۇت، بىزنىڭ ئەھمىيەت

بېرىدىغىنىمىز شۇكى، مائارىپ ساھەسى «يىراق كېلەچەكنى كۆزلەپ ئادەم يېتىشتۈرىدىغان» جاي؛ ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ دۆلەت قارىشى ۋە مىللەت قارىشى كېيىنكى ئەسىردىكى شىنجاڭغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مائارىپ ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە نىسبەتەن مۇنداق يۈكسەك تونۇشقا ئىگە بولۇش لازىم: بۇ خىل كۈرەش گەرچە قىسمەنلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تارىخىي ئەنئەنە، مىللىي تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق ۋە نامراتلىق قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، بۇ كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، مائارىپ ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەشنى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۇنىۋېرساللىقتا ئىگە ئىستراتېگىيىلىك خىزمەت سۈپىتىدە بوشاشماي دائىم تۇتۇش كېرەك. كونكرېت قارشى تەدبىرلەر تەتقىقاتى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مائارىپ خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، پارتىيىنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنى پەن - مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللىي مەكتەپلەردىكى رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز بولۇش، ھەتتا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىش ھالىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مىللىي مەكتەپلەرگە سىياسىي ئىدىيىسى قەتئىي، كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى

كىشىلەرنى سەپلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مىللىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مۇدىر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى، پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئەخلاقىي تەربىيە ئاپپاراتى قۇرۇپ مەخسۇس مۇدىر سەپلەش لازىم. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي يولدىن باشلاپ، ئومۇمىي دائىرىدە مەكتەپ ئەخلاقى ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا، ئىجتىمائىي مۇھىت ئەھۋالىغا ئاساسەن قاراتمىلىقى بولغان ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، كونكرېت خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، «ئۆگىنىشكە، سىياسىغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش»نى مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ، بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى مەكتەپلەردىكى ھازىرقى سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇش ئاجىز بولۇشتەك ئەھۋالنى زور كۈچ سەرىپ قىلىپ ئۆزگەرتىش لازىم. مىللىي مەكتەپلەر، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان كەسپىي فاكولتېتلاردا ئىدىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق ھالدا قاتتىق تۇتۇش لازىم. مەكتەپلىرىمىزدىن يارىماس نەرسىلەرنىڭ چىقماسلىقىغا، گۆر

كولىغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2) ھۆكۈمەتنىڭ كادىر باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە مائارىپنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، ساپاسى يۇقىرى، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت مۇدىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ سوبيېكتى. كونىلاردا: «ياخشى مەكتەپ مۇدىرى بولسا، ياخشى مەكتەپ بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەكتەپ مەسىلىسى، ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى نېگىزىدىن ئالغاندا، مەكتەپ مۇدىرى مەسىلىسى. يېقىنقى يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچىلەر سىڭىپ كىرگەن مەكتەپلەر، تەسىر دائىرىسى كەڭ ھەم ئاشكارا بولغان مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى، قىسمەن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يېزىلاردىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئىبارەت. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭ بويىچە بىرقانچە مىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن، بۇلار ئىچىدە مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئومۇمىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن، مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشىدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 80% ى يېزىلارغا جايلاشقان. بۇنداق سانى كۆپ، مۇدىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ.

1997 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىدا بىرقەدەر ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانغان. 1998 ـ يىلى، يەكەن ناھىيىسى مەركەزلىك تۈزەشنى بېكىتكەن مەكتەپ 8 يېزا، 5 بازارغا چېتىلىدىكەن، ئۇلار جەمئىي 28 مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئىكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىر ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز، ئىقتىدارسىز، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىرى 17 بولۇپ، ئومۇمىي مەكتەپ سانىدىكىلەرنىڭ 60.70% ئىگىلەيدىكەن. بۇلار

ئىچىدىكى بەزى مەكتەپ مۇدىرلىرى كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇغان؛ بەزى مۇدىرلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارغا دىپلوم بېرىپ، ئۇلارنىڭ بالدۇر توي قىلىشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن؛ پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەد داۋۇت «غازات»نى ئاشكارا تەشۋىق قىلغانلىقتىن، جخ ساقچىلىرى بېرىپ ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇدىرى مۇھەممەدنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، يەنە كېلىپ كەسپىي تايانچ دېگەندەك باھانىلارنى كۆرسىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچىلىرىنى ئادەم تۇتۇشتىن توسقان. پوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى بولمىغاچقا، مەكتەپتە دىنىي تۈس قويۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقالغانلىقى بايقالغاندا، بىرەر ئادەم ئۇنى توسمىغان، يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىدىغان ۋە يىغىۋالىدىغان ئادەم چىقمىغاچقا، مەكتەپتە بىر ھەپتە تارقىلىپ يۈرگەن. يېڭىسار 3- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي كىتابلارنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرگەن، مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى بۇ ئىشنى 3- ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سەمىگە سالغاندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىزچىل تۈزدە ئەھمىيەت بەرمىگەن، كېيىن بۇ ئىش ئەۋجىگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلار توپلىشىپ ئەكسىيەتچىل دىنىي ئۈن - سىن بويۇملىرىنى كۆرۈش، قىز ئوقۇغۇچىلار توپى دىنىي تۈس قويۇق كىيىملەرنى كىيىپ مەكتەپكە بېرىش، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىگىلى كەلگەن خەنزۇ كادىرلارغا ئورىۋېلىپ ھۇجۇم قىلىش، ئەكسىيەتچىل شۇئار چاپلاش، دەرس مۇنبىرىگە پىچاق بىلەن دىنىي بەلگىلەرنى ئويۇش قاتارلىق ئېغىر ۋەقەلەر كېلىپ چىققان.

شۇڭا، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە.

(1) سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىشنى مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش

لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا ئۇلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشى لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە پوزىتسىيىسى تۇتۇق، مەيدانى مۇقىمسىز كىشىلەرنى ئىشقا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىشقا قويۇلغانلارنىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ۋاقتىدا مەكتەپ مۇدىرلىق ئورنىدىن تەڭشىۋېتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئومۇمەن ئالغاندا مىللىيچە بىلەن خەنزۇچە تىلنى تەڭ بىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇلار خەنزۇ تىلى بىلمەيدىغان ياكى ئاساسىي جەھەتتىن بىلمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا قارىغاندا تاشقى دۇنيانى تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىدۇ، ئۇلاردا تار مىللىي ئاڭ تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقاندا، مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مىللىيچە تىلنىمۇ، خەنزۇچە تىلنىمۇ بىلىدىغان مىللىيلاردىن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم تەدبىر.

(2) مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈزگەن، گوۋۇيۈەن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تەستىقلاپ تارقاتقان «21 - ئەسىرگە يۈزلىنىپ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى» دا دۆلەت «ئەسىر ھالقىيدىغان باغۋەن قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويىدۇ؛ 3 يىل ئىچىدە، ھازىرقى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە داۋاملىق تەربىيىلىنىدۇ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش تۈزۈمى ۋە لاياقەتلىك كېنىشكىسى بىلەن ئىشقا چىقىش تۈزۈمى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ فاكولتېتىدا مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىش ئورنى كېنىشكىسىنى ئېلىش سىنىپى

ئېچىشىمىز لازىم. مائارىپ باشقۇرۇشنىڭ 1ـ سېپىدىكى مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرى ياكى تەربىيىلەش ئىستىقبالى بار مائارىپ باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئىش ئورنى بويىچە 1—2 يىل تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش سىنىپلىرىنىڭ دەرسلىرىدە سىياسىي نەزەرىيە دەرسىدىن باشقا، زامانىۋى مائارىپنى ئىلمىي باشقۇرۇش پەنلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى مىللىي مائارىپ بىلەن زامانىۋى مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى تولۇق تونۇپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش لازىم. دەرسلەر پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىشى لازىم، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ لاياقەتلىك كېنىشكىسى بىلەن ئىشقا چىقىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

(3) مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى مىللىي مەكتەپلەر ياكى مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ نىشانلىق باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش ئارخىپى تۇرغۇزۇشى لازىم. مىللىي مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى نىزام شەكلى ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى نىزام ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپلىش ئۈچۈن، «ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ نىشانلىق باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئۇدا 3 يىل تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر بولغان مۇدىرلارنىڭ ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش ياكى ئۇلارنى ئاشكارا مۇكاپاتلاش كېرەك.

(4) قەرەللىك ھالدا مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تاللاپ ئىچكى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىش لازىم. مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم خەنزۇ كادىرلارنى تاللاپ مىللىي مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىش، خەنزۇ تىلى بىلىدىغان ئاز سانلىق مەكتەپ مۇدىرلىرىنى خەنزۇ

مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىش، ئۇزاق مۇددەتلىك سىستېما بويىچە ئالماشتۇرۇش ئۇرنى قۇرۇش لازىم. نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنىڭ بېكىنمە ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇچۇق خاراكتېرگە ئىگە قىلىشتا ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇش كېرەك.

3) ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي قاتتىق تۇتۇپ، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىش لازىم.

(1) مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپلەشنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇشى لازىم. كادىرلار تارماقلىرى ۋە مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلغاندا، چوقۇم شۇ ئوقۇغۇچى ئوقىغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئورتاق ھالدا سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىشى لازىم. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلە سادىر قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(2) ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈش ئارخىپىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي، كەسپىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش قوش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈشتە كەسپكە ئەھمىيەت بېرىپ سىياسىيغا سەل قارايدىغان خاھىشنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن «كىم ئاساسلىق باشقۇرسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىنى قوللىنىش، رەھبەرلەر تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈش مەزمۇنى ئىنچىكە ۋە كونكرېت بولۇشى كېرەك، شۇ يىلى سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولالمىغان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، قەتئىي ھالدا ئىش كۆتۈشكە قالدۇرۇش،

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ياكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن ھەيدىۋېتىش قاتارلىق مۇناسىپ جازا تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. سىياسىي بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە ئاشكارا قاتنىشىشىغا ياكى ئوقۇتۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپتە ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دىنىي ئىدىيىنى تارقىتىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇنداق مەسىلىسى بار ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن قەتئىي، كەسكىن تۈردە تازىلىۋېتىش كېرەك.

(3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم.

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئايمۇ ئاي تارقىتىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئايمۇ - ئاي تارقىتىپ بېرىلمىدى. بۇ مەسىلە بولۇپمۇ خوتەن - قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئىش ھەققى ئايمۇ - ئاي تارقىتىلمىسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇشىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە سەۋەب، ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئويلىشىپ، ئەتىيىنىيەتكە كېلىپ، مالىيىدە قىيىنچىلىق بولغان ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئايمۇ - ئاي تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ھەر يىلى ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ ئۆيى سېلىشقا پىلانلىق مەبلەغ سېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

1998- يىل 9- ئايدا، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسىدە

ئىگىلىشىمىزچە، ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ سالغان باغۋەنلەر رايونى ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى سومىلىق ئۆي سېتىۋېلىش پۇلىنى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار رايونىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئەھۋال دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش سىياسىتىگە بولغان قارشىنى بىرخىل مىللىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدا ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئىقتىساد تەرەققىياتىدىكى پەرق مۇقەررەر ئېلىپ كېلىدىغان مەسىلە. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارغا تۇرالغۇ ئۆي سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىش خىزمىتىگىمۇ ئىنتايىن دىققەت قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، تارماقلار بىردەك ماسلىشىپ، ئاساسىي قاتلام مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا سېلىنىدىغان تۈرلۈك بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېلىقلارنى ئازايتىشى، كەچۈرۈم قىلىشى لازىم.

خوتەن - قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ بەزى ناھىيىلىرىدە ئىگىلىشىمىزچە، مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەمۇرىي بۇيرۇق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ژۇرنال، گېزىت ۋە كىتابلارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلغان. قاراقاش ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېنىقلىشىچە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ھەر يىلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇشتەرى بولۇشنى تەلەپ قىلغان تۈرلۈك ژۇرنال، گېزىتلەر تەخمىنەن كىشى بېشىغا 50~60 يۈەنگە يېتىدىكەن. بۇندىن باشقا، يېزىلاردا يەنە ھەربىر ئوقۇتقۇچى يېزىغا 24 يۈەن «قوغداش ھەققى» (جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ھەققى) تاپشۇرىدىكەن. يەكەن ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئۇلارنىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر يىلى 4—5 خىل كىتاب، ژۇرنال، گېزىت سېتىۋېلىش تەلەپ قىلىنىدىكەن، يىللىق خىراجىتى تەخمىنەن 150 يۈەن بولۇپ، ئادەتتە ئىش ھەققىدىن بىۋاسىتە تۇتۇپ قېلىنىدىكەن. بۇ

خىل ئەھۋاللار ئاساسىي قاتلام مەكتەپلەردە ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ، ئىنكاسى كۈچلۈك ئىكەن. ھازىرقىدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى يۇقىرى بولمىغان، يەنە كېلىپ ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلمەيۋاتقان ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچىلارنى نەشىر بۇيۇملىرىغا شەخسىي مۇشتىرى بولۇشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇلى ئۇلاردا پەقەت ھۆكۈمەتكە نارازى بولۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ مەسىلە پەقەت ناھىيە، يېزا، كەنتلەردىكى ئاساس مائارىپ مەكتەپلىرىدىلا مەۋجۇت. خوتەن شەھىرى بىلەن يەكەن ناھىيىسىدە ئىگىلىشىمىزچە، 1998- يىلى، بۇ ئىككى شەھەر رايونى شەھەر رايونىنىڭ يول ۋە ئۆل مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش خىزمىتىدە، مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 2 ئايلىق ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالغان. بۇنداق مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلى نامرات رايونلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن شۈبھىسىزكى قىيىنچىلىق ئۈستىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نارازىلىق كەيپىياتىدىن ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ، بۇ، بىز يەرلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي بېسىمنى ئاشكارا ھالدا مەكتەپلەرگە قارىتىپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردا روھىي جىددىيلىك، نارازىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلماسلىق لازىم.

يېقىنقى 2 يىللىق مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى داۋامىدا، مائارىپ سىستېمىسىغا چېتىلىدىغان مەزمۇنلار كۆپ بولدى، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە مەركەزلىك تۈزۈلىدىغان مەكتەپلەر بېكىتىلىپ، بۇ مەكتەپلەردە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە مەركەزلىك زەربە بېرىلىپ، مەكتەپ مۇھىتى پاكىزلاندى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تازىلاندى. تەكشۈرۈشىمىزچە، ھۆكۈمەت مەركەزلىك تۈزەش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يېقىنقى 2 يىلدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3

ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلمىگەن. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلغان. قەشقەردە خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ 3ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ئىشقا نىسبەتەن مەكتەپلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى. مائارىپ ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ. يازلىق تەتىلدە ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار تېگىشلىك ئارام ئالالمايلا قالماستىن، بەلكى روھى جەھەتتىن بىر خىل بېسىم ھېس قىلىدۇ، بۇنداق كەيپىيات مىللىي مەكتەپلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

(4) دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ھازىرقى ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش لازىم.

ئۇزۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدا تارىختا شەكىللەنگەن ئىقتىساد قالاق بولۇش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قالاق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى مۇھىم بىر سەۋەب. خىزمەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش تۈزۈمى ئورنىتىش جىددىي بىر ۋەزىپە. خىزمەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىلمۇ ـ يىل، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ئورۇنلاش، مۇھىم نۇقتىنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى، سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە كەسپىي بىلىمىدىن ئىبارەت 3 چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشتە بىرخىل تۈزۈم سۈپىتىدە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى لاياقەتلىك كىشىنىشكىسى بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش

لازىم.

(3) ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرنى سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىن ئېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4) مەخسۇس تۈر بويىچە مەبلەغ سېلىپ، مەخسۇس بەنزە تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يۇقىرى سەۋىيىلىك، 5 قاراش تەربىيىسى مەزمۇنىنى ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىيچە تىل يېزىقتىمدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مائارىپنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ئاساسىي جەڭ مەيدانىنى ئىگىلەش لازىم.

شىنجاڭدىكى مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە شۇكى: (1) ھازىرقى مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەر (تىل - ئەدەبىيات، گراماتىكا دەرسلىكلىرىدىن باشقا دەرسلىكلەر) دە خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تەرجىمە قىلىش ۋاقتى ئۇزاق بولغانلىقتىن، دەرسلىكلەر ئىزچىل تۈردە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مائارىپ ئىسلاھاتى قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلگەچكە، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەرنى دەرسلىكلەرگە تېزدىن كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، بۇمۇ مىللىي مائارىپ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. (2) دەرسلىكلەردە قاراتمىلىقى كەمچىل، مەسىلەن ئىدىيۋى ئەخلاق، تارىخ، سىياسىي قاتارلىق دەرسلىكلەردە بەش قاراش تەربىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار ناھايىتى ئاز. (3) سىستېمىلىق ئاتېئىزم تەربىيىگە دائىر دەرسلىك يوق. (4) دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىرلىككە كەلتۈرگەن مائارىپ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ئىجرا قىلىنغاچقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە مۇناسىپ دەرس سائىتى ئارقىلىق كاپالەتلىك

قىلىنمىغان. ئىگىلىشىمىزچە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللىشى بىلەن 2 يۈرۈش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى دەرسلىكى يېزىلىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 كىتاب، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 كىتاب ئىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» دەرسلىكىگە سۈرەتلەر قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇشچانلىقى خېلى كۈچلۈك ئىكەن. لېكىن مەكتەپلەر بۇ خىل دەرسلىككە مۇناسىپ دەرس سائىتى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، بۇ دەرسلىككە تىزىملاتقان مەكتەپ ناھايىتى ئاز بولغان. بەزى مەكتەپلەر بۇ دەرسلىكنى ئوقۇغۇچىلارغا ئالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا دەرس ئۆتمىگەن. 1998- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئېلگىرى قوللىنىلغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»نى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىققان، بۇ دەرسلىك 1999- يىلى كۈزدە رەسمىي قوللىنىلغان. بۇ دەرسلىكنى 10 سائەت ئۆتۈش بەلگىلەنگەن. لېكىن ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى تۈپەيلىدىن بۇ دەرس ئەمەلىيەتتە 10 سائەت ئۆتۈلمىگەن. ئوقۇتقۇچىلار كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، مۇھىم نۇقتىلارنى سىزىپ بېرىش شەكلىنى قوللىنىپ، دەرسلىكنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلمىغان. ئوقۇتقۇچىلارمۇ - ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەچكە بۇ دەرسنى ئوقۇتۇش ئاساسىي جەھەتتىن شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان. ئۈرۈمچى رايوندا شۇنداق بولغان يەردە، باشقا رايونلاردا قانداق بولغانلىقىنى ئاسانلا بىلگىلى بولىدۇ. (5) خەنزۇ تىلى دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنى دەۋرنىڭ كەينىدە قالغان.

## 3. بىر قانچە تەكلىپ:

بىرىنچى، مىللىي تىل - يېزىق سىستېمىسىدىكى گۇمانىتارلىق پەنلەر دەرسلىكىنى، مەسىلەن تارىخ، سىياسىي، خەنزۇ تىلى، مىللىي تىل -

ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنى خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىكتىن تەرجىمە قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللاردىن ئۇزۇل - كېسىل قول ئۈزۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك دەرسلىك تۈزۈپ چىقىشقا تەشكىللەش لازىم. دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇن ئېڭى، كۆپ مىللەت مەدەنىيىتى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، دەرسلىك تۈزۈشتە سىستېمىلىق بولۇش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئوخشاش مائارىپ دەرسلىكىدە يەسلى بالىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى نەشرى بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، دەرسلىكنى مىللىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىپ تۈزۈش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ياقتۇرىدىغان تىل شەكلىنى قوللىنىپ، دەرسلىكنىڭ ئوقۇلۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، تەبىئىي پەنلەردىن باشقا كومانىتارلىق پەنلەر دەرسىنى ئۆزىگە خاس ئوقۇتۇش پىلانى ۋە پروگراممىسىغا ئىگە قىلىپ، بۇ دەرسلەرنى ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئادەم تەربىيىلەش ۋە يېڭى بىر ئەۋلات كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

5) خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى قاتتىق تۇتۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئىبتىراپ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر، قازاق، مۇڭغۇل، شىبە، قىرغىز قاتارلىق 6 مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى مەكتەپ مائارىپ سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئاپتونوم رايون ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىشنى ئاچقۇچلۇق

تەدبىر سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم. ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى، يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى كەمچىل، بەزى مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولمىغاچقا خەنزۇ تىلى دەرسى توختىتىلغان. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىدا ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە توشماسلىق قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت، ئوقۇغۇچىلار بىرقانچە يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا خەنزۇ تىلىنى ئۇقمايدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «بىرىنچىدىن توسۇش، ئىككىنچىدىن ئومۇمىيلاشتۇرۇش، ئۈچىنچىدىن ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى لازىم. «بىرىنچىدىن توسۇش، ئىككىنچىدىن ئومۇمىيلاشتۇرۇش، ئۈچىنچىدىن ئۆستۈرۈش» دېگەندە بىرىنچىدىن، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خەنزۇ تىل - يېزىقى ئىقتىدارى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا كىرىشىنى توسۇش؛ ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىل - يېزىقى ئىقتىدارى بىرقەدەر تۆۋەن ياكى خەنزۇ تىل - يېزىقى ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەپ، ئۇلارنى مۇناسىپ HSK دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش؛ ئۈچىنچىدىن، باشقا كەسىپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ياش ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ HSK دەرىجىسىدىكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە تەدرىجىي يېتىش تەلىپىنى قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. 1995- يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەردە HSK ئىمتىھانىنى يولغا قويۇشقا باشلىغانىدى. HSK ئىمتىھانى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا ئۇنۋان باھالاش تەكلىپ قىلىشتىكى ئىمتىھان ئېلىش دەرسلىكى قىلىندى. يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ئە

سانلىق مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرىنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە مەلۇم دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى دېيىشكە بولىدۇ. نۆۋەتتە بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر شۇكى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كەسپىي ئۇنۋان باھالاش، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كادىر يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپ كۆرسەتكۈچىنى يەنىمۇ تەپسىلىيلەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

6) مەكتەپلەرنى جايلاشتۇرۇش، تەڭشەش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت - خەنزۇلار ئارىلاش مەكتەپ، ئارىلاش سىنىپلارنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە «قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپلىرى»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا خەنزۇچە مەكتەپلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە مەكتەپلەرگە كېلىپ ئوقۇشىنى قارشى ئېلىش لازىم.

(1) مىللىيچە، خەنزۇچە ئارىلاش مەكتەپلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرقانچە 10 يىللىق تارىخقا ئىگە. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ كېلىماتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بەزى رايونلاردا بىر مەھەل «مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار مەكتەپ ئايرىش» دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، «بىر مىللەتكە بىر مەكتەپ» شوئارى توۋلاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بەزى رايونلاردا، ئەسلىدىكى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەر سۈنئىي ھالدا ئايرىۋېتىلدى. بۇ مائارىپ بايلىقىنى ئىسراپ قىلىۋېتىپلا قالماستىن، جەمئىيەتتىكى

بۆلگۈنچىلەر پىكىر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، مىللىي خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

ئاقسۇ شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپ بۇنىڭ تىپى. ئاقسۇ شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپ، سەل كەم 30 يىل تارىختا ئىگە مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرلەشمە باشلانغۇچ مەكتەپ، 30 يىللىق تارىختا، مەزكۇر مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ - ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىزچىل تۈردە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەن. 1996- يىلى تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئۈچ ھاجى ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 5 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىپ، 5- باشلانغۇچ مەكتەپكە بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىش توختامى تۈزۈشكەن. توختامدا 5- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. 1997- يىلى، 5- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتكەن، مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى بىناغا كۆچۈپ كىرگەن، ئوقۇغۇچىلار سانى ئاز بولغاچقا، ئاران 3 قەۋەتنىلا ئىشلەتكەن، 4- قەۋەت قۇرۇق قالغان. 700 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە قالغان، خەنزۇ مەكتەپ مۇدىرىمۇ بىر قەۋەتلىك ئۆيدە قالغان. بۇ ئىش جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان، كىشىلەر كوچا - كوچىلاردا مۇنازىرە قىلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ «سانقىنلىق قىلمىشى» نى ئەيىبلىگەن. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1997- يىلى، 5- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىپ، 5- باشلانغۇچ مەكتەپكە بىرقانچە يۈز مېتىر كېلىدىغان جايغا 7- باشلانغۇچ مەكتەپنى سالغان، بۇ پۈتۈنلەي يېڭى مەكتەپ، شۇنداقلا خەنزۇچە مەكتەپ بولۇپ، قاتتىق ماتېرىيال جەھەتتىن قارىغاندا، ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئەڭ ئۈلگىلىك مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدىكى 5- باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپكە كۆچۈپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار

بىرلەشمە مەكتەپ ئايرىلىپ كەتكەن. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئەسلىدىكى 5- باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىلى بۆلۈمى (شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى) دە ئوقۇيدىكەن؛ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ %90 ى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىكەن؛ كۆپ قىسىم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنى ئاز - تولا بىلىدىكەن؛ ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسپىي ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى قويۇق ئىكەن. مەكتەپتىكى مىللىي - خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار 5- باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلىگەن كۈنلەرنى بۈگۈنگە قەدەر ئۇنتۇماپتۇ. بىز چەتئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلغاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز شەرتلەرگە قوشۇلماسلىقىمىز كېرەك. ئاقسۇ شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەقدىرى جەمئىيەتكە ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرىنى مۆلچەرلەش تەس.

بىز مەكتەپلەرنى جايلاشتۇرۇش، تەڭشەش جەريانىدا تارىخقا ھۆرمەت قىلىشنى، شۇ جايدىكى مىللىي قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىشنى ۋە ئۇنى نەزەرگە ئېلىشنى، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز. ھازىرقى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرلەشكەن مەكتەپلەرنى شۇ جايدىكى ئۈلگىلىك مەكتەپ قىلىش لازىم، ئۇنىڭ نەمۇنىلىك كۈچى چەكسىز بولىدۇ. ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان بەزى مەكتەپلەرنى قوشۇۋەتكەندە، تارىخىي ئامىللار، گۇمانىتارلىق ئامىللارنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم، شارائىتى بار، ئامما قارشى ئالىدىغان ۋە قوللايدىغان جايلاردا مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر قۇرۇلسا، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا سەلبىي نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشنى تەھلىل يۈرگۈزۈلمىگەن زورلاش ھەرىكىتى دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت يېتەكچى قىلىشقىلا بولىدۇ، بۇ مەسىلىدە

ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

مائارىپ تارماقلىرى شەرت - شارائىت يارىتىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى «قوش تىلدا ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپى» لىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى ھەمدە شارائىتى بار مەكتەپلەردە تەدرىجىي كېڭەيتىشى لازىم. قوش تىلدا ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپلىرىدا ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرىنى مىللىي تىل - يېزىقتا ئوقۇتۇش، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسىنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى تاللاشتا، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئىختىيارى تىزىملىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئىگىلىشىمىزچە، قوش تىلدا ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپلىرى ناھايىتى كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئاتا - ئانىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. لېكىن تەجرىبە ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەنە مۇنداق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت ئىكەن: بىرىنچىدىن، خەنزۇچە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئەسلىدىلا يۇقىرى بولمىغاچقا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرى ئوقۇتۇشى سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلىدىكى دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان ئەھۋالدا، دەرسلىكتىكى بىلىملەرنى ئىگىلىشى بىرقەدەر قىيىن بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تەجرىبە سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ بەك قىينالغان. خوتەن ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئوقۇتقۇچى ۋە تەجرىبە خىراجىتى قىيىنچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مەكتەپنىڭ تەجرىبە سىنىپى تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تەجرىبە ناھايىتى قىيىنلىشىدۇ. بۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىمىز ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

پۈتۈن شىنجاڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش بىرخىل يۈزلىنىش بولۇپ شەكىللەنگەن. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى نىسبەتەن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، خەنزۇ ئاھالىسى نىسبەتەن ئاز بولغاچقا، خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆلىمىمۇ چوڭ ئەمەس. 90- يىللاردىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن خەنزۇچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى چەكلىك بولغاچقا، بۇ مەكتەپلەر خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بارلىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ قوبۇل قىلىشقا ئامال قىلالمىغان. ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەبلەغ سېلىش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىياستى جەھەتتە ئالاھىدە سىياسەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەشەببۇس قىلىش لازىم. يەكەن ناھىيىلىك ماائارىپ ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىمىزچە، يېقىنقى 2 يىلدا مەزكۇر ناھىيىنىڭ بەزى يېزا - كەنتلىرىدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزىدە خەنزۇ تىلى سىنىپى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوقۇغۇچىلار كەمچىل بولغاچقا بۇ تەلەپ ئەمەلگە ئاشمىغان.

يۇقىرىقى يۈزلىنىش ئەل ئىچىدە ئىستىخىيىلىك كۆرۈلگەن، ئۇ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا، ئۆگىنىشىگە پايدىلىق بولغان تەرەققىيات يۈزلىنىشى. ئۇ، 90- يىللاردىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان زور بىر تۈركۈم بىلىملىك زاتلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھۆكۈمەت سىياسىي جەھەتتە يار - يۆلەكتە بولسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولىدۇ.

7) مەكتەپلەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، مەكتەپلەر تۈزۈش

بىلەن جەمئىيەت تۈزەشنى تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

(1) «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇن» نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش تاشلاش مەسىلىسىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىش لازىم. ئوقۇش تاشلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىسى نامرات بولغاچقا مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان؛ ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغاچقا ئوقۇشتىن ۋاس كېچىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، ئوقۇشنى تاشلاپ ھۈنەر ئۆگەنگەن، قىز ئوقۇغۇچىلار ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بالدۇر ياتلىق بولغان، ۋەھاكازا. نامراتلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ. ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئائىلىسىدە ئومۇمەن جان سانى بىرقەدەر كۆپ، نامرات رايونلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كىرىم بىرقانچە يۈز يۈەندىن بىرقانچە مىڭ يۈەنگىچە بولۇپ، ئوخشاش ئەمەس. بىر ئائىلە بىرقانچە يۈز يۈەن ئوقۇش پۇلى تاپشۇرسا، بۇنى بىر يۈك دېمەي بولمايدۇ. بىز يېزىلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆردۇق: ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2—3 ئوقۇغۇچىغا بىر يۈرۈش كىتاب توغرا كېلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلمەيدىكەن، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئاتلىنىپ ھەر مەۋسۇمدە ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن 1—2 ئايدا كەنتلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئىزدەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىپ ئوقۇتۇش ئۈچۈن، جەرىمانە قويۇش، سېلىق سېلىش، مال - مۈلۈكنى تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق چارىلەر قوللىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرىدىغان ئىشلارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىپ ئوقۇتۇش

ئۇچۇن، ئۆز جايىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە بىرقانچە يۇلى يەر بېرىش؛ يېزىلىق ھۆكۈمەت ماشىنا ئەۋەتىپ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ كېلىش؛ ھەقسىز چۈشلۈك تاماق بېرىش؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىش؛ مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم مىقداردىكى ئوقۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق بىر يۈرۈش كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇ خىزمەتلەر 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان. لېكىن بۇ جەرياندا ئاغرىنىش ۋە نارازىلىق كەيپىياتلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن. يېزا ـ كەنت كادىرلىرى ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

(2) «مائارىپ قانۇنى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى پەيدىنپەي قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم. مائارىپ مەمۇري تارماقلىرى مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئىلمىيلاشقان، ئۆلچەملەشكەن باھالاش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇناسىپ نازارەتچىلىك مېخانىزمى بەرپا قىلىشى لازىم.

مەكتەپ مۇھىتىنى قانۇن بويىچە پاكلاشتۇرۇش كېرەك، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، مەكتەپ مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپى. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر دۆلەت بايرىقى ئېسىش، دۆلەت شېئىرى ئېيتىش ۋە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. پىئونېرلار ئەترىتى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلغار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئاساسلىقى «تۇسۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىيەتتىن مەكتەپلەرگە تارقىلىپ كىرگەن ھەرخىل قانۇنسىز تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ۋاقتىدا تازىلاش لازىم. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارغا ۋاقتىدا تەربىيە بېرىش ھەمدە ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە مۇددەت بەلگىلەپ

بېرىش لازىم. 18 ياشقا توشمىغان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويماسلىق دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىدە بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن، مەكتەپ مۇدىرلىرى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن، قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەسچىتلەرگە بېرىپ دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشىنى توسۇش لازىم. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا دىنىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارغا ۋاقتىدا تەربىيە بېرىش، تەربىيە ئۈنۈم بەرمىسە ئىمكان قەدەر تېز تەدبىر قوللىنىپ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى مىللىي ئەنئەنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدىكى بىرخىل تەلەپچان ھەرىكەت، شۇنداقلا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نۇقتىلىق زەربە بېرىلىدىغىنى «قانۇنسىز تەشكىلات ۋە گورۇھ». بۇ خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا، ھەممە مەسىلىنى يەڭگىللىك بىلەن ئىسلام دىنىغا چېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى ئىمكان قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇش لازىم.

# نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىكى مىللىي تىل - يېزىق خەۋەرلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مىللىي تىل - يېزىقتىكى خەۋەر - ماقالىلارنى باھالاش گۇرۇپپىسى

ئاخبارات باشقارمىسى يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مىللىي تىل - يېزىقتىكى خەۋەر - ماقالىلارنى ئوقۇپ باھالىغۇچىلارنى تەشكىللەپ، 1998- يىل 10- ئايدىن بۇيانقى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى نۇقتىلىق ھالدا بىر قېتىم ئوقۇپ باھالاپ چىقتى. بەزى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەشۋىقاتىدا ئاساسلىق تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەر ساقلانغان:

### 1. جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش جەھەتتىكى خاتالىق

(1) تەشۋىقاتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئايرىم ئىجتىمائىي چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. مەسىلەن، 1998- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنىدىكى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بېتىگە بېسىلغان «پىكاپ ۋە خانىم» دېگەن ماقالىدە جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن ئايرىم ئەمەلدارلاردىكى چىرىكلىك، چوشكونلۇق ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان، ئۇ، كىشىلەردە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىشىپ كېتىپتۇ، دېگەن تۇيغۇ بېرىدۇ. 1999- يىل 5- ئاينىڭ 11- كۈنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 3- بېتىگە «قاسساپنىڭ كۆلكىسىدىن ئۈيغانغان ھېسلار» دېگەن ماقالە بېسىلغان. ماقالىدا «قادىر قاسساپنىڭ كۆلكىسى ھەرگىز ئادەتتىكى كۆلكە ئەمەس، بەلكى چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلۈپ، بوزۇلۇپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئۈرۈلگان قامچا، مەيلى پۈقرا بولسۇن، مەيلى باشلىق بولسۇن، ھەممە تەرەپنى تەڭ ئاگاھلاندۇرىدىغان سىگنال» دەپ يېزىپ، جەمئىيەتتىكى ئايرىم ھادىسىلەر خاتا ھالدا ئىجتىمائىي ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. 1999- يىل 8- ئاينىڭ 7- كۈنى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 4- بېتىگە «نەمۇنە» دېگەن تېمىدا بىر ئەدەبىي ئەسەر بېسىلغان، ئۇنىڭدا بىر يۇرتلۇق 2 ساۋاقداشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈلگەنلىكى، يەنە بىرىنىڭ ئاشۇ ساۋاقدىشىدىن ئۆزىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئۈچۈن يول مېڭىپ ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكى تەسۋىرلىنىپ، ئىككەيلەننىڭ بۇ ھەقتىكى بىر ئابزاس دىئالوگى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆستۈرۈلگىنى «كەسىپ، ئىلىم جەھەتتە سەن مەندىن ئېشىپ چۈشىسەن، لېكىن مەن جاھاندا كۆپنى كۆرگەنمەن، بولۇپمۇ مىجەز جەھەتتە ساڭا قارىغاندا كۆپ سەۋرى تاقەتچان، ئېيتقىنىا، سەندەك كەسپكە ئىشتىياق باغلىغان، مىجەزى چۈس، مۇنازىرىلىششقا ماھىر، ‹پرىنسىپچان كىشىلەر›دىن رەھبەر بولغانلار قانچىسى بار دەيسەن» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۈگۈنكى كۈندىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر، بىرقەدەر قۇۋ ۋە بىلىمى ئادەتتىكىچە كىشىلەر دېگەندىن ئىبارەت. ماقالىدا «ئەمەلدارلار جامائەتتى ۋە پائالىيەت سورۇنلىرى» ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تازا چىرىكلەشكەن

قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە چوڭقۇر سەلبىي تەسىر بېرىدۇ.

(2) فېئودالىق، دىنىي ناچار ئادەتلەر تەرغىپ قىلىنغان. مەسىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1999- يىل 6- ئاينىڭ 27- كۈنىدىكى سانىنىڭ 4- بېتى ۋە 1999- يىل 7- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى سانىنىڭ 5- بېتىگە چومبەل تارتىۋالغان ئاياللارنىڭ سۈرىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 2 قېتىم بېسىلغان.

(3) مۇقامى ھەسرەتلىك، قايغۇلۇق بولۇپ، بىرخىل ساغلام بولمىغان كەيپىيات ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، 1999- يىل 2- ئاينىڭ 23- كۈنى «شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» گە بىر دېھقاندىن كەلگەن خەت بېسىلغان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر تەنقىتلەنگەن، ماقالىدا «ئازراق كەمچىلىك تۇتىۋېلىنىپ، ئارتۇقچىلىقىغا كۆز يۇمۇلغان» بولۇپ، كىشىگە بىرخىل مىللەتلەر ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بېرىدۇ. 1999- يىل 6- ئاينىڭ 22- كۈنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 3- بېتىدە ئېلان قىلىنغان «دېھقان ئاتا» دېگەن شېئىرنىڭ 2- مىسراسىدا: «نامراتلىقنىڭ تاجى بېشىڭدا، نالىمايسەن قاتتىق كۈنىڭدىن» دەپ، 7- مىسراسىدا: «راھەتلەردە بولمىدىڭ مېھمان، باھاردىمۇ كۆردىڭ خورلۇق. جۇجەم تەرسەڭ يىمىدىڭ بىر تال» دەپ يېزىلغان، مەزكۇر شېئىردا باشتىن ئاياغ ھازىرقى زامان دېھقانلىرىنىڭ «جاپالىق» تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. 1999- يىل 8- ئاينىڭ 7- كۈنىدىكى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 4- بېتىگە «تۇرمۇش غېمى» دېگەن تېمىدا فوتو سۈرەت بېسىلغان. ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى: بىر ئۇيغۇر بوۋاينىڭ يېنىدا ساتماقچى بولۇپ قويۇپ قويۇلغان بىر دۆۋە نان تۇرىدۇ، بوۋاي غەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ چۈشكۈن، غەمكىن بولۇپ، كىشىگە تۇرمۇشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاندەك ئۆزگەن تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. 1999- يىل 7- ئاينىڭ 13- كۈنىدىكى «تورپان گېزىتى» نىڭ 4- بېتىگە «چۈشتىكى يېزا يىگانىلىقى» دېگەن تېمىدىكى

شېئىر بېسىلغان، مەزكۇر شېئىردا ھەدەپ قايغۇلۇق، غەمكىنلىك بىلەن يېزا قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىرخىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىغا تولغان. 1999- يىل 9- ئاينىڭ 22- كۈنى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 4- بېتىگە بېسىلغان «مۇئەللىم» دېگەن تېمىدىكى بىر شېئىردا بىرخىل بوغۇق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رېئال جەمئىيەتكە، ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(4) دىئالېكتىك تەپەككۇر كەمچىل بولۇپ، تارىخىي چىنلىققا خىلاپلىق قىلىنىپ، مەسىلىلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن. مەسىلەن، 1999- يىل 7- ئاينىڭ 13- كۈندىكى «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 4- بېتىدە ئېلان قىلىنغان «قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتى تارىخى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا تارىخىي شەخسلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئوبيېكتىپ باھا بېرىلمەي، شەخسلەرنىڭ تۆھپىسى بەك مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. 1999- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 5- بېتىگە بېسىلغان بىر شېئىردا ھازىر شائىرنىڭ كۆپلىكى، ھەممىسىنىڭ بىرلا مۇقامغا ئاۋانتاتلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سامان تىگىدىن سۇ يۈگۈرتىلگەن.

## 2. مەزمۇن تۇتۇق، رېئاللىققا دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلىنغان

بىز ئوقۇپ باھالاش داۋامىدا يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەن، تايىنى يوق نەرسىلەرگە يۇزلەنگەن ماقالە ياكى سۈرەتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن باسقانلىقىنى بايقىدۇق. 1998- يىل 4- ئاينىڭ 4- كۈندىكى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ ئەدەبىي بېتىگە بېسىلغان رۇبائىينىڭ 11- كۇبلېتىدا «ياخشى - يامان دەپ «تاج كەيدىڭ ئاقىن»، سەرۋەرگە، ياخشىغا تەگدى ئوق،

چېقىن، رول تۇتقان يىقىلسا قولۋاغ بىلەن تەڭ، سەن شۇ چاغ قانداقچە تاپارسەن ئەمىن؟» دەپ يېزىلغان. 1998- يىل 9- ئاينىڭ 30- كۈنى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 4- بېتىگە بېسىلغان «ئىككى نەسىر» نىڭ بىرىنچىسىدە: «كەڭ، ھىجرانكار رېئاللىقنىڭ مۇزدەك بارمىقىدا تۇرنۇۋاتقان، يىگانە روھ! جاراھەتلىك زامانىنىڭ داتلاشقان تەبەسسۇمىنى قايرىپ ئۆتۈپ ئەسىرلەر قاراڭغۇسىدا گۈڭگا يورۇپ تۇرغان غېرىپ ھۇجرامغا مەرھەمەت قىل ... بارچە چېغىر يوللارنى پۈتۈمدىن بوينۇمغىچە يۆگەپ ئولتۇرۇپ موخوركامنى چېكىۋاتىمەن. بىر توپ ئۈمۈلىگۈچىلەر قەدەھلىرىنى جىرىڭلىتىپ كۆكرىكىم ئۈستىگە چىقىشتى - دە، ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇلغا چۈشتى»، «ئۇلار پۇلنىڭ پىچاقتەك ئۆتكۈر قىرىدا مېنى بوغۇزلىماقچى ... قانلىرىمنى زەيكەشلىكتە كۆيدۈرۈپ قارايغان دالىدا گۈلخان ياقماقچى بولسا كېرەك»، «سېنى غۇربەتلىك ئىرالارغا سۈرگۈن قىلىۋەتكەن كىملەر ئۇ؟»، «توققۇز بالام نىگاھىمنى يىرتىپ ئۇماق قاناتلىرىنى يىنىك سىلكىشىپ مۇقەددەس تورلار ئارا غوۋۋا زاھىر بولماقتا ...»، «دوستۇم يىغلاۋاتامسىز؟ بوشىغان قەدەھلەرنى ئاۋۇ ئاۋازلارغا كىيدۈرۈپ قويۇڭ، ئاندىن ئۇلۇغۋار جىمجىتلىقنىڭ دولقۇنلىرىغا نەزەر سېلىڭ ...»، «يوللار زىمىنغا پاتمىغىلى تۇردى. لېكىن مەن ماڭغۇدەك ھېچبىر يول كۆرۈنمەيدۇ» دەپ يېزىلسا؛ ئىككىنچىسىدە: «...... مەن كەتتىم. چۈشىنىكسىز ئۈمىدسىزلىكىم مېنى يېتىلىمەكتە.»، «تۈن شامالىرى ئېغىر ھەسرەت شولىسىنى يۈزۈمگە چاچماقتا.»، «سېنىڭ شۇ ئامالسىز كۆزلىرىڭ ھەممىنى بەلگىلىدىغۇ؟»، «ئېھ شور پېشانە يۈرەك! خىرەلەشكەن بۇ قەلب پاسىلىدا قورشىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىنى ئۈمىد قىلىشىڭ مۇمكىن؟ ھېسسىياتچان ياز ئاخشاملىرى ئۆتۈپ كەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋۋا تورىدا ئېيتىلغان ناخشىلارمۇ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.»، «قاخشال شامالار ئارىمىزدىكى دىئالوگلارنى ئۇچۇرۇپ ئەكەتسۇن» دەپ يېزىلغان. 1998- يىل 10- ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى «بايىنغولىن گېزىتى» نىڭ 4- بېتىگە «بىز

كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق بۈگۈن» دېگەن تېمىدا شېئىر بېسىلغان. ئۇنىڭدا: «بىز كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق بۈگۈن، ئويلىمايمىز بۇنى زادىلا. قۇرساق تويسا شۈكرى قىلمىمىز، ئويلىمايمىز ئەتىنى ئەسلا. يىگىتلەردە يوقتۇر جاسارەت، چۈشكۈنلۈككە پاتقىنى پاتقان» دەپ يېزىلغان. 1998- يىل 10- ئاينىڭ 25- كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 4- بېتىگە «پۇلنى دەپ قېرىنداشنى سېتىش» دېگەن تېمىدا ھەجۋى رەسىم بېسىلغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىر بۆرى گۆش دۇكىنى ئاچىدۇ، بىر ئۆچكە 2 قولى باغلانغان، كۆز يېشى قىلىۋاتقان بىر قوينى يېتىلەپ كېلىپ، بۆرە قاساپقا تاپشۇرىدۇ ھەمدە «قوي لازىم بولسا يەنە ئەكىلىپ بېرىمەن» دەيدۇ، بۆرە قاساپ ئۆچكىگە 100 يۈەنلىك نەق پۇلدىن بىر تىزىقنى بېرىۋېتىپ «داۋاملىق ئەكەلگەيىن» دەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر قارىماققا ھېچقانداق چوڭ مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلغاندىلا يوشۇرۇن مەنىسىنى ۋە روشەن دارتىمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

### 3. تەشۋىقاتتا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كەمچىل بولغان، ئاساسىي مىلودىيە گەۋدىلەنمىگەن

(1) ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىك مەسىلىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل كاتېگورىيىسىدىكى تەشۋىقاتىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىردەك ئەمەس، ھەرقايسى ئۆز مىللىتى تەشۋىقاتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر تەشۋىقاتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن. بۇ جەھەتتە بىرقەدەر روشەن ئىنكاس بولۇۋاتقان مەسىلىلەر مۇخبىرلارنى زىيارەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ماقالە ياكى سۈرەتلەردىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت.

(2) مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى بېسىش ۋە ئاڭلىتىش، قويۇش كەمچىل. يېقىنقى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى قويۇۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىچىدە چەت ئەلنىڭ ئەرسىلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى مۇۋاپىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ، لېكىن ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. مەسىلەن ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئۈرۈمچى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى ئىچىدە چەت ئەل ناخشىلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپ بولۇپ كەتكەن.

(3) چوڭ پائالىيەتلەرنى خەۋەر قىلىشتا بىردەكلىك يېتەرلىك بولمىغان. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، بىز پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى بولۇپمۇ چوڭ پائالىيەتلەرنى خەۋەر قىلىشتا بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدۇق. لېكىن بۇ مەسىلە ھازىرغا قەدەر ئەستايىدىل ھەل قىلىنغىنى يوق، مەسىلەن بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋۇدىڭيۈەننىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلىش ئىشىغا ئانچە كۆڭۈل بولۇپ كەتمىدى، مەسىلەن «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى بىر سانىنىڭ 3 ـ بېتىگە بۇ ھەقتە 3 پارچە قىستۇرما رەسىم بېسىلغاندىن باشقا ھېچقانداق خەۋەر بېرىلمىگەن؛ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» (قازاقچىسى) دىمۇ ۋۇدىڭيۈەن ھەققىدە بىرەر پارچە خەۋەر بېسىلمىغان، باشقا بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭمۇ خەۋەر سالمىقى يېتەرلىك بولمىغان. بۇندىن باشقا «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 ـ بېتىگە مەركىزىي كومىتېت رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ھەققىدىكى خەۋەر شۇنداقلا چىقىرىپ قويۇلغان بولۇپ، 1 ـ بەتتىكى

خەۋەرلەر ئىچىدە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم خەۋەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ خەۋەرگە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى ئىشلىتىلگەن، گەرچە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ گېزىتخانا يەنىلا ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي «شۇ كۈنىدىكى» مۇھىم خەۋەر سۈپىتىدە ئېلان قىلغان. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىدىمۇ مۇشۇ بىر قانچە يىلدا ئاشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئائىت ماقالىلار بەك ئاز بولغان، باسقۇچ خاراكتېرلىك چوڭ سىياسىي ھەرىكەتلەرگە دائىر تەشۋىقات، خەۋەرلەر يوق دېيەرلىك.

# چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا تەشۋىقات جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر

## شىنجاڭ رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى
## خې فۇلىن

بىز شىنجاڭ رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 1999- يىل 10- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت 2 ئوبلاستقا قاراشلىق 20 نەچچە ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ۋە قوللىنىشىمىزغا تېگىشلىك قارشى تەدبىرلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك دوكلات قىلىمەن.

### 1. چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى

تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۈرۈش ئىدىيىسى جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر، بولۇپمۇ جۇڭگوغا قارىتىپ شەرقىي

تۈركىستان مىللىي بۆلگۈنچىلىكى ۋە قانۇنسىز دىن قاتارلىق مەزمۇنلار تەرغىپ قىلىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى رادىئونىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ، ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر. نۆۋەتتە، ئاساسلىقى «ئەركىن ئاسىيا ئاۋازى»، «ئامېرىكا ئاۋازى»، «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى»، «ئازاد رادىئو ئىستانسىسى»، «تاشكەن خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى»، «ئەنگلىيە BBC»، «ئىران ئىسلام رادىئو ئىستانسىسى» قاتارلىق رادىئو ئىستانسىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا تەشۋىقات جەھەتتىن سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىدا ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ، يەتكۈزۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسلىقى قىسقا دولقۇننى ئاساس قىلغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئېنىق ئوتتۇرا دولقۇن سىگنالىنىمۇ قوبۇل قىلغىلى بولىدىكەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن قەشقەر 3—650 ئىستانسىسىنىڭ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ ئېنىكاس قىلىشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوبدان ئاڭلىغىلى بولىدىغان چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ چاستوتىسى 40—50 كە يېتىدىكەن. چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئادەتتىكى تارقىتىش ئۈنۈمى كۈچلۈك بولۇپ، چاستوتىسىنى دائىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدىكەن، تەشۋىقات مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل بولۇپ، قۇترىتقۇلۇقى ناھايىتى زور. بولۇپمۇ «ئەركىن ئاسىيا ئاۋازى»نىڭ ئۇيغۇرچە رادىئوسى ھەر كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 00:7—30:7 ۋە كەچ سائەت 00:10—30:10 غىچە بولغان ئارىلىقتا 6—7 قىسقا دولقۇن چاستوتىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتىپ ئاڭلىتىش بېرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلارنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىش، سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئىكەن. ئاساسلىق تەشۋىقات مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن:

1. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلۈك تۈزۈملىرى ۋە پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك

بىلەن ھۇجۇم قىلىش.

2. «شىنجاڭ ئەزەلدىنلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ زېمىنى»، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش»، «كاپىرلارنى ھەيدىۋېتىش»، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىش.

3. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ھەدەپ بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىش. مەسىلەن، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى زوراۋان - تېرروررچىلار شايكىسىنىڭ كاتىبىشى كۈرەشنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، لوپتىدىكى 9- ئاۋغۇست جەسەت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش، 24- ئۆكتەبىر زوراۋان - تېرورچىلار شايكىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسىنى پارتلىتىپ كۆيدۈرۈش قاتارلىق ۋەقەلەرنى ناھايىتى تېزلا بۇرمىلاپ خەۋەر قىلغان، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرگەن، پارتلاتقان، زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايىتى بىلەن شۇغۇللانغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى «مىللىي قەھرىمان» دەپ «ئۇيغۇرلارنى قوزغىلىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»قا چاقىرىش.

4. جامائەت پىكرى ئۇيدۇرۇپ، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ»، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇش، كېڭەيتىشكە، مىللەتنىڭ بىرخىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈرەشنى قوراللىقلاشتۇرۇشقا ئۈندۈش.

5. چېگرا سىرتىدىكى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئۇنسۇرلىرى، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، «شىزاڭ مۇستەقىللىقى» ئۇنسۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا مەدەت بېرىش.

6. دىندىن پايدىلىنىپ «غازات»نى تەرغىپ قىلىپ دىن تەلۋىلىكىنى قوترىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاممىنى ئالداپ، ئازدۇرۇپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قوترىتىش.

بۇ بىر قاتار تەشۋىقات جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشلەر ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ۋە ئىلى رايونىدا كۆپ دولقۇنلۇق رادىئو تازا بازار تاپقان، ئايرىم جايلاردا ھەتتا كۆپ دولقۇنلۇق رادىئونى تالىشىپ سېتىۋالىدىغان نورمالسىز ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. چېگرا سىرتىدىكى بەزى رادىئو ئىستانسىلىرى ئاڭلىتىش داۋامىدا تېخى پۇقرالارنى شېنجېن شەھەرلىك (جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى) سەندى ئېلېكترون زاۋۇتى ئىشلەپچىققان رادىئونى سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ خىل رادىئونىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىتىشىنى تارتالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا بۇ خىل رادىئوغا ئامېرىكا ئاۋازى، ئەنگلىيە BBC ، گېرمانىيە ئاۋازى ۋە ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، رىم ۋاتىكانى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. خوتەن، ئىلى رايونلىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەتتا دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان مەزمۇنلارنى رادىئودىن ئۈنئالغۇغا ئېلىپ لېنتا قىلىپ ئىشلەپ ساتقان.

## 2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 650 سىناق ئىستانسىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

سىناق ئىستانسىسى، يەنى قالايمىقانلاشتۇرغۇچى ئىستانسا چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سىگنالىنى قالايمىقانلاشتۇرغۇچى رادىئو ئىستانسىسى (رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، بۇنى سىرتقا قارىتا سىناق ئىستانسىسى دەپ ئاتايدۇ). سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان رادىئوسىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، 1965- يىلى شىنجاڭدا تۆر تۈرغۇزۇپ 650 قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، 3 سىناق ئىستانسىسى قۇرۇلغان، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە (1—650)، غۇلجا شەھىرىدە (2—650)، قەشقەر شەھىرىدە (3—650) تەسىس قىلىنغان. ھەربىر ئىستانسىسىدا 1 KW لىق قىسقا دولقۇنلۇق ئاپپاراتىنى

10 ى، 1 KW لىق ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئاپپاراتتىن 4 ى بار ھەمدە كۆزىتىش ئاپپاراتى ئۆيى قۇرۇلغان بولۇپ 24 سائەت كۆزىتىپ تۇرىدۇ. سىناق ئاپپاراتى كۆزىتىش ئەھۋالىغا قاراپ 24 سائەت چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ چاستوتىسىغا ئىز قوغلاپ توسقۇنلۇق قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

80- يىللاردا، سىناق ئىستانسىسى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ۋىلايەت - ئوبلاستلارنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى بولغاچقا، سىناق ئىستانسىسى بىۋاسىتە يەرلىك ئۈچۈن تەشۋىقات مۇلازىمىتى قىلالمىغان، چۈنكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىلىنمىسى ئىنتايىن ئاز بولغان. خادىملارنىڭ ئىش ھەققىنىلا ساقلاپ قالغان، توك پۇلى تۆلىيەلمەي قالغان، ئۈسكۈنىلەر ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ كەتكەن. 30 يىل بۇرۇنقى ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى شۇ چاغدا ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇت ئەمدى ئاللىبۇرۇن ئىشلەپ چىقارمايدىغان بولغان، سەپلىمىلەرنى سېتىۋالغىلى بولمىغان، سېتىۋېلىشقىمۇ پۇل بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن سىناق ئىستانسىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 1—650 ئىستانسىسىدىكى قىسقا دولقۇنلۇق 10 ئاپپاراتتىن ئاران تۆتىلا ئىشلەيدۇ. غۇلجىدىكى 2—650 ئىستانسىسىدىكى 10 ئاپپاراتنىڭ 4 ى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، قەشقەردىكى 3—650 ئىستانسىسىدىكى 10 ماشىنىنىڭ ھەممىسى نورمال ئىشلىيەلەيدۇ (ياخشى ئاسرالغان) ؛ ھازىر 4 ى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. لېكىن ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ كەتكەن، قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن (توك خىراجىتى كەمچىل بولغان) بولغاچقا چېگرا سىرتىدىكى كۈچلۈك دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈنۈمى ناچار بولىۋاتىدۇ. خىراجەت قىس، ئۈسكۈنىلەر كونىراپ كەتتى، قۇۋۋىتى ئاجىز، ئاتۇشنىڭ رايونىدىكى قىسمەن يەرلەر شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلارغا تەۋە، قىسمەن يەرلەر باشقا ئورۇنلارغا سېتىۋېتىلگەن بولغاچقا ئاتۇشنىڭ رايونى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئاپپاراتلارنىڭ قۇۋۋىتى يېتىشمەيدۇ؛ كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغاچقا،

كوزىتىشىنىڭ ئۇنۇملۇكلىكى ۋە ۋاقتىدا بولۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكەن بولۇپ، قالايمىقانلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ؛ بۇ ئاشۇ 3 سىناق ئىستانسىسىدا ئورتاق ساقلىنىۋاتقان مەسىلە. نۆۋەتتىكى چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قۇۋۋىتى زور، چاستوتىسى كۆپ بولۇش، ئەمما 650 سىناق ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ كەتكەن، قۇۋۋىتى كىچىك بولۇشتەك ئەھۋالدىن قارىغاندا، 650 سىناق ئىستانسىسى چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىغا قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ.

## 3. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىلىرى تەشۋىقات جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ، سىناق ئىستانسىسىنىڭ قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈنۈمى بەك تۆۋەن بولىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسىلىرىدىمۇ خىراجەت قىس بولغاچقا، ئاما ئەسلىدىلا ئاڭلىيالايدىغان مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشلىرىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى؛ ياخشى ئاڭلىغىلى بولىدىغىنىمۇ ھازىر ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قىلىپ، ئاڭلىتىشتا يېڭى تۇيۇق رايون كۆرۈلدى.

6- بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركەزنىڭ مەبلەغ سېلىشى، يەرلىكنىڭ يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر مەبلىغىنى ھەل قىلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ بويىچە 39 ئوتتۇرا ـ قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلغاندى. ئۇنىڭ 11 ى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ تارقىتىش ئىستانسىسىلىرى؛ 1 قىسقا دولقۇنلۇق، 2 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسا رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق تارقىتىش ئىستانسىسى (ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا

ئۈرۈمچى، قۇتبى، سانجىدىن ئىبارەت 2 شەھەر، 1 ناھىيىگە قۇرۇلغان)، ئۇلار شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 5 خىل تىلدىكى ئاڭلىتىش پروگراممىلىرىنى تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغان. 25 ى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلار بولۇپ، ئۇلار مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۆرۈش پروگراممىسىنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى ئۈستىگە ئالغان. 25 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىنىڭ 11 ى ۋىلايەت (ئوبلاست) لار تۇرۇشلۇق شەھەرلەرگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى ۋىلايەت (ئوبلاستلار) باشقۇرىدۇ؛ 14 ى ناھىيە تۇرۇشلۇق جايلارغا قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيەلەر باشقۇرىدۇ.

ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى 25 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىدا جەمئىي 79 تارقىتىش ئاپپاراتى بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 313KW، ئۇلارنىڭ 26 سى 10KW لىق، 53 ى 1KW لىق. رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 3 ئىستانسىدا 20 تارقىتىش ئاپپاراتى بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 820KW، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ 4 ى 120KW لىق، 2 سى 10KW لىق؛ قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ 4 ى 50KW لىق، 6 سى 15KW لىق، 4 ى 7.5KW لىق.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مالىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغان چاغدا، يەنى 1985- يىلىدىن بۇرۇن، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى 25 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىنىڭ خامچوتىنى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مالىيە يولى بويىچە ۋىلايەت (ئوبلاست) لىك، ناھىيىلىك مالىيىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بېرەتتى. ئىستانسا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خىراجەت جىددى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىستانسا، يېڭى ئۈسكۈنە بولغاچقا، ئاسراشقا كۆپ نەرسە كەتمەيتتى، شۇڭا جايلاردىكى ئىستانسىلار ئاساسىي جەھەتتىن

نورمال ئىشلەيتتى.

1985- يىلىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدە «بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇش، قازاننى ئايرىپ تاماق يېيىش» مالىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن شۇ چاغدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ھەربىر 1 KW لىق ئاپپارات ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن، ھەربىر 10KW لىق ئاپپارات ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن بېرىش ئۆلچىمى (ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۆلچەمۇ ئىنتايىن جىددى ئىدى) بويىچە، ئاشۇ ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مالىيىلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدىغان، شۇ جايدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

1985- يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدە «بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇش، قازان ئايرىپ تاماق يېيىش» مالىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، گەرچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن خىراجەت خېلى جىددى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ۋاقتىدا جايىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشقان ئىدى. 1990- يىلىدىن كېيىن، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە خادىملار ئىش ھەققىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك مالىيىلەردە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، خىراجەت تولۇق جايىغا يەتكۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ نورمال ئۇلاپ ئاڭلىتىش خىزمىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بەزى ئىستانسىلار ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىنىشقىمۇ ئامالسىز قالدى، ئۇلارنىڭ ئاسراش ھەققى ۋە توك ھەققى تۆلۈشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ئەڭ بولمىسىمۇ، كېيىنكى مەزگىللەردە قۇرۇلغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە 10 يىلچە بولۇپ قالغاچقا، توك يەتكۈزۈپ بېرىش

كابېللىرى، ئۈسكۈنىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كونىراپ كېتىپ، پار قازىنى قاتارلىق تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىنى رېمونت قىلغىلى بولماي، بەزى ئاپپارات ئۆيلىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەر خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالدى. 1996- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مالىيىسىدە يولغا قويۇلغان خامچوتنى نۆلدىن باشلاش ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارغا تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى، ئۇلار خادىملارنىڭ ئىش ھەققىگە ئاران ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا، نورمال ئۇلاپ ئاڭلىتىش خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىشقا خىراجەت چىقىرالمىدى. ئۇلار مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى: بىرىنچىدىن، ئىشلىتىلىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ سانىنى ئازايتتى، ئەسلىدە 5 ئاپپارات بىلەن تارقاتقان بولسا، ئەمدى ئاران 2 ياكى 3 ئاپپارات بىلەن تارقىتىدىغان بولۇپ قالدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىلگىرى ئاپپارات قۇۋۋىتىنى تولۇق توشقۇزۇپ تارقاتقان بولسا، ئەمدى تەڭشەش ھەجىمىنى، ئاپپارات قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ، 10KW لىق ئاپپارات كۈچىنى 1 KW لىققا، 1 KW لىق ئاپپارات كۈچىنى 500W قا چۈشۈرۈپ تارقىتىدىغان بولۇپ قالدى، ۋەھاكازا؛ ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ئۇلاپ ئاڭلاتقان بولسا، ئەمدى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ۋاقتىنى قىسقارتتى، بەزى كۈنلىرى 2 سائەت، بەزى كۈنلىرى 5 سائەت ئۇلاپ ئاڭلاتتى، ھەتتا بەزىلەر ئاپپاراتنى يازدا ماڭغۇزسا، قىشتا ماڭغۇزمايدىغان بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە بۇ خىل ئەھۋال يەنىلا ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. 1999- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گەرچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتقان بولسىمۇ، لېكىن جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مالىيە قىيىنچىلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىۋالغاچقا، خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئامال بولماۋاتىدۇ.

## 4. قوللىنىشىمىزغا تېگىشلىك قارشى تەدبىرلەر

(1) كۆزىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى جىددى ۋەزىپە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، كۆزىتىش تورلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىلگىرىكى 1—650 (ياكى 652 ئىستانسىسا)، 2—650، 3—650 كۆزىتىش ئاپپاراتى ئۆيلىرىگە تايىنىشنى ئاساس قىلىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە كىنو باش ئىدارىسى كۆزىتىش مەركىزىنىڭ تەلىپى بويىچە، كۆزىتىش ئەسۋابى ۋە كۆزىتىش ئاپتوموبىلى سەپلەپ، خادىملارنى كۈچلۈك قويۇپ تاللاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە 24 سائەت ئىشلەيدىغان قىلىنغاندا، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ تەشۋىقات جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىش ئەھۋالى ۋە تېخنىكىلىق پارامېتىرى توغرىسىدىكى 1- قول ماتېرىيال بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، قالايمىقانلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قولايلىق ياراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 4 كۆزىتىش نۇقتىسىدىن تەركىب تاپقان كۆزىتىش تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىقىلارغا كېتىدىغان خىراجەت جەھەتتە، ئۈسكۈنىلەر ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ھەر يىللىق كەسپىي خىراجەت ئۈچۈن 400—500 مىڭ يۈەن كېتىدىغانلىقى تەخمىنچوت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رادىئو، تېلېۋىزىيە كىنو باش ئىدارىسى كۆزىتىش مەركىزىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئورۇنلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(2) چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ سىگنالىنى بېسىۋېتىش كېرەك. قىسقا

دولقۇننى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا مەركەزنى ئاساس قىلىش، ئوتتۇرا دولقۇننى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا يەرلىكنى ئاساس قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز. چۈنكى قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاشۇنداق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. نۆۋەتتە، چېگرىدىكى بىلەن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى مەركىزىي سىناق رادىئو ئىستانسىسى ئورۇنلاۋاتىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىلغان قوبۇل قىلىنىش سۈپىتى ياخشى بولغان چېگرا سىرتىدىكى ئايرىم ئوتتۇرا دولقۇنلۇق دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ سىگنالىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىناق رادىئو ئىستانسىسى ئوتتۇرا دولقۇن ئاپپاراتىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز نۇرغۇن مەبلەغنى تېجەپ قالالايدۇ.

(3) 650 قورۇلۇشىدىكى 3 سىناق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاپپارات - ئۈسكۈنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ يېڭىلاپ، قۇۋۋەت دەرىجىسىنى 10KW تىن ئاشۇرۇپ، ئانتىننىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى بىرقەدەر ياخشى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

(4) چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ تەشۋىقات ئەھۋالىنى يوشۇرۇنچە تىڭشاش ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رادىئو ئىستانسىسىلىرىنى يوشۇرۇن تىڭشاش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ تەشۋىقات ئەھۋالىنى يوشۇرۇن تىڭشاش ئاپپاراتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز. يوشۇرۇن تىڭشاش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقاتى ئىشخانىسىدا ياكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ۋە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتىدا تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. يوشۇرۇن تىڭشاش ئاپپاراتى 24 سائەت يوشۇرۇن تىڭشىشى ھەمدە

ھەر كۈنى ياكى قەرەللىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا يوشۇرۇن تېگىشاش مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم.

(5) پۈتۈن شىنجاڭدىكى سىناق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ۋە خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو بىلەن قاپلىنىش ئىشىنى مۇستەھكەملەپ، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاۋازىنى تولۇق ئاڭلىيالايدىغان قىلىش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ـ قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك:

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە قىلىپ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشى لازىم. رادىئو، تېلېۋىزىيە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 82.9% ۋە 84.53% كە يەتتى. لېكىن نۆۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 20% چە ئامما تېخى رادىئو ئاڭلىيالمايۋاتىدۇ، تېلېۋىزور كۆرەلمەيۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ۋە ئىقتىساد ـ مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. بولتۇر دۆلەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى كەنتلەردە رادىئو بىلەن تېلېۋىزورنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇمىيلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ يېزا ـ كەنتلەردە رادىئو، تېلېۋىزورنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشنى ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم بىر تۈرى قىلدى.

بىز ھازىر بىر تەرەپتىن رادىئونىڭ ئۈنۈملۈك قاپلاش نىسبىتىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئامما رادىئو ئاڭلىيالمايدىغان «تۇيۇق يېزا - كەنتلەر»نى تۈگىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ خىراجىتى يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئامما رادىئو ئاڭلىيالمايدىغان يېڭى تۇيۇق رايونلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى قۇرۇلۇشى بىلەن رايون ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تەڭ راۋاجلاندۇرۇپ، ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئوخشاش ئۇدا راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك «تېلېۋىزىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، رادىئوغا سەل قارايدىغان» ئىدىيىسىنى تۈگىتىشى لازىم. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئاخبارات تارقىتىش ئىلمى نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە گېزىتنىڭ رولى رادىئونىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، رادىئونىڭ رولى تېلېۋىزورنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. بۇ قېتىم بىز 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستىكى 20 نەچچە ناھىيە - شەھەرنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، رادىئونىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتلەردىكى رولىنىڭ تېلېۋىزورنىڭكىدىن چوڭ بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۇق. ئاساسىي قاتلامدىكى يولداشلارنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، نەدە چوڭ كانايلىق رادىئو بولسا، شۇ يەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر يۈرەكزادە بولۇپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇلار بۇ يەردە كومپارتىيىنىڭ كۈچى بار دەيدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى كەنتلەردە چوڭ كانايلار ئېگىز قىلىپ ئورنىتىلغان بولۇپ، كۈنىگە 3 قېتىم ئاڭلىتىش بېرىدىكەن. ئاساسىي قاتلاملاردىكى كادىرلار ئۇنى «چوڭ كاناي قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتايدىكەن.

بۇ، كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان قۇرۇلۇش.

ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلار جايلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ئۇلارغا كېرەكلىك كەسپىي خىراجەتنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنى نورمال ئىشلەيدىغان قىلىشى لازىم. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا مال باھاسى، ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى ۋە ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ كۆلىمى، قۇۋۋىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ خىراجىتىنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ھەمدە ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش لازىم. 60-، 70- يىللاردىكى تېخنىكا چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارغا ئېلېكترونلۇق لامپا ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان تارقىتىش ئاپپاراتى ئىشلىتىلگەن. مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ ئاساسىي ئاجىزى، توك سەرپىياتى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «توك يولۋىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. نۆۋەتتە ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ كەتكەچكە، ئۈنۈمى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇڭا ئۇنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئىنتايىن تەخىرسىز بولۇپ قالدى. تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۆۋەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۈنۈمى 70 نەچچە پىرسەنت يۇقىرى بولغان، 50 نەچچە پىرسەنت توك تېجەيدىغان تولۇق قاتتىق ھالەتتىكى ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلماقتا. بۇ خىل ئاپپاراتنىڭ 1 KW لىقى 125 مىڭ يۈەن، 10KW لىقى 330 مىڭ يۈەن. بىزنىڭچە پەيدىنپەي سېلىنما سېلىپ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا بولىدۇ. شۇنداقلا ئىنتايىن زۆرۈر.

ئالدى بىلەن خوتەن، قەشقەر، ئىلى ۋە ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت 1 ئوبلاستتىكى ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاشنى تەكلىپ قىلىمىز.

ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلار تۇرۇشلۇق رايونلار ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى تەدرىجى ياخشىلاپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى لازىم. رادىئو، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىلىرى، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جاپالىق ئىستانسىلار بولۇپ، جايلاردىكى ئىستانسىسا - ئۆزۈللارنىڭ خىراجەت قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ئۆزاققىچە ياخشىلانمىغاچقا، قوشۇننىڭ مۇقىم بولۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. جايلار رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئويلىشىپ، ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى تەدرىجى ياخشىلاپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، سىناق ئىستانسىسى ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۇرۇش پروگراممىسىنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى ئۈستىگە ئالغان ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىلارنىڭ 1985- يىلىدىن بۇرۇنقى تارماقلار بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، يەنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پۇل ئاجرىتىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو نازارىتى رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز. ئەسلىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان خىراجەتنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە، يېڭىدىن خىراجەت كۆپەيتىشتە نامراتلارنى يۆلەش فوندىدىن ئاجرىتىپ بېرىشنى ئويلىششقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو باش ئىدارىسىنىڭ خىراجەت جەھەتتىكى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ھازىرقى باشقۇرۇش

تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتمەي، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون پۇل ئاجرىتىپ ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسىسا ۋە سىناق ئىستانسىسىنى ئاسراش خىراجىتى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش لازىم.

(6) مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى يېزا ـ كەنتلەردە رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى تېزىنىپ ئومۇمىيلاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەردە رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان قۇرۇلۇش، شۇنداقلا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىزدىكى زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر. رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە نازارىتى 1999 ـ يىل 6 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلاردا رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ئومۇمىيلاشتۇردى، يىل ئاخىرىدا يەنە 2157 كەنتتە ئومۇمىيلاشتۇرماقچى؛ 2000 ـ يىلى يەنە 380 كەنتتە رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىر كەنت (مەمۇرىي كەنت) تە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇمىيلاشتۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق تۆۋەندە تەبىئىي كەنتلەردە ئومۇمىيلاشتۇرۇلىدۇ، ھەتتا ئائىلىلەرگىچە ئومۇمىيلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە رادىئونى ياخشى ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزورنى ياخشى كۆرەلەيدىغان؛ بىر يۈرۈشلا رادىئونى ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزورنى كۆرەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ يۈرۈش رادىئونى ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزورنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. مول ـ قىزىقارلىق نومۇرلار ئارقىلىق پۇقرالارنى جەلپ قىلىپ چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىشنى ئاڭلىمايدىغان قىلىش كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا نامرات ئائىلىلەر بىرقەدەر كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەر تېلېۋىزور سېتىۋالالمايدۇ، شۇڭا ئائىلىلەردە رادىئو، تېلېۋىزورنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ۋەزىپە، لېكىن ئۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئارزىقمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغا

خىزمەت. ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردىكى ھەربىر كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىغا ھەقسىز بىر يۈرۈش تېلېۋىزىيە قوبۇللىغۇچ ئۈسكۈنىسى ۋە پرىيىمكسىيە ئېكرانى (تەخمىنەن 13 مىڭ 500 يۈەن كېتىدۇ) سەپلەپ بېرىش ياكى ھەقسىز بىردىن دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 34 دىيۇملۇق تېلېۋىزور (7500 يۈەن) سوۋغا قىلىش ئارقىلىق، تېلېۋىزور سېتىۋالالمايۋاتقان دېھقانلارنىمۇ ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان قىلىشقا بولامدۇ - يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نامرات رايونلاردىكى يۇقرىلارغا ھەر ھەپتىدە ھەقسىز بىر مەيدان كىنو قويۇپ بېرىلسە ھەممە نامرات رايونلارغا سىياسىي جەھەتتىكى ئاممىباب ئوقۇشلۇق ۋە پەننىي ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى سوۋغا قىلىنسا.

(7) يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ خىراجەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر يىلى نامرات رايونلارغا ئىشلىتىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش فوندىدىن 5%—10% مەبلەغ ئاجرىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو، كىتاب قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىمىز. ھەر يىلى مەركەزلىك تۈزەشكە ئىشلىتىلىۋاتقان خىراجەتنىڭ يۇقىرىقى خىراجەتنىڭ قانچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. مۇبادا نامرات رايونلارنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو، كىتاب قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، يۇقرىلار رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور، كىنو، كىتاب كۆرەلەيدىغان بولسا ھەممە بۇ ئىش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدىغان بولسا، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئازدۇرۇش، قۇترىتىشنى توسۇش ئىقتىدارىمىز كۈچىيىدۇ، نامرات رايونلارنىڭ ئۇزاقتىچە ئامان - ئېسەن بولۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىگىلىشىمىزچە، ئىچكىرىدىكى بەزى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارمۇ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان سېلىنمىنىمۇ مۇۋاپىق ئاشۇرۇشى كېرەك.

قىسقىسى، چېگرا سىرتىدىكى رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا تەشۋىقات جەھەتتە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس؛ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش ئاچقۇچ، خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش. شىنجاڭنىڭ 60-، 70- يىللاردىكى چەت ئەل رادىئو ئىستانسىسىلىرىغا قالايمىقانلاشتۇرۇش خىزمىتى مۇۋاپىپىقىيەتلىك بولغانىدى. 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، سىناق ئىستانسىسىلىرى، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىسىلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش قىلغىلى بولىدىغان ئىش.

# بازىنى چىڭ ساقلاپ، بوشلۇق قالدۇرماي، مەدەنىيەت سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقايلى

## ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مۇئاۋىن نازىر شۇخۋاتيەن

مەدەنىيەت سېپى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت نازارىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، مەدەنىيەت سېپىدىكى بازىلارنى چىڭ، پۇختا ساقلاپ، بوشلۇق قالدۇرماي، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

(1)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى

مەركىزي كومىتېتىنىڭ تەدبىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، مەدەنىيەت بازىلىرىنى چىڭ ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىز ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدۇق:

بىرىنچىدىن، «كىشىلەرنى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش» نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىنى ئىگىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، سەنئەت ئىجادىيىتىدە «نادىر ئەسەرلەر ئىستراتېگىيىسى»نى يولغا قويۇش ئارقىسىدا، دەۋر قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھى جارى قىلدۇرۇلغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر نومۇرلار ئىجاد قىلىنىپ ئوينالدى. مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇسابىقىلىشىپ ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىدە 80 نەچچە تۈرلۈك ھەرخىل مۇكاپاتقا ئېرىشتۇق، جەمئىي 400 دىن ئارتۇق يېڭى نومۇر ئىجاد قىلدۇق. ساغلام بولغان، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى جارى قىلدۇرۇلغان نومۇرلار ئىنچىل تۈردە ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل 2 قېتىم پايتەختكە ئېلىپ بېرىلىپ قويۇلۇپ، ياش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ، مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ مىللىي ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، بىز بىر قاتار مول مەزمۇنلۇق ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىدۇق، جەمئىي 20 گە يېقىن نادىر ئەسەر كېچىلىكى ئۆرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالدى. ئاقسۇ - خوتەندىن كەلگەن 100 نەچچە نەپەر ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسىدىن تەركىپ

تاپقان ئۆيۈن قويۇش ئەترىتى پايتەختتە دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتىنى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشتى؛ قىزىلسۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» دېگەن ئويۇنى، ئاقسۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «دولان گۈلى» دېگەن ئويۇنى قاتارلىقلار بېيجىڭدا ئوينىلىپ پايتەختتىكى سەھنىلەرنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى. دراما «ۋۇدېگيۇەن»دە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك مۇناسىۋىتى ۋە ھەر مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان قەھرىمان شەخس مەدھىيىلەندى. بۇ ئاجايىپ، ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئويۇنلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» ئىكەنلىكىدەك كۈچىنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت روھى قىياپىتىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق كۈچىنىمۇ نامايەن قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا غايەت زور ئىلھاملاندۇرۇش رولى ۋە ئۈيۈشتۇرۇش كۈچى ھاسىل قىلدى.

ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، ئومۇمىيلىق ۋە يۆنىلىش ئىگىلەندى. مەدەنىيەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا يەكۈنلەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش — مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەتنى ماركسىزملىق ئىلمىي يوسۇندا جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. بىز تىياتىر ئۆمىكىدە ئىجاد قىلىنغان، تىياتىر سىنارىيىسى، ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكەلنى ئىگىلىدۇق. رېپىدىس قىلغاندا، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى نەق مەيدانغا بېرىپ كۆرۈپ، يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلدۇق، بەزى تىياتىر سىنارىيىلىرىنى بىرقانچە رەت كۆرۈپ، كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدۇق. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى يېقىندا قويغان دراما «جۇرئەت»نى ئاپتونوم رايون ۋە مەدەنىيەت نازارىتى

رەھبەرلىرى بىۋاستە نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈردى ھەمدە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى بەردى، نازىر ئۆزى بېرىپ قوماندانلىق قىلىپ، ئويۇننىڭ نامىدىن تارتىپ رول سۆزىگىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزدى. قويۇلغاندىن كېيىن، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. سىياسىي ئۆتكەل قاتتىق، ياخشى ئېگىلەنگەنلىكى، يەنە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋي ئالاھىدىلىكى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ ساقلىنىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا جەمئىيەتتە ناچار تەسىر ۋە سىياسىي سەۋەنلىك كۆرۈلمىدى.

ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز قىلىپلاشتۇرۇلۇپ «سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش» مۇداپىئە سېپى قۇرۇلدى. بىر مەزگىلدىن بۇيان چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە - مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ، قانۇنسىز ھالدا چېگرا ئىچىگە ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرىنى ئېلىپ كىردى. بىز بۇنىڭدىن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى نۇقتىلىق ئاشۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، ماسلىشىش ئارقىسىدا، 1998- يىلىدىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىكى تەرغىپ قىلىنغان، شىنجاڭ تارىخى بۇرمىلانغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش تەرغىپ قىلىنغان، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان 40 مىڭدىن ئوشۇق ئۈن - سىن بويۇمىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇپ قالدۇق. مەدەنىيەت نازارىتى يەنە ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت كۆۋرۈكتە شىنجاڭ مىللىي تىلدىكى ئۈن - سىن بويۇملىرى توپ تارقىتىش بازىرى قۇردى ھەمدە ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوندىكى مىللىي تىلدىكى ئۈن - سىن

بويۇملىرىنى نەشر قىلىش، كۆپەيتىش، تارقىتىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئويۇن قويۇش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تىجارەت خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى تارقىتىپ، گۇۋاھنامىسىز ئويۇن قويغانلار ۋە مەدەنىيەتكە ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئالماي، ئۆز ئالدىغا چەت ئەل ئارتىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويغانلارنى كەسكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق، بۇ تەدبىرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇھىتىنى كۈچلۈك ساپلاشتۇردى.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش داۋامىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 8 چوڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولۇپ، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىغا ئىگە، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 4000 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسى بار. بىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارە - ئەتىقىلەر نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتكە كۆرگەزمە قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق قايتۇرما زەربە بەردۇق. 1996- يىلى نىيە ئارخېئولوگىيىسىدە زور بايقاشقا ئېرىشتۇق، ئۇ مەملىكەت بويىچە 10 چوڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسارە - ئەتىقىلەر نەتىجىسىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «شىنجاڭ يىپەك يولىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىممەتلىك بويۇملار كۆرگەزمىسى» ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شاڭخەي ۋە بېيجىڭلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. 1999- يىل 9- ئاينىڭ 27- كۈنى، مەملىكەت بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى

بازىسى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تەنتەنىلىك ھالدا «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارە - ئەتىقىلەر نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى»نى ئۆتكۈزدى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مۇزېيلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قىممەتلىك قېزىلما يادىكارلىقلارنى كۆرگەزمە قىلىپ، رەدىيە بەرگىلى بولمايدىغان پاكىتلار ئارقىلىق، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تونۇش جەريانىدا ماركسىزملىق تارىخىي قاراش تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان قىلدى.

بەشىنچىدىن، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە دەلمۇدەل تاقابىل تۇرغان ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردۇق. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كۈنسايىن جانلىنىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمۇ كۈنسايىن مۇرەككەپلىشىپ باردى. بىز كەسكىن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دەلمۇدەل تاقابىل تۇرغان ھالدا بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردۇق. 1999- يىل 9- ئايدا، گېرمانىيىنىڭ مەلۇم شەھىرىدە «تۈركىيە سەنئەت بايرىمى» پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قارشى تەرەپ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى تۈركىيە سەنئىتى دائىرىسىگە كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. ئۆمىكىمىز بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى، كۈچلۈك كۆرەش قىلىش ئارقىسىدا، ئاخىرى «تۈركىيە سەنئەت بايرىمى» «يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»غا ئۆزگەرتىلىپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ساقلاپ قېلىندى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆپ قېتىم ئويۇن قويۇش ئۆمىكىمىز چەت ئەلدە تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارتىسلىرىمىزغا

يېقىنلىشىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ، يوشۇرۇن مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بىز سۇ كەلگىچە توغان تۇتۇپ، ھەر قېتىم چەت ئەلگە ئويۇن قويغىلى چىقىشتىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك تاشقى ئىشلار بەلگىلىمىسى ۋە تەرتىپى بويىچە سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈردۇق ۋە تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ باردۇق. قويۇلىدىغان ئويۇنلار مەيلى يېڭى ئىجاد قىلىنغان بولسۇن ياكى ئەنئەنىۋى ئويۇن بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپەت ئۆتكۈلىنى ياخشى ئىگىلەپ، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ساغلام، مۇقىم ھالدا ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئىززەت ئابرويىنى ساقلاش جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن تېگىشلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق.

(2)

بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتىنى داۋاملىق جىددىيلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىپ، ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى تەلۋىلەرچە ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ، پسىخولوگىيە جېڭى رادىئو ئىستانسىسى تەسىس قىلىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ئەكسىيەتچىل كىتاب ـ ژورنال، سۈرەت ۋە قانۇنسىز ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى ياساپ ۋە ئوغرىلىقچە چېگرىدىن ئېلىپ كىرىپ، پانئىسلامىزم ۋە «غازات»نى بازارغا سېلىپ، دىن تەلۋىلىكىنى ھەدەپ قوزغىتىپ، بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان جامائەت پىكرى ئويدۇرۇپ چىقتى ۋە تارقاتتى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىدا «غازات»نى تەرغىپ قىلىدىغان، قانۇنسىز دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان ۋە «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان» كەيپىياتنى

تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب ـ ژورنال ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردۇق، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، زىيىنى چوڭقۇر. يېقىندا يەنە ئېلان شەكلىدىكى دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرى بايقالدى، ئۇ ئۈستىلىق بىلەن يوشۇرۇنغان بولۇپ مۇئەييەن ئازدۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. بەزىلەر سەنئەت ئويۇنلىرىنى قويۇش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي تۇسكە ئىگە نومۇرلارنى قوشۇپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، دىن تەلۋىلىكىنى قوزغىتىپ، مەملىكەت سىرتىدا، دۈشمەن كۈچلەر بىز زىيارەتكە ئەۋەتكەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمەك ـ گورۇپپىلىرىمىز ئارىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋالىمىزنى ئىگىنىۋېلىپ، ياكى تۇغقان ـ دوستلارنى يوقلاش نامى بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ياكى ئاتالمىش «سەنئەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىلناملاردىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ «مۇستەقىل» لىقىنى تەرغىپ قىلىپ، ئاشكارا ھالدا بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلدى ۋە قوزغىتىپ. بۇ ئەھۋاللاردىن مەلۇمكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش خېلى كەسكىن، مۇرەككەپ، بىز ئىزچىل تۈردە يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، كەسكىن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سۇيىقەستىگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

دىن ئۇزاق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، دىنىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە ۋە ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم جايلىرىدا بىر مەھەل قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەلۋىلىشىش خاھىشى كۆرۈلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 23 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى ئومۇمىي سانى (جۇملىدىن ھەر دەرىجىلىك

مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۇزۇلى، كىنوخانىلارنىڭ 5 ھەسسىدىن كۆپرەككەن. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچى ئاممىۋىي مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ رولىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخى قاندۇرالمايدۇ، بولۇپمۇ چەت، يىراق، نامرات رايونلاردىكى كەڭ ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بەكلا ئارقىدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى چەت، يىراق رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلاملاردا بىر قىسىم ئامما مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ كېتىشتىكى ئاچقۇچ بىزنىڭ بۇ جايلاردىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز، مەدەنىيەت بازىلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقىمىزدا. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ھازىرقى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك، شارائىت ناچار بولۇشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردا ناھىيە (شەھەر) لەردىكى كۆپ قىسىم كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش خىراجىتى يوق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى، بىر قىسىم يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرى خىراجىتى كاپالەتلەندۈرۈلمىگەچكە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ئىگىلىۋالدىغان، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالدىغان ئەھۋاللار بىرقەدەر ئېغىر. يېزىلاردىكى «7 پونكىت، 8 ئورۇن» نىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا، پەقەت مەدەنىيەت پونكىتىنىڭلا خادىملار شتاتى ۋە خىراجەت مەسىلىسى ئەمەلىيلەشمىدى، خادىملار قوشۇندىن چىقىپ كېتىش مەسىلىسى ئېغىر. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ ئەھۋالغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، تۈزلۈك ئاماللار بىلەن ئۇنى ھەل قىلىشى لازىم.

(3)

نۆۋەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىلىرىگە قارىتا، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشىنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشنى باش تېما قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش لازىم. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىگە خاس تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ قالغان. بىز تارىخىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا «مېغىزىنى تاللىۋېلىپ شاكىلىنى شاللىۋېتىش» پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، ياخشىنى قوبۇل قىلىپ، ناچارىنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. يۇرتنى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەن، تەربىيىۋى مەزمۇنى قىزىقارلىق ئويۇنلارغا سىڭدۈرۈلگەن، ئامما ياقتۇرىدىغان بەددىئىي، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ قايتا گۈللىنىشىدىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت سېپى بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. نۆۋەتتە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى جەھەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىزدىن

كەسكىن تالىشىۋاتقان ۋە بىز بىلەن كەسكىن كۈچ سىنىشىۋاتقان رېئال ئەھۋالغا قارىتا، نۆۋەتتە شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىلمۇخىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇرۇش لازىم. پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا «يىپەك يولىدىكى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى»نى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇلىۋاتقان «بىلىم قۇرۇلۇشى» (جۈملىدىن «10 مىڭ كەنت، كىتاب ئامبىرى» قۇرۇلۇشى)دىن ئىبارەت 3 چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك هالدا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كىنو خىزمىتىگە ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ، نۆۋەتتىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىنو قويۇش ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئىمكان قەدەر تېز ئۆزگەرتىپ، كىنو كۆرگەنلەردىن ھەق ئېلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. يېزىلاردا ھەربىر كىشىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مەيداندىن ئارتۇق كىنو كۆرۈشىگە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەربىر كىشىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 مەيداندىن ئارتۇق كىنو كۆرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مۇۋاپىق ياردەم بېرىش ۋە ئوبوروت مەبلىغى تەسىس قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، فىلىم كوپىيىسىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى لازىم. يېزا كىنو ئەترەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش، قويۇش شىركەتلىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى

كۆچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو بازارلىرىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى كىنو فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى «سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تۈگىتىش، قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرىغا زەربە بېرىش» مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشقىۋازلىق، شەھۋانىيلىقنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ مەنئىي قىلىش ۋە ئەكسىيەتچىل، قانۇنسىز، ئوغرىلىقچە نەشىر قىلىنغان ئۈن - سىن بويۇملىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، تاموژنا قاتارلىق تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىكى ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش تەرغىپ قىلىنغان قانۇنسىز كىتاب ژۇرناللار، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ مەنئىي قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىنى ئۈزۈل - كېسىل توسۇپ قېلىشى لازىم. تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى تۈرىدىكى كىتاب - ژۇرنال، رەسىملەر توپلىمىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىمكان قەدەر تېز تۈزۈپ چىقىپ ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش لازىم. ئۈن - سىن بويۇملىرىنى توپ تارقىتىش مەركىزىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنسىز ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ مەنبەسى ۋە سېتىلىش ئوبروت يوللىرىنى توسۇش لازىم.

بەشىنچى، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىق، مۇزېي ئورۇنلىرى، مۇزېي، خاتىرە سارىيى، ئىنقىلابىي تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قاتارلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارماقلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيىگە دائىر بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەسەر كىتابلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، رەدىيە بەرگىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك تارىخنى شەرھلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان تۈرلۈك سەپسەتىلەرگە رەدىيە بېرىشى لازىم.

ئالتىنچى، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال پۇختا، ياخشى ئىشلەش لازىم. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش لازىم. چەت ئەللەرنىڭ نادىر مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرىنى پائال كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇلارنى تازىلاپ، مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت يولى ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش لازىم. چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى سىستېما بويىچە مەدەنىيەت مەمۇرىي تارمىقى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، جايلار ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىككى تەرەپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈرلىرىدە، تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ئۆتەشكە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم.

يەتتىنچى، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، ئىستىل جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مەدەنىيەت قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش»

كېرەك دېگەن چاقىرىقىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلىكىنى ئۆستۈرۈشى، توغرا دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش، مەدەنىيەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئەخلاقتىمۇ، ماھارەتتىمۇ تەڭ يېتىشكەن خەلق سەنئەتچىسىگە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇقىملىق خىزمىتى ۋەزىيىتى ۋە مۇناسىپ تەدبىرلەر

## ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى كەڭ كادىرلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى ئۈدا 11 يىل ساقلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. نۆۋەتتە، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى. لېكىن بىز مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىسى ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش جەريانىدا، ھەقىقەتەن سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرگىمۇ يولۇقتۇق، بۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىشى كېرەك.

**1. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۈشكۈللىكىدىن قارىغاندا مائارىپ سېپى دۇچ كەلگەن كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددى**

مەكتەپ تەربىيىسىگە سىڭىپ كىرىش، توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ياش ئەۋلادلارنى تالىشىش چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ كۆچ توپلاپ بىز بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئېلىشىشقا ئورۇنلاشتۇرغان «ئىستراتېگىيىلىك» قەدەم باسقۇچى. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى ئۆزىگە تارتىپ ۋە قايمۇقتۇرۇپ، پەرزەنتلىرىنى يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرگە ۋە يەر ئاستى دىن ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىلىرىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىسلام «غازات» چىلىرىنىڭ زاپاس قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. 3—4 ياشلاردىكى سەبىي باللاردىن تارتىپ مەكتەپكە كىرىش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرگىچە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارتىپ، تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە تارتىدىغان ۋە تالىشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئۇلار بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مىللىي كەيپىياتىنى ۋە دىن تەلۋىلىكىنى قوزغىتىپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلدى. بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قانۇنسىز تەشكىلاتلار ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر زادىلا توختىمىدى؛ بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ

بىرلىككە پايدىسىز سۆز ھەرىكەتلەر ئېپادىلىنىپ تۇردى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئايرىم كىشىلەر ئېغىر زەھەرلىنىپ، جاھىل مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ياكى زوراۋان، تېررورچىلارغا ئايلاندى.

مىسال بىر، 1997- يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يەكەن ناھىيىسى، پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەت داۋۇت باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك شايكا (قالغان 6 سىمۇ شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) نى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈردى. بۇ شايكا ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا «غازات» ، «مىللىي مۇستەقىللىق» ، «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى» نى تەرغىپ قىلىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى قانۇنسىز نەشىر بويۇمى «شەرقىي تۈركىستان مەكتىپى» ئوقۇشلىقىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇغان ۋە كۆچۈرگەن، تەپتارتماستىن دەرستىن ئىلگىركى 10 مىنۇت ۋاقىتنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى نۇربىيە ئىمىن شۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1998- يىلى مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۆز قالدۇرۇش خاتىرىسىگە «مەن سىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى روناق تاپقۇزۇپ، خەنزۇلارنى يوقىتىدىغان ئادەم بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» ، «مەن سىلەرنى كەلگۈسىدە مېنىڭ غايەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى شەكىل دەپ قارايمەن» ۋاھاكازالار دەپ يازغان. ئۇنىڭ تەسىرىدە، پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە 70% ئوقۇغۇچى ناماز ئوتىگەن، زورا تۇتقان، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتىدا بولغان. بەزى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش سۆزى قالدۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى «تۈرك» ، «شەرقىي تۈركىستان» ، «ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستان» ۋاھاكازا دەپ يازغان؛ بەزىلىرى ئائىلىسىنىڭ ئادرېسىنى «شەرقىي تۈركىستان پەكچى يېزىسى ××× كەنتى ×× گورۇپپىسى ×× ئائىلىسى» دەپ يازغان؛ بەزىلىرى «مەن كەلگۈسىدە قېرىنداشلىرىمنىڭ ھازىرقىغا ئوخشاش تاشلىۋېتىلىشىنى خالىمايمەن، بىز

قانداق ياشاش ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك» شۇنىڭدەك «ئۇيغۇرلار تۈگەشتى» ۋاھاكازالار دەپ يازغان.

مىسال ئىككى، غۇلجىدىكى «5- فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئەترىتى مۇشۇ ناھىيىنىڭ 3- ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۇقتىدا تۇرۇپ، شىكايەت قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىگەن. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ئىنتايىن نورمالسىز بولغان. ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەگەر قايسى بىرى «5- فېۋرال» ۋەقەسىنى ئەيىپلەشنى قوللاشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە رەدىيە بېرىشكە پېتىنسا، شۇ ھوجۇمغا ئۇچراپ، يېتىم قالغان، ھەتتا كوچىلاردا توسۇۋېلىنىپ «سەن كومپارتىيىنىڭ ئىتى» دەپ تىللانغان. بۇ مەكتەپنىڭ مەلۇم كاپېدىراسىنىڭ ئەينى چاغدىكى يىغىن مۇزاكىرىسى خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، پىكىر قاتناشتۇرغان 11 ئادەمنىڭ 10 ى — «مەن 5- فېۋرال ۋەقەسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم، ئۇنى ئەيىپلەشكە ئامالسىز مەن؛ دىنىنىڭ پايدىلىق جايلىرىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ» دېگەن. پەقەت رەشىدەم ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىلا «بىز مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئۆگەندۇق، 5- فېۋرال ۋەقەسىنى بىر ئوچۇم بۇزۇق كىشىلەر پەيدا قىلغان؛ دىنىنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت» دەپ پىكىر قىلغان. بەزى ئوقۇتقۇچىلار روزى تۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن، ھەمدە «بىز دېگەن مۇسۇلمان، بىز ئۆتكەندە روزا تۇتقان، ناماز ئۆتىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ يەنىلا روزا تۇتىمىز، ناماز ئۆتەيمىز» دەپ جار سالغان. ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلار، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى «سىلەر كومپارتىيىنىڭ ئاشۇ بىر نەچچە يۈز كوي ئىش ھەققىگە ئەخمەق بولۇپ، ئۆزەڭلارنىڭ ئېتىقادىڭلاردىنمۇ ۋاز كەچتىڭلار» دەپ ھاقارەت قىلغان. مەكتەپتە 150 نەپەر پىئونېر بولۇپ، ھەممىسى گالاستۇك تاقىمىغان، قىز ئوقۇغۇچىلار خۇددى ئايال تالىپلاردەك كىيىنىۋالغان.

مىسال 3، قارىقاش ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىش قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت، بەزىلىرى ھەتتا ئىنتايىن تەلۋىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. تۆۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 13 ياشلىق قىز ئوقۇغۇچىسى ئامىنە ئابدۇراخمان زوراۋان، تېررورچى كۆرەشنى تونۇش بۇيرىقىغا: «كۆرەش خۇدانىڭ تالىپى، ئۇنى تونۇغان كىشىلەر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، كۆرەش ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ يازغان.

مىسال 4، 1999- يىلى 5- ئايدا، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىدە 60 ئوقۇغۇچىغا (بۇنىڭ 45 ى ئوغۇل، 15 ى قىز، ئۇيغۇر 59، خەنزۇ 1 نەپەر) چېتىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەقسەت قىلىنغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت شايكىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇ شايكا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە، مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، دائىم مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تەپسىرى ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپنىڭ ئىچى - سىرتىدا ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇشقا قۇتراتقان، قىزىقتۇرغان ھەتتا تەھدىت سالغان؛ «شىنجاڭنى ئازاد قىلىش»، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش» تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، قانۇنسىز كىتاب - ژورناللارنى ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرىنى مەكتەپكە مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ كىرىپ، تەشۋىق قىلغان، ئاڭلاتقان ۋە تارقاتقان؛ بۇ شايكا ئۆز ئەزالىرىنى بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقى قىلىشقا تەشكىللىگەن؛ مەكتەپ سىرتىدىكى دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ تايانچىلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، مەكتەپ ئىچىدە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۈچىنى زورايتقان. مەزكۇر شايكىنىڭ تايانچ ئەزالىرى 6 كىشى، بۇ دېلوغا چېتىشلىق 60 نەپەر ئوقۇغۇچى، پۈتۈن مەكتەپتىكى 1022 نەپەر مىللىي ئوقۇغۇچىنىڭ %5.9 نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سىنىپ 14 بولۇپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى 21 مىللىي سىنىپنىڭ %67 نى ئىگىلەيدۇ؛ دېلوغا چېتىلغان 14 سىنىپ

ئىچىدە، مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان سىنىپ 4 بولۇپ، دېلوغا چېتىلغان سىنىپلارنىڭ 28.6% نى ئىگىلەيدۇ.

مىسال 5، قەشقەر سىفەن مەكتىپىدىكى 7 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات قۇرۇش دېلوسى. 1997- يىلى 26- يانۋار، قەشقەر ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى باشقارمىسى قەشقەر سىفەن شۆيۈەندىكى 7 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتىنى قۇرۇش دېلوسىنى بىراقلا پاش قىلىپ قولغا چۈشۈردى. 1996- يىلى 19- ئاپرېل قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 1995- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئالىم رەخمەت باشچىلىقىدىكى 7 نەپەر ئوقۇغۇچى، قەشقەرنىڭ شەرقىي كۆل باغچىسىدىكى دەرەخلىقتە «شەرقىي تۈركىستان ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئېنىق پروگراممىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى: (1) «كۆرەش نىشانى» — ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇستەقىل بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش؛ (2) «تەشكىلىي قۇرۇلمىسى» — رەئىستىن بىرنى، كاتىپتىن بىرنى تەسىس قىلىش؛ (3) «ھەرىكەت ئۇسۇلى» — «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەشۋىقات بويۇملىرىنى يېزىش، تارقىتىش ۋە چاپلاش؛ (4) «قەسەمنامىسى» — مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقى» غا كىرىمەن، تەشكىلنىڭ ماڭا تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىمەن، ئىتتىپاق ئۈچۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلىمەن، تەشكىلگە ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن، مۇبادا ئاسىيلىق قىلسام، خۇدا مېنى جازالىغاي؛ (5) «تەشكىلاتقا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرتلىرى» — ئىسلام دىنىغا شەرتسىز ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئىچىدىن تاللاپ ئەزا قوبۇل قىلىش، بۇ تەشكىلات باش شتاب ۋە شۆبە شتابلاردىن تەشكىل تاپىدۇ، باش شتابنى تەشكىل قىلىدىغان خادىملار 7 كىشىدىن، شۆبە شتابتىكىلەر 5 كىشىدىن

ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنى باش شتابتىكىلەر تەكشۈرىدۇ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ ۋە باشقىلار. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 5 قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، گېزىت - ژورنال ۋە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىش ئۈچۈن خەت بېسىش ماشىنىسى سېتىۋېلىشنى مەسلىھەتلەشكەن. چەتئەل رادىئوسىنى ئاڭلاش، «شەرقىي تۈركىستان ياشلار گېزىتى»، «تەڭرىتاغ گېزىتى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆچۈرۈش ۋە ئوقۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

مىسال 6، 1999- يىلى 6- ئايدا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن 6 نەپەر ئوقۇغۇچىنى مەجبۇرىي بۇيرۇق بىلەن مەكتەپتىن چېكىندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ 6 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى ھەمدە مەكتەپنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، مەكتەپنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا ئەپتارتماستىن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتا چىڭ تۇرغان، مەكتەپ قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ جاھىللىق قىلىپ، ئۆزگەرمىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرىنىڭ مەكتەپ ياتىقىدا ناماز ئۆتىگەنلىكى، مەكتەپ مەنۋى مەدەنىيلىكىنى نازارەت قىلىش ئەترىتى تەرىپىدىن نەق مەيداندا بايقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەسىھەتىگە پىسەنت قىلماي، قىلىدىغىنىنى قىلىۋەرگەن. بەزىلەر يەنە: «دىن بىلەن ئىلىم - پەن زىت ئەمەس، دىنغىلا ئىشىنىپ، ئىلىم - پەننى بىلمىگەن كىشىلەر قارغۇدۇر، ئىلىم - پەننىلا بىلىپ، دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر تۇكادۇر» دېگەن. بەزىلەر مەكتەپنىڭ شۇلار ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا دەرسخانا ئىنتىزامىغا پەرۋا قىلماي، دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارە گەپ تاكاللىشىپ، «مۇنازىرە» لەشكەن

ھەمدە نەق مەيداندىلا دەرسخانىدىن چىقىپ كەتكەن؛ بەزىلەر مەكتەپنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ «سىلەر مەن بىلەن يەنە سۆھبەتلەشمەڭلار، 5—6 قېتىم سۆھبەتلىشىپ بولدىڭلار، ئەمدى پايدىسى يوق! ماڭا تاللاتسا، مەن دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى تاللايمەن!» «دىنغا ئېتىقاد قىلمىسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» ۋەھاكازالار دەپ بىلجىرلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان.

مىسال 7، يېقىندا، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بەزى ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئوقۇش، قولدىن - قولغا كۆچۈرۈش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. 1999- يىلى 13- ئۆكتەبر، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى — ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە ماسلىشىپ، جۇڭگو تىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1996- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى نۇرمەھەممەتنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىيالىنى ئوقۇش، كۆچۈرۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن كەلگەن ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى خېتىنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنىۋاتقان چاغدا دەرھال قولغا چۈشۈردى. بۇ خەتتە «بىزنىڭ ياخشى كۈنلىرىمىز ئۇزۇنغا قالمىدى»، «بۇنىڭغا ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىڭلار، قاچانلا بولسۇن مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئاتلىنىمىز ...» ۋەھاكازا دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل. بىر مەزگىل تەكشۈرۈپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ھازىر ئېنىق بولدىكى، جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1996- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى نۇرمەھەممەتنىڭ ئاكىسى كۈرەش ئەكسىيەتچىل شايكىنىڭ تاپانچىسى بولۇپ، بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىكەن. بۇ ئەكسىيەتچى خەتنى قولغا چۈشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇرمەھەممەتنىڭ بىر كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرى (نۇرمەھەممەتنىڭ تاپشۇرۇشىچە بۇ خاتىرىدىكى مەزمۇنلارنى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدىكى بىر ئوقۇغۇچىدىن كۆچۈرۈۋالغانىكەن) قولغا چۈشۈرۈلگەن. خاتىرە دەپتەردىكى مەزمۇنلارمۇ ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى

تەرغىب قىلىنغان، «خەلقنى» بارىن يېرُىسىدا «قازا تاپقان قۇربانلار» نى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقققا ئاگاھلاندۇرغان. (بۇلاردىن باشقا يەنە ئاتالمىش مىللىي قەھرىمانلار» نىڭ ئىسملىكى تىزىپ چىقىلغان) «شىنجاڭ خەلقى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ۋە ئېزىلىش ئورنىدا تۇرماقتا» ۋەھاكازالار دېيىلگەن. خاتىرە دەپتەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى مۇشۇ خىل مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەكسىيەتچىل خەت بىلەن خاتىرە دەپتەردىكى مەزمۇنلارمۇ مەكتەپتىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاشكارە ئوقۇلغان ۋە قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئوقۇغۇچى 15 نەپەر، مەكتەپتىكى ئىشلەمچىدىن بىر نەپەر بولۇپ، جەمئىي 16 نەپەر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دېلو مىساللىرى پەقەتلا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار ئىچىدىكى بىرنەچچە تىپىك، ئەمەلىي مىساللاردىنلا ئىبارەت. بۇ گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغاۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، لېكىن بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ ئاساسىي بازىسى بولغان مەكتەپلەر، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ بىز بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تالىشىدىغان ئاساسلىق نىشانغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1996] 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە چىقىرىلغان «نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر» دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئىنتايىن دانا ۋە توغرىلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى يەنىلا

ئىنتايىن جىددى، ۋەزىپە مۇشكۇل. شۇڭلاشقا مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياش ئەۋلادلارنى ئوبدان يېتىشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ـ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىغا، جىددى ھەل قىلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 2. بىزنىڭ مۇناسىپ تەدبىرلىرىمىز

1) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1996] 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ [1996] 5- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتكوم (ياچېيكا) رەھبەرلىكىدىكى مۇدىرلار مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىغىشماي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتى ۋە مۇقىملىق خىزمىتى ۋەزىيىتىنى قەرەللىك ھالدا مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىش، كۆڭۈلدە سان بولۇش، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئاجىز بولغان رەھبەرلىك بەنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش؛ رەھبىرى كادىرلارنى ئىش ئورنىدا نۆۋەتلەشتۈرۈش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىدارە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك، ئىستىلى ياخشى، مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ

مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تولۇقلاش؛ مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، باھالاش تۈزۈمى ئورنىتىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

2) ئىجابى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزروھىنى «3 كە كىرگۈزۈش» خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دەرسلىكىنى خىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھى» توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ياشتىكىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەشۋىقات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ئىككىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ھەمدە ئۇنى ياش - ئۆسمۈرلەر ئىدىيىۋى تەربىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاساسىي تېمىسى قىلىپ، مائارىپنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش جەريانى، مەكتەپ تۇرمۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي پائالىيىتى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى نامايەن قىلىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، ماركسىزم ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي پەن دەرسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى ۋە ئاتېئىزم دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشىر

قىلىش، ئالاقىدار رەھبەرلەرنى، ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى قەرەللىك ھالدا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا كېلىپ، ۋەزىيەت - سىياسەتلەر ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەش ۋە دوكلات بېرىشكە ئويۇشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، «ئىككى دەرس» (ئىدىيىۋى سىياسىي دەرس ۋە ئىدىيە - ئەخلاق دەرسى) نىڭ ئاساسىي يوللۇق، ئاساسىي بازىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەكتەپلەردە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى قاتارلىق زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ۋە «مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى» دىن ئىبارەت دەرسلىك سىستېما قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىنىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، مىللەتلەر ساۋادى تەربىيىسى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىشقا ئويۇشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرىدىغان، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سىستېمىلاشقان مائارىپ سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك.

3) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. بىرىنچى، مائارىپ مەمۇرى تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىرىش ئۆتكىلىنى ياخشى تۇتۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس مۇنبىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيەت تۈزۈمى ۋە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك

يولغا قويۇپ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇش كېرەك. ئىككىنچى، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ۋە ئەخلاق تەربىيىسى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ياخشى تاللاش، تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى سىياسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي جەھەتتە قەرەللىك تەربىيىلەش، خىزمەت مىقدارىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ۋەزىپىسىنى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، بىلىم ئاشۇرۇش، تەكشۈرۈپ، مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا سىياسەت جەھەتتە ئېگىشلىك ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش كېرەك. ئۈچىنچى، «ئىككى دەرس» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا بولغان تەتقىقات ۋە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئىككى دەرس» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇش؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشى بىلەن تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئۈرۈمچى رايونىدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستلارنىڭ سىستېما بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق 3 ۋىلايەت ئوبلاستىنىڭ «ئىككى دەرس» ئوقۇتىشىغا يار - يۆلەك بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. جايلاردىكى شەھەر بازارلاردىكى شتاتتىن ئېشىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن

ئوقۇغۇچىلاردىن بەلگىلىك سىياسىي نەزەرىيە ئاساسىغا ۋە سىياسەت سەۋىيىسىگە ئىگە يولداشلارنى، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ «ئىككى دەرس» ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئاجرىتىپ، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «ئىككى دەرس» ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەرنى قانۇن ئارقىلىق قاتتىق ئىدارە قىلىش كېرەك. «ئاساسىي قانۇن»، «مائارىپ قانۇنى» ۋە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ مۇھىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دىكى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار بويىچە، مەكتەپلەردە ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەش. مەكتەپلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ئادەم ۋە ئىشلارنى قانۇن بەلگىلىمىلەر بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بەشىنچى، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتى بىلەن ئەخلاق خىزمىتىنى باھالاش سىستېمىسى ۋە مۆلچەرلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش»تىكى مەزمۇنلارنى يادرو قىلىپ باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

4) «مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت» تىن ئىبارەت ئۈنۈۋېرسال تۈزۈش تورىنى بەرپا قىلىپ، ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى ھەر جەھەتتىن ساپلاشتۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ھەرىكەت، ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئادەتلەندۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ مەدەنىيەت بازىسى

قوروۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى، قوشۇمچە ئوقۇتۇش كىتابلىرى ۋە تەشۋىق، تەربىيە ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە دەرسلىكى ۋە كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك؛ ئومۇمەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتمىگەن، ئىستراپ قىلىنمىغان ھەمدە كىرگۈزۈشكە كۆرسىتىلمىگەن كىتاب، گېزىت - ژورناللار، ئۈن - سىن بويۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىسىغا كىرىشىگە بىر دەك يول قويۇلمايدۇ، قانۇنسىز تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ مەكتەپلەرگە كىرىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. كەلگۈسى ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، دۆلەت بايرىقى چىقىرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئاتا - ئانىسى ياكى ھامىيسىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرگە ھامىي بولۇش ۋە تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىر ئائىلىنى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش، قورامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلىرىگە دىنىي پائالىيەت، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ئوقۇغۇچىلار زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكتسىيىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشى، دىنىي

پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە قۇترىتىپ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن باشقا جايلاردا دىنىي ئىدىيىنى ئۆگىتىشى ۋە تارقىتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. تۆتىنچى، ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى ھەر جەھەتتىن ساپلاشتۇرۇش، مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر ئورتاق تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرىدىغان، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەيدىغان ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش كېرەك.

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتىنى تېرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىيات
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
مىجىت ئابدۇروسۇل

ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتى ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تىلى، سىياسىيۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى ۋە كەسپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر تۈرلۈك خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئاممىنى تەشۋىق قىلىپ، سەپەرۋەر قىلىش ۋە يېتەكلەش، تەربىيىلەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا، ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئاخبارات، نەشرىيات ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئىزچىل توختاپ قالغىنى يوق، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرى ھەر ۋاقىت بۇ ئاخبارات، نەشرىيات بازىرىغا سىڭىپ كىرىش كويىدا بولۇپ، ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ جامائەت پىكرى بازىرىنى تارتىۋېلىپ، دىن تەلۋىلىكىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ

جىنايى مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

**1. ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغداش كېرەك.**

ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتى بىر خىل كەسپ بولۇش سۈپىتى بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىدېئولوگىيە، ئۇستقۇرۇلما ساھەسىگە، تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەرىپى. دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم كۈچ، شۇنداقلا خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارمىقىدۇر. ئۇ سىياسىي ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىدىيە ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە پەن - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىجتىمائىي مۇھىت مۇرەككەپ بولۇۋاتقان، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى غالجىرلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئەقلىي مەدەت ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان

بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، بىر خىل كەسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پۈتۈن كەسىپ بويىچە تۈزۈش، بېسىش، تەمىنلەش، تارقىتىش، تەتقىق قىلىش، تەربىيىلەش بىر گەۋدە قىلىنغان نەشرىياتچىلىق ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كەسىپكە ئايلاندى. كەڭ ئاخبارات نەشرىيات خىزمەتچىلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا يۆنىلىشتە، «2 ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئومۇمىيلىقىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرلەپ، ياخشى كىتاب، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 1998- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە نەشرىياتچىلىق كەسپىدە، پۇختا قەدەم بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغان ياخشى ھالەت داۋاملىق ساقلاندى، يىللىق نەشر قىلىنغان كىتاب 2396 خىلغا يېتىپ، 481 خىلى كۆپەيدى، قايتا نەشر قىلىنغىنى 1123 خىل، قايتا نەشر قىلىش نىسبىتى %51، نەشر قىلىنغان گېزىت - ژورنال 87 خىل ئومۇمىي تىراجى 193 مىليونغا، ژورنال 154 خىلغا، ئومۇمىي تىراجى 11 مىڭ 503 نۇسخىغا، تارقىتىلغان كىتابلار 217 مىليونغا يېتىپ، تارقىتىلغان ئومۇمىي سوممىسى 827 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئاخبارات نەشرىيات كەسپىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 39 سانائەت كەسپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1998- يىلى يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 99 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12-

ئورۇنغا، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 34 مىليون 700 مىڭغا يېتىپ 6-ئورۇنغا تىزىلدى. نۆۋەتتە پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇمىيلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق بىر خىللا بولغان قەغەزنى ۋاستىچى قىلىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ماگنىت، ئېلېكترون، نۇر قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك ۋاستىچىغا ئايلىنىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگەللەيدىغان سالمىقى بارغانسېرى زورايدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1996] 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات، نەشرىيات ئىدارىسى ئالاقىدار تارماق، مۇتەخەسسىس ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر بىر قىسىم سوپىتى يۇقىرى، نەزەرىيىۋىلىكى چوڭقۇر كىتاب ۋە ماقالىلارنى تۈزۈش - يېزىشقا تەشكىللەپ، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدە قىسقىچە ئوقۇشلۇق»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر 100 سوئال»، «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى»، «يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭدىكى مىللەت ۋە دىن مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشمۇ ياكى مىللىي بۆلۈنۈشمۇ» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كىتابلارنى رەسمىي نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى» دېگەن كىتاب، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىگە ۋە «ئۈچىنى» قوللاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، «مەدەنىيەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» ۋە «كىتابنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى

مەھسۇلاتلاز يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئىدىيىۋى مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ـ يىراق يېزا، قىشلاقلارغا، نامرات رايونلارغا، زاۋۇت، كان ـ كارخانا، مەكتەپ ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا سوغا قىلىنغان كىتابلار 2 مىليوندىن، ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «فالۇن گۇڭپىسى»غا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات نەشرىيات ئورۇنلىرى بىر مەيدان جىددىي سىياسىي سىناقتا بەرداشلىق بەردى، 1998ـ يىلدىن بۇيان، ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى «فالۇن گۇڭپىسى»غا ئائىت قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىشتا گەرچە توسالغۇلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردۇق. 1999ـ يىلى يىل بېشىدا بىر قىسىم كىتاب سودىگەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا «فالون گۇڭپىسى»غا ئائىت كىتابلارنى يۇقىرى باھادا نەشر قىلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى بۇنى قەتئىي رەت قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 9 نەشرىياتتا «فالۇن گۇڭپىسى»غا ئائىت كىتابلارنى نەشر قىلىش مەسىلىسى يۈز بەرمىدى. بۇ بىر مەيدان كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز توغرا بولغان. بۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈردى. ئاخبارات نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ فۇنكتسىيىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن باشقا تارماقلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئاالمايدىغان ئاكتىپ رول ئوينىدى.

2. ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، مېخىنى سەگەك تۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشرى بويۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتىنى ۋە دائىملىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشىر بويۇملىرى بازارلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ساپلاشتۇرۇلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتىنىڭ جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى توغرا، مۇقىم بولۇپ، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئەمما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان بەزى كىتاب ـ ژورنال ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرىمۇ پات ـ پاتلا چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە، ئېغىر سىياسىي مەسىلىسى بار بەزى كىتاب ـ ژورناللار، دىن تەلۋىلىكىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان قانۇنسىز دىنىي نەشىر بويۇملىرى قايتا ـ قايتا چەكلەنسىمۇ توختاپ قالمىدى. بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمەتلىرىگە پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئاخبارات، نەشرىيات ئىدارىسى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان تۈرلۈك دېلولاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايرىم رەسمىي نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگەللىمەسلىكى تۈپەيلىدىن مەزمۇنىدا ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار بىر قىسىم كىتاب ـ ژورناللار ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرى نەشىر قىلىندى.

1986ـ يىلى ئۆكتەبىردىن 1989ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە بولغان مەزگىلدە تۇرغۇن ئالماس ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى نەشرىياتتا «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر قەدىمقى زامان

ئەدەبىياتى» دېگەن 3 كىتابنى ئاشكارە نەشر قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتە كۆچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ 3 كىتاب تارىخنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ ھەتتا تارىخي ماتېرىياللارنى ئويدۇرۇپ، ساختا تارىخ ياساپ، ماركسىزملىق مىللەت قارشى ۋە تارىخ قاراشقا تۈپتىن خىلاپلىق قىلدى، ئۇلاردا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كېرەكمۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەكمۇ ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كېرەكمۇ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى تۇركىزمنى تەرغىپ قىلىش كېرەكمۇ دېگەندەك چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە ئېغىر سىياسىي خاتالىق ساقلانغان. 3 كىتاب مەسىلىسىنى مۇھاكىمە ۋە تەنقىت قىلىش ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان ئۆتكۈر، مۇرەككەپ كۈرەشتۇر.

1997- يىلى ئاۋغۇستتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە «پەلەك شاھى» دېگەن كىتابنىڭ مەزمۇنىدا ئېغىر مەسىلە ساقلانغان بولۇپ، مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان. نارازىلىق كەيپىياتىغا ئىگە بەزى سىياسىي ئېغىش خاراكتېرلىك بەس - مۇنازىرىلەر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

1997- يىلى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 4- سانىغا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تەربىيىسى ۋە ئانىلارنىڭ ساپاسى» مەزۇلۇق ماقالىدا، ئانىلارنىڭ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئانىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى شەرھىلىگەندە، قانداق ئانىلار مالايلا تۇغۇپ، پادىشاھ تۇغمايدۇ، دېيىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە كادىرلار سىياستىگە تۆھمەت قىلغان. مەزمۇنىدا ئېغىر سىياسىي خاتالىق بار.

1997- يىلى يانۋاردا شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى «تەلىم بېرىش» دېگەن ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكا ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى نەشر قىلدى.

بۇنىڭدىكى «مېھمان» دېگەن 2. ناخشىنىڭ تېكىستىدە ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار. تېكىستىدە مېھمان بىلەن ساھىپخانىنىڭ مۇناسىۋىتى ياپتى سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنىپ، سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنغان.

2) ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بىر قىسىم دۆشمەن ئۇنسۇرلاردىن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، قانۇنسىز ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئايرىم باسما زاۋۇتلىرىدا قانۇنسىز دىنىي تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى باستۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، بەزىدىن جامائەت پىكرى بازىسىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا.

1995. يىلى ياندۇاردا ئۈرۈمچى شەھىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سېلىش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان رەسىملىك ئاسما كالېنداردىن 7 مىڭدىن كۆپرەكى تەكشۈرۈپ، يىغىۋېلىندى.

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 8 يۈز پارچىدىن ئارتۇق «قانۇنسىز دىنىي ئېلان تەشۋىقات رەسىمى»نى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى؛ تەكشۈرۈشچە بۇ قانۇنسىز دىنىي ئېلان تەشۋىقات رەسىمى جەمئىي 12 مىڭ پارچە بېسىلغان.

3) چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان بەزى دىنىي نەشر بويۇملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىتاب، ژورنال بازارلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، دىن تەلۋىلىكنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنلىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

1996. يىلى ياندۇاردا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر قانۇنسىز تىجارەت ئورنىدىن 250 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق، جەمئىي 50 نەچچە توننا كېلىدىغان، 171 خىل قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇمى

يىغىۋېلىندى.

1999- يىلى ئۆتەبىردە ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى بىر پەۋقۇلئاددە زور قانۇنسىز نەشر بويۇمى دېلوسىنى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈردى، سىياسىي مەسىلە بار، شەھۋانە ۋە نەشر ھوقۇقىنى ئوغۇرلىغان كىتابلاردىن جەمئىي 11 توننا، 560 مىڭ پارچىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. ئىدارىمىزنىڭ باھالاپ بېكىتىشىچە، بۇ 560 نەچچە مىڭ پارچەدىن ئارتۇق كىتابنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز نەشر بويۇمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي مەسىلە بار كىتابتىن 1488 پارچە، شەھۋانە كىتابتىن 1838 پارچە، نەشر ھوقۇقىنى ئوغۇرلىغان كىتابلاردىن 18458 پارچە، باشقا ئوغۇرلۇقچە بېسىۋالغان كىتابلاردىن 3500 پارچە.

1999- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى پوسكام ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەكشۈرۈپ يىغىۋالغان كىتابلار ئارىسىدىن ئىدارىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇلغان كىتاب نۇسخىلىرىدىن 136 پارچە كىتاب ۋە 9 پارچە گېزىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قانۇنسىز نەشر بويۇملىرى ئىكەن. بۇ كىتابلاردا ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش نامى بىلەن مۇسۇلمانلارنى «غازات» قىلىشقا قۇتراتقان، تەشۋىق قىلغان مەزمۇنلار بار. 9 پارچە گېزىتنىڭ 7 پارچىسى چەتئەل ھەم شىياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان بولۇپ بۇ، قانۇنسىز تارقىتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېغىرلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا بۇ بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. بۇ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ ئىنتايىن غالجىرلاشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، دىن

ئەلۋىلىكىنى تەرغىپ قىلىپ، بەزى ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرىنى جەمئىيەتكە تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا يوشۇرۇن ئاپەت ئېلىپ كەلدى، بۇنى ئاۋازسىز بومبا دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يەنىلا بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىدۇر.

**3. بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.**

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسىي خەۋپتۇر. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تارىخ ۋە رېئال كۈرەش جەريانىدىن چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە، پارتىيە ئاخبارات نەشرىيات خىزمەتچىلىرىگە تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپە، پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچ، ئېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات نەشرىيات خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن بىر جىددىي سىناق. شۇڭا نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، نۇقتىلىق قىلىپ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش كېرەك:

1) بۇرچنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزۇن

مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۇللىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيى ۋە جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە، توغرا يۆنىلىشتە، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت نەشرىيات فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىش، غەيرەتنى ئاشۇرۇش، ئىجابىي تەشۋىقات يېتەكچىلىكىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئومۇمىيلىقىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، نەشر بويۇملىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئاساس مۇقام ۋە مەزمۇنى جەھەتلەردە مەۋقەنى ئىسلاھات تەرەققىياتى ئومۇمىيلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئومۇمىيلىقنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قويۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم. سىياسىي يۆنىلىشكە ئالاقىدار، مۇھىم پرىنسىپلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، بايرىقى روشەن، مەيدانى قەتئىي بولۇش، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، بولۇشىغا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، نەشر بويۇملار بازىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تارقىتىش بازىلىرىنى خاتا ئەكسىيەتچى نەرسىلەر بىلەن ھەرگىز تەمىنلىمەسلىك كېرەك.

2) ئاساسىي مىلودىيىنى ياڭرىتىپ، جەڭنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى قىلىش كېرەك. زور سىياسىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان بىر قىسىم كىتابلارغا ئالدىنئالا ئارىلىشىش، ئىدىيىۋى خاھىشى ياخشى بولمىغان تېمىلارنى تاللاشتا بالدۇرراق خەۋەرلەندۈرۈش، قاتتىق تەكشۈرۈش، خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلەش، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىش كېرەك. نەشرىياتچىلىق بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، «ئۈچ باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇستىدىن كۆرۈش

سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىش، نەشىر بويۇملار بازىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، بازار ئەھۋالىنى توغرا ئىگەللەپ، مەسىلە بايقالغان هامان ئۆز ۋاقتىدا هەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ مىللەت، دىن، تارىخ، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، رەھبەرلەرنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ۋەقەلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك نەشىر بويۇملىرىغا قارىتا، مۇھىم تېمىلارنى تاللاشتىكى ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى ۋە بەلگىلىمىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، رەسمىيەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىگە تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، چەكنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ ـ خەتەرنىمۇ ئويلاش، ھەممە ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىش، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاش كېرەك، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قالايمىقانچىلىق سېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

3) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەستىقلىغان، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەشۋىقاتى خەۋەرلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا زىچ ماسلىشىپ، قاراتمىلىقى بار، مەزمۇنى چوڭقۇر، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم نەشىر بويۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىشقا پائال تەشكىللەپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخىي قاراشنى ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كىشىلەر ۋە ئىلغار ئىش ـ ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدە، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلمىي دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش

لازىم. سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە ساقتا ئىلىم - پەننى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

4) «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «تېگىگە يېتىش، توختىماي قوغلاپ قاتتىق زەربە بېرىش» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە، «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش» كۆرىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشر بويۇملىرى بازارلىرىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قانۇنسىز نەشر قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، سىياسىي خاھىش خاتالىقى بولغان كىتابلارنى ھەمدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى تەرغىپ قىلىدىغان نەشر بويۇملىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ نۇقتىلىق زەربە بېرىپ، تارقىلىش مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك. ئوغۇرلۇقچە نەشر قىلىش ۋە بېسىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشنى كۈندىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، تارماقلار مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىغا زەربە بېرىش» خىزمىتىدىكى پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، تاموژنا - ئەدلىيە، مەدەنىيەت، دىن ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئورتاق قاتنىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، نەشر بويۇملار بازارلىرىنى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، قاتنىشى قولايسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «يېزىلارغا كىتاب ئاپىرىپ بېرىش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزا

ئىگىلىكى ئۈچۈن، يېزىلار ۋە دېھقانلار ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەش كېرەك.

ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ ئاخبارات نەشرىيات خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى كۈندىن - كۈنگە روشەن گەۋدىلىنىپ، باشقا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. بىز سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنى ۋە بۇرچ تۇيغۇمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ھەقىقەتكە ئىنتىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، جەڭنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى قىلىپ، ياخشى، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپرەك چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھە-سىدىكى سىڭىپ كىرىشى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرىمىز

## ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ بىلىڭ

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، قەلەم بىلەن ئەلەم بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بىر تەرەپتىن پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەر سېلىش، ئوت قويۇش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارسا يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل يالغان - ياۋداق سۆزلەرنى توقۇپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىگە بۆھتان چاپلاپ، كىتاب، ژورنال، ئۈن - سىن بويۇملىرى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە قارىتا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى ھەر تەرەپتىن سىڭدۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىزدىن ئامىنى تالاشماقتا.

بۇ ماقالىدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەرىكەت ئىپادىلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىش ئىپادىلىرى

مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ باشلامچىسى قىلىپ، خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىزگە قاراتقان غالجىرانە ھۇجۇمىنى قانات يايدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن داغدۇغا ۋە تەسىر پەيدا قىلماقتا.

1) بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: (1) يېتەكچى پروگراممىسى سىستېمىلاشتى. ئۇزۇن مەزگىل راۋاجلىنىش ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تەدرىجى بىرلىشىپ، يېڭى ـ كونا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ھەرخىل ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بىرخىل ئۆلچەملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. (2) تەشۋىقاتتىكى سىڭىپ كىرىش تورلاشتى. ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنىڭ سىڭىپ كىرىشىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل كىتاب، ئۈن ـ سىن لېنتىسى، پىلاستىنكا، گېزىت، رادىئو، خەلقئارا ئالاقە تور پونكىتى، شوئار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىسى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان تەشۋىقات تورى شەكىللەندى. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئادەم ئەۋەتىپ، زىيارەت قىلىش، تۇققان يوقلاش، ساياھەت قىلىش نامى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرى ۋە سۆزلىرىنى تارقاتتى؛ پوچتا ئارقىلىق يوللاش، يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈش ۋاستىلار ئارقىلىق چېگرا ئىچىدە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرىنى تارقاتتى؛ شىنجاڭغا قارىتا مەخسۇس ئاڭلىتىش بېرىدىغان رادىئو ئىستانسىسلىرىنى قۇردى؛ ئالاقە تورىدا «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» قاتارلىق تور ئادرېسىنى تەسىس

قىلدى. چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ مەخپىي هالدا قانۇنسىز دىنىي تەشۋىقات بويۇملىرىنى باستى، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرىنى تەقلىت قىلىپ ئىشلىدى. (3) ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ بىر گەۋدىلەشتى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، يىراقتا تۇرۇپ ماسلاشتى. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار چېگرا ئىچىگە كۆپ قېتىم ئوغۇرلۇقچە ئادەم ئەۋەتىپ، بىزنىڭ «كىشىلىك هوقۇقنا تاجاۋۇز قىلىش» مىزغا ئالاقىدار بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىدى. مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار يەنە تېخى پارتىيە، هۆكۈمەت ئورگانلىرىمىزغا، مۇهىم تارماقلىرىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغۇرلىدى. (4) قانۇنسىز تەشۋىقاتلار ئاشكارىلاشتى. ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى كىتاب، ئۈن - سىن بويۇملىرى بىر قىسىم جايلاردا كەڭ - كۆلەمدە تارقىتىلدى، هەتتا ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئاشكارە قويۇلدى، قەشقەردە هەتتا يېزا، كەنتلەرنىڭ سىملىق رادىئولىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز بەردى. بەزى جايلاردىكى مەسچىت ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا چاپلانغان دىن باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەشۋىقات شوئارلىرى، ئېلان تاختىلىرى بۇزۇۋېتىلدى، ئۆزگەرتىۋېتىلدى، يەنە بەزىلىرىگە ئەكسىيەتچىل شوئار، تەشۋىقات ۋەرەقچىلىرى چاپلىۋېتىلدى ۋە باشقىلار. يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى قايتا - قايتا چەكلىسىمۇ توختاپ قالماي، ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە ئۆسمۈرلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى، بەزىلىرى يەر ئاستى ھەربىي مەشق نۇقتىلىرىغا تەرەققىي قىلدى. مەكتەپلەردىكى دىنىي پائالىيەتلەر ئېغىرلاشتى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ شاگىرتلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈردى، ئالايلى، يەكەن ناهىيىسىنىڭ پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 54 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدە 23 سى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلار هەر سائەتلىك دەرستە ئالدى بىلەن 10 مىنۇت دىنىدىن دەرس ئۆتكەن، تېخى

ئەپتارتماستىن فىزىكا تەجرىبىخانىسىدا ناماز ئۆتىگەن.

2) بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ مەزمۇنى: مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تارقاتقان يالغان - ياۋداق سۆزلىرى ۋە سەپسەتىلىرى سان - ساناقسىز بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا ئاساسلىقى: «مۇستەملىكە هۆكۈمرانلىق نەزەرىيىسى»، «بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىش نەزەرىيىسى»، «ئىرقىي يوقىتىش نەزەرىيىسى»، «كىشىلىك هوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىش نەزەرىيىسى»، «دىنىي غازات نەزەرىيىسى» قاتارلىق نۇقتىئىينەزەرلەردىن ئىبارەت.

بۆلگۈنچىلەر تارىخنى بۇرمىلاپ ۋە ئويدۇرۇپ قانداقتۇر «شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر مۇستەقىل دۆلەت، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى» ھەمدە خەنزۇلار سىرتتىن كەلگەن «تاجاۋۇزچىلار»، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى» دەپ جۆيلۈپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، «بۇ زېمىندىكى قىزىل پاچاق جۇڭگو مۇستەملىكچى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» كېرەك دەپ بىلجىرلىدى.

بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئورتاق ئاچقانلىقى ۋە قوغدىغانلىقىنى «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلدى» دەپ بۆھتان چاپلىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى، دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا ئاتومنى سىناق قىلىشنى ئوخشاشلا «ئىرقىي يوقۇتۇش» دەپ تۆھمەت قىلدى.

زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى «جۇڭگو ھۆكۈمىتى كىشىلىك هوقۇققا زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ بۆھتان چاپلىدى.

دىنغا ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلارنى «كاپىرلار» دەپ ئاتاپ، دىن ئەسەبىيلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ، دىن تەلۋىلىكىنى قوزغىتىپ، «غازات»نى تەرغىپ قىلدى. «كاپىرلارنى قوغلىۋەتكەندىلا ياخشى كۈن كۆرگىلى بولىدۇ، كاپىرلارنى يوقاتقاندىلا، جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ» دەپ داۋراڭ سالدى.

3) بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەلىي زىيانلار. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، دۈشمەننىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ 80- يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ، تەدرىجىي ئەۋج ئالدى، ھالبۇكى بىز بىر مەزگىل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللەت، دىن مەسىلىسىگە سەل قارىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يېزىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مەلۇم دەرىجىدە بوشىشىپ، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىزلىشىپ كەتتى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئىدىيە بازىسىنى ئىگەللىدى. كەڭ ئامما دىن مۇھىتى ئىچىدە ياشىدى. كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار دىنىي كۈچلەرنىڭ قورشاۋىدا ۋە بېسىمى ئاستىدا قالدى، بەزى بىر خاتا ھەتتا ئەكسىيەتچىل نەرسىلەر ئۇزاق ۋاقىت ئاممىنى زەھەرلەپ، ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى.

(1) كادىرلار قوشۇنى پارچىلاندى ۋە بۆلۈندى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، كادىرلار قوشۇنىمىز، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىز ۋە ئەدەبىيات، سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا ۋە توغرا كەيپىياتقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدە مەيداندىن

تەۋرىنىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەقـقـەتەن مەۋجۇت، ھەتتا كادىرلار قوشۇنىدا «ئىككى يۈزلىمىچى» كىشىـلەرمۇ كۆرۈلدى.

(2) ئامىنىلىك كۆزىنى بۇياپ ۋە قايمۇقتۇرۇپ، جەمئىـيەتتە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، بىر قىسىم جايلار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان، ئەۋج ئالدۇرىدىغان تۇپراققا ئايلىنىپ، ئۇلار ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كىچىك مۇھىت ياراتتى. مەسىلەن، خوتەن شەھىرىنىڭ مەلۇم كەنتىدىكى زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇرلار بومبىنى سىناق قىلىـۋاتقاندا پارتلاپ كېتىپ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، كەنت بويىچە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان، بىـر نەچچە كۈندىن كېيىـن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىدىكىلەر كېلىپ تەكشۈرگەن چاغدا بەزى كىشىلەر تېخى بۇنى يوشۇرغان.

(3) ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سېلىپ جىنايەت يولىغا مېڭىشقا قىزىقتۇردى. پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرۈلگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئاساسىـي مەقسەت قىلىنغان تۈرلۈك زوراۋانلىـق، تېررورلۇق دېلولىـرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ياش ـ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنـى ئىگەللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 30 ياشتىن تۆۋەنلىرى تەخمىنەن %85 نى ئىگەللىگەن بولۇپ، ياش قۇرۇلمىسـى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. «1- ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتىدا 1996- يىلى يۈز بەرگەن «21- فېۋرال» كەينى - كەينىدىن قاتىللىق، زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلىش شايكىسـى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ياش ئىشچىلار بولۇپ، ئوتتۇرىچە يېشى 24 ياش، 1995- يىلى «25- مارت» ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرىقى چاپلاش دېلوسىنى سادىر قىلغان 10 ئادەمنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە يېشى 17.5 ياش.

## 2. نۆۋەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى

1) پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى»نى يادرو قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن مۇھىم مەنبەدۇر.

2) ھازىرقى زامان خەلقئارا ئىسلامىيەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن بەلگىلىك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، ئافغانىستان، چېچىنىيە، كوسوۋو كىرزىسلىرى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە ناھايىتى زور تۈرتكە ۋە ئىلھام بولدى، ئۇلارمۇ تاكتىكىلىرىنى تەڭشەپ مۇشۇ رايونلاردىكى دىن ئەسەبىيلىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى، ھەمدە بۇ رايونلاردىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «تەجرىبىلىرى»نى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەردى.

3) غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» سۇيىقەستىنى ئىزچىل توختاتماي، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى قوللىدى، قۇتراتتى ۋە كۈشكۈرتتى.

1999- يىلى 2- ئايدا ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلىپ، بىزگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قاتتىق يۇقىرى بېسىم سىياسىتى يۈرگۈزدى دەپ قارا چاپلىدى. 6- ئاينىڭ 4- كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كېلىنتون «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات»، خەلقئارالىق ئومۇمىي كەچۈرۈم كومىتېتى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى ئېلان قىلغان «جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان ۋەھشىيانە ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىش» توغرىسىدىكى دوكلات ۋە غۇلجىدىكى «5- فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ سىن ئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق ماتېرىياللارنى شەخسەن كۆرۈپ چىققان. 6- ئاينىڭ 29- كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش يىغىنى ئاچقان.

نۆۋەتتە چېگرا سىرتىدىكى شىنجاڭلىق مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئامېرىكا قاتارلىق غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۆزلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلماقتا، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىپ، كوسوۋو مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرغاندىن كېيىن، چېگرا سىرتىدىكى شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلىرىمۇ شىنجاڭنى 2- كوسوۋوغا ئايلاندۇرۇش خام - خىيالىدا بولماقتا، ئۇلار ھەرىكەت تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى — «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى»نىڭ كۈچلىرىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بەزى پائالىيەتلەرنى ياۋروپا، ئامېرىكىلارغا يۆتكەپ ئېلىپ بارماقتا، ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى»نى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ چوڭ رامكىسىغا كىرگۈزۈشنى ئويلىماقتا. ئۇلار ئامېرىكا بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ چوڭ كۈچلۈك دۆلەت، كوسوۋو ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ رولىنى نامايەن قىلدى، ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە» كۆڭۈل بۆلىدۇ، «شەقىي تۈركىستان ئىشلىرى» ئۈچۈن رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ بەردى ۋە باشقىلار، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشتىمۇ ئامېرىكىغا تايىنىش كېرەك، بۇندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان» يىغىنلىرىنى ئامېرىكىدا كۆپرەك ئېچىش

كېرەك، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئامېرىكىغا بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش، ئامېرىكىنى تونۇش ۋە چۈشۈنىشكە، «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى»نىڭ ئامېرىكىدىكى تەسىرىنى زورايتىشقا كۆپرەك چاقىرىش كېرەك دەپ ھېسابلىماقتا.

## 3. تەكلىپلەر

بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن بولغان كۈرىشىمىز — ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپتۇر، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالى ئالاھىدە بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ سىڭىپ كىرىشى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش — مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا ئۇ بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىيەتتىكى ھەممە تەرەپلەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ھەم نۆۋەتتىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ھەم ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ۋاقىت تېنچلىقىنى ساقلاشتا تېخىمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىي جاناب روھ بىلەن يېتىلدۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش»نى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك. ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىگەللەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرىنى قەتئىي تەقىب قىلىش كېرەك.

2) تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. كۈچنى

مەركەزلەشتۈرۈپ، بەلگىلىك ۋاقىتتا مەخسۇس تېمىلارنى تاللاپ ۋە بېكىتىپ، خىلمۇ - خىل ۋاستىچى گەۋدىلەرنى كۈچكۈل قويۇپ تەشكىللەپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات پائالىيىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغۋار مۇۋاپىقىيەتلىرى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك خاتا ئىدىيىلىرىنىڭ ماھىيىتى، زوراۋان، تېرروررچى ئۇنسۇرلارنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە زىيان سالغان جىنايى پاكىتلار قاتارلىقلارغا قويۇش كېرەك.

3) مەدەنىيەت بازارلىرىنى قىلىپلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرى سىڭىپ كىرىدىغان يوللارنى ئېتىش، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرىنى تارقىتىش، تەقلىت قىلىپ ياساش جىنايى قىلمىشلىرىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئېتىش، تارقالغان جايلارنى ئېنىقلاپ، زەھىرىنى تازىلاش كېرەك.

4) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، قاۋۇل كۈچلەرنى توپلاپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلۈنۈش بىلەن بۆلۈنۈشكە قارشى كۈرەشكە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

# قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى

## قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى

### 1. قارامايىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلىرى

قاراماي يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان بىرىنچى چوڭ نېفىتلىكتۇر. نېفىت شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللىكىنى تولۇق تونۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت» دېگەن ھۆكۈم ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ھەممە تەرەپتىن، كۆپ قاتلاملار بويىچە ئېلىپ بېرىپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان سىياسىي مۇھىت يارىتىپ، 1994- يىلى 2- قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

تەرەققىيات بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ۋە 1999- يىلى 3- قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. لېكىن بىر تەرەققىي قىلغان نېفىت سانائەت شەھىرى بولۇش قارىمايىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى ۋە كەسكىنلىكىنى بەلگىلىگەن، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنكاسى تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە كەسكىن بولماقتا. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەشۋىقات جەھەتتىكى قۇتراتقۇلىقى ئادەتتىكى شۇئار چاپلاش، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىشتىن خىلمۇ - خىل مەتبۇئات، ئۈن - سىن بويۇملىرىغا تەرەققىي قىلدى، قۇترىتىش ئوبيېكتلىرى يامان نىيەتلىك ياكى خاتا ئىدىيىلىك كىشىلەردىن تورلۇق مەكتەپلەرگە ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىغا تەرەققىي قىلدى، ھەرىكەت ئۇسۇلى تېخىمۇ خۇپپىيانە، تېخىمۇ ھىيلىگەر، تېخىمۇ كۆپ خىل بولۇشقا يۈزلەندى. قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلارمۇ تەرەققىي قىلىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن ھەمنەپەسدە بولدى.

1) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت تەشكىلاتلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە ئېلىپ بېرىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇتراتتى.

مەلۇم دۆلەتكە بېكىنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بىزنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق خادىملىرىمىزغا قارىتا پائال تۈردە ئازدۇرۇش، سىڭىپ كىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خادىملىرى خىلمۇ - خىل مەقسەت - مۇددىئالار بىلەن ئارقا - ئارقىدىن شەھىرىمىزگە كېلىپ ھەرىكەت قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات «مۇڭغۇل تىببەت كومىتېتى»نىڭ بىر ئەزاسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئارىسىدا

كۆپ قېتىم قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «قارىماي جۇڭگونى ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم بازىلارنىڭ بىرى بولۇشى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان، نېفىت بايلىقىنى تالان - تاراج قىلغانلىقىنى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ۋە ئەزگەنلىكىنىڭ ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دېگەن: چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىش بىلەن بىللە، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن بىزنىڭ نېفىت ئىدارىمىزنىڭ خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى، يىللىق قۇدۇق بۇرغىلاش كۆرسەتكۈچى، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، ئېچىلغان رايونلارنىڭ دائىرە ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، پۇرسەت ئىزدەپ، نېفىتلىكىمىزنىڭ يەر تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنى سىن ئالغۇغا ئېلىپ، كۆچىنىڭ بارىچە ئالاقىدار ئاخباراتلارنى توپلىغان. بىز پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن «12- نويابىر» مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىش دېلوسى، شىنجاڭ مائارىپ شۆبۈەنىنىڭ ئەنگلىيەدىن تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچىسى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قارامايغا كېلىپ ئايرىم مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئۇيۇشتۇرغان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاشكارە ھالدا مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغاپ، مىللىي بۆلۈنىشكە قۇترىتىپ، ئېلىمىزنىڭ شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ھۇجۇم قىلغان؛ ئۇنىڭ قۇتراتقۇلىقى ئاستىدا، سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان كىشىلەر بەس - بەس بىلەن: «بىز گەرچە كومپارتىيە ئەزاسى بولساقمۇ، لېكىن تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ قېنى» ، «بىز چوقۇم مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشكەن؛ شەھەرلىك تېلېۋىزىيە داشۆسىدە خىزمەت قىلىدىغان ئايرىم چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىغا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايلىقلار ۋە يەر ناملىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاشقا قۇتراتقان، دىنغا ئائىت رەسىملەر توپلىمى ۋە سىن ئالغۇ لېنتىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىن پايدىلىنىپ،

ئىدىيىسى گۇدەك، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان 10 نەچچە ياشلىق بالىلارغا خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىپ، دىن پاراكەندىچىلىكىنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. 1998- يىلىنىڭ باشلىرى، ئۇزىنى «شىيائىگاڭ پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ خىزمەتچىسى دەپ ئاتىۋالغان، رېن خۇڭ ئىسىملىك بىر كىشى سوئال قەغىزى تارقىتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ «جەمئىيەت ئارىلىقىنى تەكشۈرۈش» دېگەن تورىدە «سىز بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مەڭگۈلۈك يۇقراسى بولۇشنى خالامسىز؟»، «سىز بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاشنى خالامسىز؟» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىغان.

2) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ شەكلى كۆپ خىللىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ، بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئۆزئارا ماسلاشقان.

چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىنىڭ تايانچى ئەزالىرى قارامايغا كېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىن تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىن تايانچلىرىنى يېتىشتۈردى. 1997- يىلى بىز پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن «ئىسلام ئازاتلىقى»، «ئىسلام ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ 8 نەپەر ئاساسلىق ئەزاسى ئاشۇ سىرتتىن كەلگەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر 1995- يىلى شەھىرىمىزدە تەربىيىلەپ چىققان شاگىرتلاردۇر. يېقىنقى 2 يىلدا بىز زەربە بېرىپ بىر تەرەپ قىلغان مىللىي بۆلگۈنچى ۋە قانۇنسىز دىن تايانچلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇلار ئەينى چاغدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

غۇلجىدىكى «19- ئاۋغۇست» پاراكەنچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۈشكۈرتىشىگە، قۇترىتىشىغا ئۇچرىغان شەھىرىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ قويۇق دىنىي تۈس ئالغان «ئىسلام» توي مۇراسىمى، «ئىسلام ياشلىرى بولۇش» پائالىيىتى، «ئىسلام پۇتبول كوماندىسى»، «تەبلىغ» ھەرىكىتى،

قانۇنسىز كىتاب، ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرىنى تارقىتىش ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىش، چاپلاش ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. «ئىسلام» توي مۇراسىمىدا بەزى دىن تەلۋىلىكىنى تەشۋىق قىلىش ھەرىكەتلىرى توي مۇراسىملىرىغا كىرىشتۈرۈلۈپ، «خۇدا ھەممىدىن ئۈستۈن» سەپسەتىسى تەرغىپ قىلىندى؛ قاتتىق تەشكىللىك قانۇنسىز تەشكىلاتلانغان ۋە جازالاش تۈزۈمىگە ئىگە «ئىسلام پۇتبولچىلار كوماندىسى» قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ 10 نەچچىگە، ئەزالىرى 100 نەچچىگە يەتكەن؛ «تەبلىغ» پائالىيىتىدە يىغىلىش شەكلى ئارقىلىق قانۇنسىز دىن ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، غۇلجىدىكى «5- فېۋرال» ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغانلار ئۈچۈن پۇل ۋە ماددىي بويۇملاردىن ئىئانە توپلىنىپ، «غۇلجىدىكى ھەرىكەتكە ياردەم بېرىش» دەپ ئاتالدى، شەھىرىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر «ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇس پارتلىتىشقا ئوخشاش، قاراماي شەھىرىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى، قوراللىق ساقچى تارماقلىرى، تۈرمە قاتارلىقلارنى پارتلىتىش» قا قۇترىتىلدى. سىرتتىكى يەر ئاستى تالىپلىرى داۋاملىق شەھىرىمىز بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئاتالمىش «ۋاھابى» مەزھىپىنى تەشۋىق قىلىپ، چەتئەلدىكى چېكىدىن ئاشقان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ نەزەرىيىلىرى، ئىدىيىلىرى ۋە نۇقتىئىينەزەرلىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا سىڭدۈرۈپ، بىزدىن مەسچىتلەردىكى دىن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالاشتى.

3) قانۇنسىز دىن ۋە ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرنال، ئۈن - سىن بويۇملىرى شەھىرىمىزگە كۆپلەپ ئېقىپ كىرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇش كەڭ تارقالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز يىغىۋالغان كىتاب، ژۇرناللاردىن: «ئىسلام دىنى»، «نامازنىڭ رەسىملىك چۈشەندۈرۈلۈشى»، «ئېتىقاد»، «ئىسلام كۆرسەتمىلىرى خاتىرىسى»، «پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى»، «ناماز قوللانمىسى»، «سەن كىم»، «تاڭ ئالدىدا»، «ۋەتەن ئانا»، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» قاتارلىقلار بار؛

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى ۋە قانۇنسىز دىن مەزمۇنىدىكى تەشۋىقات بويۇملىرىدىن 38 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب، ژورنال 151 پارچە، ئۈنئالغۇ لېنتىسى 325 قاپ، سىن ئالغۇ لېنتىسى 43 قاپ. بۇ خىل ئەكسىيەتچىل نەشىر بويۇملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بەزى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياشلار، دىنىي ئېتىقادتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، گېزىت ئوقۇماي، تېلېۋىزور كۆرمەي، رادىئو ئاڭلىماي، پەقەت دىنغا ئالاقىدار كىتابلارنىلا ئوقۇغان؛ بەزى كىشىلەر چەتئەل رادىئولىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ كېتىپ، بەزىلىرى ئىنتايىن ئېغىر زەھەرلەنگەن، مەلۇم ئورۇننىڭ بىر خىزمەتچىسى چەتئەل رادىئوسىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ كاتىپىشىغا خەت يېزىپ، «شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەن.

4) مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تۈرلۈك مەكتەپلەرگە كەڭ تارقالدى، مائارىپ ساھەسىدىكى كۆرەشكە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

شەھىرىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلار، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىرىگە ئۇچراپ، مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشنى پىلانلىشى، شەھىرىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يۇقىرى ساپالىق كىشىلەرگە ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ كېڭىيىۋاتقان يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالايلى، بىز پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن «مەرھۇم قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار»، «ھۆرلۈك، ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچىلار» دېگەن ئىككى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. بۇ دېلوغا 40 تىن ئارتۇق ئادەم، قاراماي، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق 8 رايون ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت

ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىنىستىتۇتى قاتارلىق 6 مەكتەپ چېتىلىدۇ؛ ئۇلار كۆپ قېتىم «ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» ئېچىپ، تەشكىلىي پروگرامما ۋە كۈرەش نىشانىنى تۈزۈپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلەت بايرىقىنىڭ سىناق نۇسخىسىنى لاھىيىلەپ، قانۇنسىز كىچىك گېزىت «يۇرتۇم ئاۋازى» نى چىقارغان، تەشكىلاتقا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر كۆچىنىڭ بارچە ئۆزىنى نىقاپلىغان، ئەمدە پارتىيىمىز تەشكىلاتىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنى قىزىل تونغا ئوراپ، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەكتەپ يېتىتورگەندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىنىشىنى كۆزلەپ، يوقىرىغا يامىشىپ، چوڭقۇرلاپ كىرىپ، تېخىمۇ چوڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان.

1994- يىلىدىن بۇيان، بەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرى مەكتەپلەرگە ھەتتا خىزمەت ئورۇنلىرىغىچە يامرىدى، دىن ئۆگەنگۈچىلەر خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن مەكتەپتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەرەققىي قىلدى. 1994- يىلى ئاپرېلدا، شەھىرىمىزدىكى مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر نەچچە قىز ئوقۇغۇچىسى يېشىغا رومالنى دىنىي پوسۇندا ئوراپ دەرسكە كىرگەن، مەكتەپ ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ياردەم قىلىپ بەرگەن تەربىيىسىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ دىن ئوقۇغان.

5) قارامايدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ۋە يوشۇرۇن خەۋپكە ئىگە.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر بەزى كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىققا، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىش بېجىرمەسلىككە، ھۆكۈمەت تارقاتقان، ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە، پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلىماسلىققا قۇترىتىپ، ئاشكارە ھالدا: «كومپارتىيىنىڭ پۇلىنى ئالمايمىز، خەنزۇلارنىڭ سەدىقىسىنى ئالمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قولى ئارقىلىق تاپقان پۇلنى

ئالىمىز» دەپ جار سالدى. قارامايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېرىمى باشقا ۋىلايەت ئوبلاستلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى، ئەمما بەزى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمىتىدىن، مۇقىم تۇرمۇش مەنبەسىدىن ۋاز كېچىپ، «ئىسلام ئىدىيىسى ۋە ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىش روھى»دا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مەيدانىنىڭ جايىللىقىنى، مۇددىئاسىنىڭ نوقۇل سىياسىي خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەھەر ئىدارىمىز بويىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 100 گە يېقىن ئاز سانلىق مىللەت ياش ئىشچى خىزمەتچىسى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن، بەزىلىرى ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىدا ئاساسلىق خەنزۇلار تاماق ئېتىدۇ، بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ھۆرمەت قىلمايدۇ دېگەننى باھانە قىلغان؛ بەزى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەتكە چىققاندا بېشىغا چۈمبەل ئارتىۋالغان، گەرچە تەشكىلدىن كۆپ قېتىم خىزمەت ئىشلىگەن، ئاتا - ئانىلىرى شۇنچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، گۇناھىغا تۇۋا قىلماي، خىزمەت قىلمىسا مەيلىكى، چۈمبەلنى ئېلىۋېتىشنى خالىمىغان؛ بەزى كىشىلەر ئىش ھەققىي بەك تۆۋەن، شۇڭا بىز سودا قىلىمىز دېگەن، «بىز ھازىر پەقەت خەنزۇلارنىڭ قولى، خەنزۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق» دەپ جار سالغان. ھەتتا «كۈتۈپ تۇرۇڭلار بىز خوجايىن بولغان ئاشۇ كۈنى بىز قايتىپ كېلىمىز» دەپ داۋراڭ سالغان. بۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلەر ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان، بەزىلىرى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ تايانچ ئەزالىرىغا ئايلانغان. بەزى كىشىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئاڭلىق، ئۆزى ئىختىيارلىقى بىلەن، «مىللىي ئاڭ»غا ئاساسەن ستخىيىلىك ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، سىياسىي مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، شۇڭلاشقا بۇ تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ۋە يوشۇرۇن خەۋپكە ئىگە.

6) ئايرىم ئورۇنلارنىڭ ئۇل خىزمىتى پۇختا بولمىغانلىقتىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاھالىنى

رايونلىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردىكى قۇتراتقۇلۇقلىرى ۋاقتىدا بايقالمىدى ۋە ئىگەللەنمىدى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئۇنسۇرلىرى خىزمىتىمىزدىكى ئاجىز ھالقىلاردىن پايدىلىنىپ، ئاھالىلار ئولتۇراق رايونلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. بىر قىسىم ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ خەۋپىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، خىزمەتنى يۈزە ئىشلىگەن، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى يېتەرلىك بولمىغان؛ ئايرىم رەھبەرلەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىكى خىزمەت ئىپادىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، 8 سائەتتىن سىرتقى ئىشلىرىغا ئاز ئارلاشقان؛ بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ رۇخسەت سورىماي بىر قانچە كۈن سىرتلارغا چىقىپ كېتكىنىنى بايقىسىمۇ ئىش ئورنىنىڭ قوغداش بۆلۈمىگە ۋە كادىرلار تارماقلىرىغا دوكلات قىلمىغان.

## 2. قارامايىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئاساسىي ئۇسۇللار

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە شەھەر ـ ئىدارىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ قارامايدىكى ئىپادىسى ۋە كەلتۈرگەن زىيىنىغا قارىتا، بىز ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئارىسىدا قاتلاملارغا بۆلۈپ، نۇقتىلىق ھالدا ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخىي قاراش، مەدەنىيەت قاراش تەربىيىسى ۋە ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، «شەھەر ـ ئىدارىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ماڭارىپ تەرەققىياتىنىڭ 9- بەش يىللىق پىلانى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ

تۇتۇپ، مول مەزمۇنلۇق، ئامما ياقتۇرىدىغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىرىگە قارشى تۇردۇق؛ «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرۈشى ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلىرىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقاتتۇق.

1) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ ياخشى مۇھىتىنى بەرپا قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش قاتارىدا تۇتتى، رەھبىرى كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلدى، ئۇنى قوش مەدەنىي ئورۇنلارنى سىلىشتۇرۇپ باھالاشنىڭ زۆرۈر شەرتىگە كىرگۈزدى، بىر ئاۋاز بىلەن ئىنكار قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇنى ماددى مەدەنىيلىك بىلەن بىرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرگە تەكشۈرۈپ، بىرگە مۇكاپاتلىدى؛ ھەر يىلى 5- ئايدا مەركەزلىك ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاي ئارقىلىق يىللىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بوشاشماي دائىم تۇتتى؛ ھازىر شەھەر ئىدارىدىكى 90% دىن يۇقىرى رايون (باشقارما) دەرىجىلىك ئورۇن دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە شەھەر ئىدارە دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار، نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

2) ئىدىيىۋى تەربىيىدە يېڭىلىق يارىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيىۋى تۇساق قۇرۇش. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىنىڭ سەپسەتە ۋە ناتوغرا گەپ - سۆزلىرىگە قارىتا، بىز بىرىنچىدىن، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسىنى نۇقتىلىق، قاتلاملارغا بۆلۈپ ئېلىپ باردۇق. شەھەر ئىدارە بويىچە مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكتىن

يۇقىرى رەھبىرى كادىرلار ۋە نەزەرىيە تايانچلىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپلەردە ئېچىلغان «بەش قاراش» تەربىيىسى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى، 95% دىن يۇقىرى ياش ئىشچى خىزمەتچى ئىشتىن ئايرىلىپ «بەش قاراش» تەربىيىسى بويىچە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى، 90% دىن ئارتۇق دىنىي زات ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە دىن توغرىسىدىكى قائىدە ـ قانۇنلارنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. ئوقۇغۇچىلار قوللىنىدىغان «باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى» دەرسلىكىنى تۈزۈپ، بۇ سۆزنىڭ روھىنى دەرسلىككە، سىنىپقا، مېڭىگە كىرگۈزدى. ئىككىنچىدىن، ھەر يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا «بەش قاراش» تەربىيىسى ئۆگىنىش ماتېرىيالى تۈزۈلۈپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى بەن ـ گورۇپپا ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىغىچە تارقىتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، لېكتورلار ئۆمىكى بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتا يۈزتۇرانە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، 1086 مەيدان كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بېرىپ، قىيىن مەسىلە ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ جاۋاب بەردى. تۆتىنچىدىن، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق «بەش قاراش» تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ماقالىلاردىن 2200 نەچچە پارچە ئېلان قىلىندى ۋە ئاڭلىتىلدى. بەشىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى ئىلغار ئىش ـ ئىزلاردىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ دوكلات بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى رايونلار (باشقارمىلار) مۇ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك دوكلات، سۆھبەت يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى، دوستلۇق يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «بەش قاراش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى.

ئالتىنچىدىن، ھەرقايسى قاتلاملاردا زېھنى سىناش مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ۋە سۆزلىشىش يىغىنلىرىدىن 700 نەچچە مەيدان قېتىم ئويۇشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە ئالاقىدار قانۇن نىزاملار تەشۋىق قىلىندى ۋە ئۆگىنىلدى.

3) «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار تەڭ قەدەمدە ئىلگىرلەش» ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ خىلمۇ - خىل يالغان - ياۋداق سۆزلىرى ۋە ئېغۋاگەرچىلىكلىرى بەرپات قىلىندى. بىرىنچى، مەملىكەت بويىچە ساپا مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئادەتتىكى مائارىپنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. (1) مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مائارىپ راسخودى ئەمەلىيلىشىپ، مائارىپ ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، %85 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە كومپيۇتېر ئۆيى ۋە تىل تاۋۇش ئۆيلىرى بار بولدى. (2) خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى كۈچەيتىلىپ، 10 غا يېقىن مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە خەنزۇ تىلى تەجرىبە سىنىپى ۋە كۈچەيتىش سىنىپى ئېچىلدى. 1998- يىلىدىن بۇيان 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشتى؛ 1993- يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 40 نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، نەنجىڭ، بېيجىڭلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى، ھەممىسى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. (3) ئائىلە باشلىقلىرى ئىختىيارى قىلىش شەرتى ئاستىدا، شارائىتى بار بالىلار باغچىلىرىدا مۇسۇلمانچە تاماق ئېتىپ، مىللىي - خەنزۇ بالىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ماس قەدەمدە تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى. (4) 1998- يىلى شەھەر ئىدارىغا قاراشلىق ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ۋە پۈتتۈرۈش نىسبىتى %100 گە يەتتى، تولۇقسىزدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ۋە ئادەتتىكى

ئىتتىپاقلىقى بويىچە مىھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ھەرىكىتى» ۋە «ئۈلگىلىك يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ساغلام، نەپىس، مەدەنىي بولغان كىچىك رايون مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتى، ئائىلە مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بەرپا قىلىندى؛ ھەر مىللەت ئاياللىرى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىق ھالدا قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇنغا بويسۇنۇشى، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى پارچىلاپ، جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى ۋە تەسىر كۆرسەتتى. 1998- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە 5 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە رايون (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «10 يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە» بولۇپ باھالاندى. ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي تېما قىلىنغان بىر قاتار پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. مول مەزمۇنلۇق، ئاممىۋى كەڭ ـ كۆلەمدە قاتناشقان قىزىقارلىق تەنھەرىكەت يىغىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى، پۇتبول مۇسابىقىسى، نادام بايرىمى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش، كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

5) پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىغە ئەمەلىي ۋە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىلدى. بىرىنچىدىن ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىنى قىلىپلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە رەتكە سېلىش، ياخشىلاش ئېلىپ بېرىلدى. ئىككىنچىدىن «قارامايىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، مۇسۇلمانچە تاماقخانا ۋە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۈچىنچىدىن ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى. 1994- يىلدىن بۇيان، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن 1379 زى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلارنىڭ 18.5% نى ئىگىلىدى. تۆتىنچىدىن ئاپتونوم رايون ئىچىدە ساناتورىيىدىن 5 سى

قورۇلۇپ، مىللىي يولداشلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇقى بۇ ساناتورىيىلەردە داۋالىنىش دەم ئېلىشتىن بەھرىمان بولدى. بەشىنچىدىن 1998- يىلى ئۇيغۇر شىپاخانىسىدىن بىرى قورۇلۇپ، 6 مىڭدىن ئارتۇق بىمار كېسەل كۆرسەتتى. ئالتىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ھازىرلاش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلەرگە قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى بىلەن «نامراتلارنى يۆلەشتە قوشماق بولۇش»، «تۇرمۇشتا قوشماق بولۇش»نى يولغا قويدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يېتىم - يېسىر، قېرى - چۆرىلەر شەھەرلىك پاراۋانلىق ئورنىدا كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە.

6) دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە تەسىرى تىزگىنلىنىپ، دىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەندى. بىرىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، قانۇن - تۈزۈم ۋە ۋەزىيەت تەربىيىسى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۇرۇلدى. 1998- يىلىدىن بۇيان، ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسلىرى، ئۆگىنىش مۇھاكىمە يىغىنلىرى 29 قارار (قېتىم) ئېچىلىپ، ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىماملىرى، باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن بولۇپ 513 كىشى «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى» قاتارلىق 18 قانۇن، قائىدە، نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، نىفست شەھىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، «5 نى ئۇنۇتماسلىق، 6 غا يول قويماسلىق»، يەنى ۋەتەننى، مائارىپنى، كوللېكتىپنى، سۆيۈشنى ئۇنۇتماسلىق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جۇملىدىن

كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەربىيىسىنى ئۇنۇتماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سىنىپلىق سالاھىيىتىنى ئۇنۇتماسلىق، «چوڭ نېفىتلىك، چوڭ نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، چوڭ دېھقانچىلىق، چوڭ بازار» دىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ «4 چوڭ ئىستراتېگىيىسى» نى يولغا قويۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۇنۇتماسلىق، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىلغار، ياخشى ئەنئەنىلىرىنى قالدۇرۇشنى ئۇنۇتماسلىق؛ دىنىنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئارىلىشىشىغا ۋە تەسىر يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىق، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويماسلىق، يەر ئاستى «تالىپ» تەربىيىلەش كۇرسلىرى (نۇقتىلىرى) نى ئېچىشقا يول قويماسلىق، سىرتتىكى ئاخۇنلارنى شەھىرىمىزگە كېلىپ، تەسۋىر ئېيتىشقا، ئىماملىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقا يول قويماسلىق، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويماسلىق، قانۇنسىز دىنىي كىتابلارنى چىقىرىشقا ۋە سېتىشقا يول قويماسلىق تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىدىغان، ئورتاق ئالغا باسىدىغان ياخشى ۋەزىيەت مۇستەھكەملەندى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نىشانلىق باشقۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ۋە شەھەر ئىدارە دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، «قاراماي شەھىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق 10 تۈرلۈك تۈزۈم تۈزۈپ چىقىلدى؛ نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ دىن، مىللەت ئىشلىرى ئىدارىلىرى ۋە ھەرقايسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تورۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن «نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى يىللىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى»، «بەشتە

ياخشى دىنىي زات»، «مۇنەۋۋەر دىن خىزمىتى كادىرى»نى باھالاشنىڭ زۆرۈر شەرتى قىلىندى. قىلىپلاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىش نىسبىتى %60 دىن يۇقىرىغا، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ يىللىق لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 گە يەتتى. ئۈچىنچىدىن، ھەر ئايدا بىر قېتىم دىنىي زاتلارنىڭ ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دىنىي زاتلار ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋاقتىدا ئىگەللىنىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر ھەل قىلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. تۆتىنچىدىن، مۇقىملىق خىزمىتى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز قەرەلسىز ھالدا، تازىلىق، بىخەتەرلىك، باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كېچىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، دىجۇرنى خادىملارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالى، سىرتتىن كەلگەن خادىملارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق ئېنىقلىدۇق؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدا»نى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئالدىغا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى سېلىش، رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە دىنىي رەسمىيەتلەرنى توي خېتى ئېلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان «قانۇنسىز نىكاھ» قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ۋە دىن ئىشلىرىنى قىلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق. بەشىنچىدىن، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشنى كۈچەيتتۇق. ھەر يىلى بىر تۈركۈم دىنىي زاتلارنى ئىچكىرىگە بېرىپ ئۆگىنىش، جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇردۇق؛ 1998- يىلى، شەھەر - ئىدارىنىڭ دىن خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە قارىتا، 8 نەپەر ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى تاللاپ، تۇرپانغا ئەۋەتىپ 2 يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا تەربىيىلەپ، يېڭى - كونىلارنىڭ ئورۇن

ئالمىشىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق.

7) مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر پەيدا قىلىشىدىن قاتتىق ساقلاندۇق ۋە ئۇنى چەكلىدۇق. بىرىنچىدىن، مۇقىملىق خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى دەرىجىمۇ - دەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېلونى ئالدىنئالا بېكىتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇشنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدۇق. ئىككىنچىدىن، بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر قىلىشىدىن قاتتىق ساقلاندۇق ۋە قەتئىي چەكلىدۇق. مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى، ئورگان كادىرلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرى، قوغداش كادىرلىرى 24 سائەت دېجورنىلىق قىلىش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسى، پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى، يىللىقلار گورۇپپىسى، سىنىپ مۇدىرى ۋە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك باشقۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىشىنى توسۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدۇق. ئۈچىنچىدىن، قانۇن - تۈزۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى تەكلىپ قىلدۇق، دائىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە تارماقلىرىدىكى يولداشلارنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن - ئىنتىزامغا بويسۇنۇش ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتتۇق.

8) مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى ۋە قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرىنىڭ تارقىلىشىنى توسىدۇق. بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئۆگىنىش قەرەللىك يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىپ، كىتاب - ژۇرنال سېتىش، بېسىش، خەت ئۇرۇش، كۆپەيتىپ

بېسىش، ئۈن - سىن بويۇملىرى تىجارىتى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم قەرەللىك يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ، ئالاقىدار ھۆججەت ۋە قانۇن، نىزاملارنى ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ، تىجارەتچىلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى توسۇش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. ئىككىنچىدىن، ناخشا، ئۇسۇل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، كىتاب، ژورنال ۋە ئۈن - سىن تىجارەت ئورۇنلىرى، باسما زاۋۇتلىرى (نۇقتىلىرى) بىلەن تىجارەت مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ھەربىر تىجارەتچى ئائىلىنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتى قىلدۇق. ئۈچىنچىدىن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردۇق. 1999- يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئوغۇرلاشقا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات كۈنى ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى يولغا قويۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ئۆيۈشتۇرۇپ، 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقاتتۇق. تۆتىنچىدىن، ھەر ھەپتىدە 3 قېتىم بازارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورناتتۇق. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا، سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار مەركەزلىك ھەرىكەت قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى بىرلىكتە تارقاتقان «تەكشۈرۈپ مەنئىي قىلىدىغان نەشر بويۇملار مۇندەرىجىسى»گە ئاساسەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر مەزمۇن قىلىنغان نەشر بويۇملىرى نۇقتىلىرى ۋە ماگىزىنلاردا بىرمۇ - بىر تەكشۈردى.

9) «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى قاتتىق جازالىدۇق. بىرىنچىدىن، رەھبىرى كادىرلار مۇھىم ئورۇنلارنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ۋە 24 سائەت دىجۇرنىلىق قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي

داۋاملاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى جايلارغىچە، مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۇردۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئاشكارە باشقۇرۇش بىلەن مەخپىي كونترول قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى ۋە مەخپىي كۈچلەرنى قۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تىزگىنلەش، ئالدىنى ئېلىش سالمىقىنى زورايتتۇق. ئۇچىنچىدىن، «كاتتىباشلارنى تۇتۇش، يىلتىزىنى قېزىش، ئۇۋۇسىنى چۇۋۇپ تاشلاش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بەردۇق. 1994- يىلىدىن بۇيان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت نۇقتىلىرىدىن 98 زى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەردىن 875 ى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىدىن 3 ى تەكشۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئەكسىيەتچىل شۇئار دېلوسىدىن بىرسى پاش قىلىنىپ قولغا چۇشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1996- يىلىدىن 1998- يىلىغىچە، جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغىنى 18، تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۇرۇلگىنى 62، چاقىرتىپ تەكشۇرۇلگەنلەر 428، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەنلەر 28، كېيىن تېپىپ سوراق قىلىشنى كۈتكەنلەر 19، جامائەت ئامانلىقىنى ساقلاش جازاسى بېرىلگىنى 17، ئىگەللەنگەن نۇقتىلىق خادىملار 161، بۇنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم ئوق - دورا، TNT پارتلاتقۇچ دورىسى، كاپسۇل ۋە پىلتىلار يىغىۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىغە قاتتىق زەربە بېرىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇلدى، ۋەزىيەت مۇقىملىقتا قاراپ يۈزلەندى.

### 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇلاھىزە

بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز بىر مەيدان جىددىي سىياسىي كۈرەشتۇر، ھالبۇكى

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلۈنۈشكە قارشى كۈرەش بولسا مۇشۇ سىياسىي كۈرەشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش» ، «بۆلۈۋېتىش» سىياسىتى ئۇلارنىڭ بەلگىلىگەن ئىستراتېگىيىلىك نىشانىغا ئايلاندى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىن يوچۇق ئېچىش ئۇلارنىڭ بىر مۇقەررەر تاللىشى ۋە ئاساسلىق ۋاستىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، ئېچىۋېتىش ساھەسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە خىلمۇ - خىل پىكىر ئېقىملىرى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشى، كونكرېت مەنپەئەتى بىرقەدەر زور زەربىگە ئۇچرىماقتا. شۇڭا، مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۆتكۈرلىكىنى تولۇق تونۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئىدىيىۋى ئاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، قانداق ئىدىيىۋى ئاڭ بولسا، شۇنداق ھەرىكەت بارلىققا كېلىدۇ، مانا بۇ دەل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى. نۆۋەتتە بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ئارىسىدا بىر خىل خاھىش ساقلانماقتا، يەنى بىۋاستە كۆزەتكەن تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ياكى ئاشكارە، بىۋاستە بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارىتا، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، نۇرغۇنلىغان ساقلىنىش ۋە زەربە بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى؛ لېكىن نىسپىي يوشۇرۇن بولىدىغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە بولغان تونۇشى دېگەندەك يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ھەتتا پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ۋە زىيىنىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، بىر كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىري

كادىرلارغا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئادەم تاللىشىدىغان كۈرەش ئىكەنلىكى، بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى كىم قولغا كەلتۈرسە، خەلق ئاممىسىنى شۇ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىغاندا، پەقەتلا تۈرلۈك ۋەقەلەرگە بۇرنىمىزنى يېتىلىتىپ قويۇپ، پاسسىپ «ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى»غا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمىزنى تولۇق تونۇپ يېتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز لازىم، بۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تۈپ تەلىپى.

2) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپلىك، كەڭ - كۆلەملىك ۋە سىڭىشچانلىق ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بىر نەچچە قېتىم زەربىدارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم كەڭ - كۆلەمدىكى ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەنلا، خىلمۇ - خىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىملىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، غەلىبىنى ئۇزۇل - كېسىل قولغا كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد كۈتۈش شۈبھىسىزكى، غايىۋىلاشقان ساددىلىق، شۇنداقلا، ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك بۇ كۈرەشنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا بىر تۇتاش، سىستېمىلاشقان پىلان تۈزۈپ، ئەتراپلىق، ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش، ئوخشاش بولمىغان نىشانلارنى چۆرىدەپ، مەۋقەنى ئۇزۇن مەزگىل كۈرەش قىلىشقا قويۇپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەڭنى بىر جەڭدىن - بىر جەڭدىن قىلىش، بىر بازا بىر بازىدىن مۇستەھكەملەش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە، ئۈستۈنلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، خىلمۇ - خىل ئەكسىيەتچىل كۆزقاراش ۋە خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا تىغمۇ - تىغ تاقابىل تۇرىدىغان ھالەتنى باشتىن - ئاخىر

ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ياشاش بوشلۇقىنى ئۆزلۈكسىز كىچىكلىتىپ، نۆۋەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانى يېتەرسىز بولۇش، پارچە - پۇرات تېگىش قىلىپ، جەڭنى سىستېمىلىق قىلماسلىق، پاسسىپ ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىنى كۆچىنىڭ بارچە ئۆزگەرتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگەللەپ، كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

3) يېڭى ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياستى ھەمدە «5 قاراش» تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ماركسىزم ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن نەزەرىيىسى سىياستى بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىنىڭ باشلامچىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، نەزەرىيە ساپاسى ئۇلارنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكىتى كەڭ ئاممىغا نىسبەتەن بىۋاستە يېتەكلەش رولىغا ئىگە. شۇنى ئېنكار قىلىشقا بولمايدىكى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كادىرلىرىمىز ئارىسىدا، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياستىنى ھەمدە ئالاقىدار قانۇن، جەمئىيەت تارىخى بىلىملىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئۆگەنگەن كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرى ھەرقانچە قىلسىمۇ تەبئىي پەن ۋە كەسپ جەھەتتە ئىگەللىگەن بىلىملىرىگە يەتمەيدۇ، شۇڭا ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياستىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئىگەللىگەن ھەمدە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى توغرا ئىشلىتەلەيدىغان بىر كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت. بىرىنچىدىن،

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەڭ ياش كادىرلارغا قويۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى جانلىق، باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئاددى، تارىخىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى چوڭقۇر ئەمەس، ھەرخىل خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچرايدۇ. شۇڭا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېتىقادى ۋە سىياسىي مەيدانىنى چىڭىتىپ، ماركسىزملىق سىياسونلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئومۇمىيلىققا، پارتىيىگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ۋارىسلىرى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنىڭ زىددىيىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ۋاقىت چىقىرىش، پۇل خەجلەشتىن ئايانماي، زور كۈچ بىلەن چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ — كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ توغرا ئىدىيىۋى قارىشىنى تىكلەشتە ئىنتايىن زۆرۈر، لېكىن نۆۋەتتە بۇ تەربىيە پائالىيىتىدە سالماق زور بولماسلىق، شەكلى جانلىق بولماسلىق، ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇش خاھىشى ساقلانماقتا. شۇڭا، «بەش قاراش» تەربىيىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن قاندۇرۇپ قىلىپ قاتلاملارغا بۆلۈپ، مۇھىم نۇقتىسى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش، قاندۇرۇپ قىلىپ تەربىيە شەكلىنى جانلىق، كۆپ خىللاشتۇرۇش دېگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋاقتىدا خۇلاسىلاپ، ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

4) تەشۋىقات، نەزەرىيە بازىلىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك جامائەت پىكرى مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بىز بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تەشۋىقات، جامائەت پىكرى قۇرالىغا، بىرقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيە تەتقىقات بازىسىغا ئىگىمىز، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى

كۆرەشتە، ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ مۇھىم. بىرىنچى، تەشۋىقات، نەزەرىيە تارماقلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشكە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر بولغان ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئورنىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشنىڭ يۈزلىنىشىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ھەرىكەت ھالىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى، شۇ ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلاردىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچى، تەشۋىقات نەزەرىيە سېپى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئىجابىي تەشۋىق تەربىيىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنى توغرا ئىدىيىۋى كۆزقاراش تىكلەشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بۇ خىزمەتنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، دائىملاشتۇرۇپ، ئۇسۇل جەھەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك مۇتەخەسسىسلەر ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەسىرىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە باش كۆتەرگەن خاتا پىكىر ئېقىملىرى ۋە پاسسىپ خاھىش، ھادىسىلەرگە قارىتا، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ھەمدە ئۇلارغا توغرا جاۋاب بېرىش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن ئەكسىيەتچىل ۋە خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا، نەزەرىيىۋىلىك بىلەن ئاممىباپلىقنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ (خۇددى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يازغان ماقالىدەك) سالمىقى بار، تەسىرى زور، ئۈنۈمى ياخشى ماقالىلارنى يېزىپ، قاتمال بولغان ۋەز ئېيتىشتىن ساقلىنىپ، ئەقىل -

قائىدىگە مۇۋاپىق، قۇلاقتا، كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەكىل، ئۇسۇل جەھەتتە كۆپ خىل بولۇش، قاپلىنىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

5) مەدەنىيەت، سەنئەت، نەشرىيات كەسىپلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرتىپنى قائىدىگە سېلىپ، جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت، سەنئەت، نەشرىيات كەسىپلىرى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ ساھەلەردە سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى، ھەمدە كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشمەكتە ۋە مۇرەككەپلەشمەكتە، بۇنىڭغا قارىتا، بىز يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ۋە سەگەك بولۇشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار قانۇنلارغا ئاساسلىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق قانۇن، نىزام ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، نازارەت مېخانىزمىنى ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئۇن - سىن كومىتېتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار يا «تۆمۈر يول ساقچىلىرىدەك ھەرقايسىسى بىر ئۇچاستكىنى باشقۇرىۋاتىدۇ» يا ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ مەدەنىيەت بازارلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا پايدىسىز، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش، ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلىش كېرەك. مۇشۇ ئاساستا، ھەرخىل قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش، خۇددى فالۇن گۇڭچىلارغا زەربە بەرگەندەك، لاھىيە تۈزۈپ، سىياسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل ۋە قانۇنسىز ئۈن - سىن لېنتىلىرى ۋە كىتاب، ژۇرناللارنى يىغىۋېلىش

ئاممىۋى ھەرىكىتى قوزغاش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت، سەنئەت، نەشرىيات تارماقلىرى ئاساسىي مىلودىيىنى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئىگەللەپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تارىخىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت، سەنئەت ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىجات قىلىشى، بولۇپمۇ بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ھەمدە كىنو، تېلېۋىزىيە، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى، پىلانلىق ھالدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي قاتلاملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىكى تىپىك ئىش - ئىزلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئىلغاپ چىقىشى كېرەك، نۆۋەتتە، مۇشۇ خىل تېمىدىكى كىنو، تېلېۋىزىيە، دراما، ئوپېرا، رادىئو دراممىسى قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز. شۇڭا بۇ جەھەتكە مەبلەغ سېلىشتا يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى مايىللىق بولۇشى، مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ چىقىرىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سىرتقا قارىتىلغان مەدەنىيەت، سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى تەشۋىقاتنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. بۇ خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە قايتارما زەربە بېرىپ، ئوبرازىمىزنى تىكلەش، شىنجاڭنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە پىلان بولۇشى كېرەك، بىر تەرەپتىن پائال تۈردە دۆلەت سىرتىغا ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى چىقىرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەللىك ئالاقىدار خادىملارنى نۇقتىلىق ھالدا تاللاپ، زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلىمى ۋە قورال - سايمانلىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تەشۋىق قىلىش، بولۇپمۇ، سەزگۈر دۆلەت ۋە رايونلاردا بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

6) ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ساھەلىرىنى زورايتىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئىشلەش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. كۈرەش ئەمەلىيىتى

ئىسپاتلىدىكى، دۈشمەن كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر سىڭىپ كىرىش ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشتا، ئاساسلىقى خىزمەتلىرىمىزدىكى ئاجىز ھالقىلاردىن پايدىلىنىدۇ. نۆۋەتتە بىز دەل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز، مۈلۈكچىلىك تەركىبىنىڭ ۋە مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇسۇلى ۋە ئۇچۇر يوللىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى جىددىي سىناققا دۇچار قىلدى. بىزنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىمىزنىڭ ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلىرى بار، بولۇپمۇ 8 سائەتتىن سىرتقى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىمىز تېخىمۇ ئاجىز بولماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى زورايماقتا، تۈرلۈك ئاقما خادىملار ۋە جەمئىيەتتە بىكار قالغان كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، روھىي ھالەتنى تەڭشەپ، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 8 سائەتتىن سىرتقى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئىزدىنىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي رايونلارنى باشقۇرۇش تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساقچىخانا، ئاھالىلار كومىتېتى، مۇرەسسە ئىشخانىسى، كورپۇس باشلىقى ۋە ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۈچلەرگە تولۇق تايىنىپ، ئىجتىمائىي رايون باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەھۋال ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇشۇ ئاساستا، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، خىلمۇ - خىل مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي رايون پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئىدىيىۋى

سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەممە ئائىلىلەرگە سىڭدۇرۇپ، ھەرخىل يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىش كېرەك؛ ھەرخىل مول مەزمۇنلۇق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئامىمىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ھېسسىيات جەھەتتىكى بىرلىشىش ۋە ئېتىراپ قىلىشقا يېتىش كېرەك.

# شەھىرىمىزدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى ۋە قارشى تەدبىرلەر

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى
رىشات ئەنەيتۇللا

## 1. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر گەرچە بىزنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىمىز ئاستىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يامان نىيىتىدىن يانماي، ئۈرۈمچىنى ئىزچىل ھالدا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جان جەھلى بىلەن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تارقىتىش ۋە سىڭدۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى زەھەرلىمەكتە.

1) پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ ۋە ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ «ئاساسى»نى سۈنئىي ھالدا ياساپ چىقتى؛

2) سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە

ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلدى؛
3) مەركەزنىڭ چېگرا ياقىسىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن زور كۈچ بىلەن ياردەم ۋە مەدەت بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى، ئاتالمىش «خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»غا يىغىنچاقلاپ، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش»، «خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» كەيپىياتىنى ھەدەپ قوزغاتتى؛
4) پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا تەساددىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى غەرەزلىك ھالدا مىللەت، دىن زىددىيىتى دەۋىلىپ، دىققەت نەزەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، زىددىيەتنى ئۇلغايتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛
5) ئۆز مىللىتى ئەزالىرىدىن توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان ئىلغار ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنى يېتىم قالدۇردى، زەربە بەردى، ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئالدى؛
6) خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، «شىزاڭ مۇستەقىللىقى» كۈچلىرى ھەمدە چەتئەللەردىكى دېموكراتىيە ھەرىكىتى ئۇنسۇرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇقى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە مەدەت بەردى؛
7) قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئاتالمىش پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە خىتابنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئاممىنى بىزدىن تالاشتى؛
8) مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى، دىن ئەسەبىيلىكى ئىدىيىلىرىنى

تەرغىپ قىلىدىغان كىتاب، ژورنال، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى قانۇنسىز بېسىپ، پوچتىدىن ئەۋەتىپ، ئېلىپ - سېتىپ، تارقاتتى ۋە تەشۋىق قىلدى؛

9) قانۇنسىز ھالدا يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىپ، مەكتەپلەردىكى دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالاشتى؛

10) چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنى ئاخبارات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ، پىتنى - ئىغۋا ئويدۇرۇپ، چېگرا سىرتىدا تەسىس قىلىنغان رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىزگە غالجىرلىق بىلەن بۆھتان چاپلىدى ۋە ھۇجۇم قىلدى.

قىسمەن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممار ئارىسىدا، ھەتتا ئايرىم رەھبىرى كادىرلار ئارىسىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىشىگە بولغان تونۇشى ۋە ھوشيارلىقى كەمچىل، بازا ئېغى ئاجىز بولماقتا. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى:

1) ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياكى مەجبۇرى بېسىم ئاستىدا دىنغا ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى ئامما بىلەن تەڭ ئورۇندا قويىدى؛

2) قىسمەن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى چېچىلاڭغۇ، ئاجىز بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك سۆز ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، ماركسىزملىق مىللەت قاراش، دىن قاراش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئاممىنى ئۇلار بىلەن تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىشقا تەشكىللىيەلمەي، بولۇشىغا قويۇۋەتتى؛

3) ئايرىم رەھبىرى كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، باشقۇرۇشنى خالىماي، باشقۇرۇشنى بىلمەي، بىر رەھبىرى كادىرلىق ئاساسلىق سىياسىي مەيدانىنى يوقاتتى، ھەتتا بۇزۇقلار تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلدى؛

4) بەزى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىش بېجىرگەندە پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدا تۇرمىدى، بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇلارنى ئاسانلا ئۆزىگە قارىتىۋالدى ۋە پايدىلاندى؛

5) بەزى كىشىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەكتەپ دەرسخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تارقىتىشى، يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان قانۇنسىز كىتاب، ژورنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى بېسىپ تارقىتىشى بىلەن كارى بولمىدى، ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇقلۇق مەلۇم قىلمىدى، ھەتتا ئۇلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى؛

6) ئايرىم ئاخبارات خىزمەتچىلىرى مىللەت، دىن جەھەتكە چېتىلىدىغان بەزى قىزىق نۇقتا، سەزگۈر مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلىش خەۋەر قىلىشتا، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگەللىمىدى، سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرلىك بولمىدى، بۇنىڭ بىلەن، خاتا يېتەكلەش كېلىپ چىقىپ، يامان كىشىلەرگە دەستەك تېپىپ بەردى؛

7) مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىش ئالاھىدىلىكى، ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىدى، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە ئالدىن كۆرەرلىك، تەشەببۇسكارلىق ۋە قاراتمىلىقى كەمچىل بولدى؛

8) ئىجابىي تەشۋىق تەربىيىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، سالمىقى يېتەرسىز بولۇپ، خىزمەت مېخانىزمى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماسلىق، ئۇسۇل چارىلەر كونا، قوشۇن ئاجىز بولۇش، قاپلىنىشى ئەمەلىيلەشمەسلىك، ئۆلۈك بولۇڭلار كۆپ بولۇش، جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇش، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق ھادىسىلەر ساقلاندى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار شۇنى ئىپادىلەيدىكى، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇشكۈل، مۇرەككەپ ۋە ئېغىر، بىز ئۇنىڭ

ئالاھىدىلىكىگە قارىتا مۇناسىپ قارشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۈچلۈك چارىلارنى قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھۇجۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەيۋىسىنى قەتئىي ئۇرۇپ چۇشۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

## 2. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

### 1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ بىر ئېسىل ئەنئەنىسى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش بولسا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يول باشلامچىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىزدىن تالىشىدىغان مۇھىم بازا، بۇ بازا كىمنىڭ قولىدا بولۇشى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى بىر قەدەر ئەۋزەيلەپ كەتكەن ۋاقىتلىرى، دەل ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىمۇ بىر قەدەر جانلانغان مەزگىللىرىدۇر، ئەگەر ئىجابىي تەشۋىقاتىمىز ياخشى ئىشلىنىپ، ئاما تولۇق سەپەرۋەر قىلىدۇرۇلسا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بازار قالمايدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى، مۇشكۈللىكىنى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇشى، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، بازا ئېڭى،

سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا مۇھاكىمىگە قويۇلىدىغان مەسىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى بوشاشماي دائىم تۇتۇشى، ئاخىرغىچە تۇتۇشى كېرەك.

2) ماركسىزملىق بەش قاراش تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش ۋە مەدەنىيەت قاراش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەڭدىشى يوق ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورالى. بىز ماركسىزملىق بەش قاراش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى»نى يادرو قىلغان دۆلەت قارشىغا قارشى تۇرۇشىمىز؛ ماركسىزملىق مىللەت قاراش ئارقىلىق پانتۈركىزملىق مىللەت قارشىغا قارشى تۇرۇشىمىز؛ ماركسىزملىق دىن قاراش ئارقىلىق پانئىسلامىزملىق دىن قارشىغا قارشى تۇرۇشىمىز؛ ماركسىزملىق تارىخ قاراش ئارقىلىق تارىخ ئۇيدۇرۇلغان، بۇرمىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن ئىدېئالىستىك تارىخ قاراشقا قارشى تۇرۇشىمىز؛ ماركسىزملىق مەدەنىيەت قاراش ئارقىلىق «ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى» تۈپ ئالاھىدىلىك قىلىنغان مەدەنىيەت قارشىغا قارشى تۇرۇشىمىز؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ نىقابىنى ئۈزۈل - كېسىل يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ كادىرلار ئاممىسىنى تەربىيىلىشىمىز لازىم.

تەربىيە داۋامىدا مۇنداق بىرنەچچە جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) تەربىيە بېرىشنىڭ قاتلاملىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى، نۆۋەتلىك ھالدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تەربىيىسىنى

ياخشى تۇتۇش، ئىككىنچى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تەربىيىسىنى ئىتىۋار بىلەن ياخشى تۇتۇش، ئۈچىنچى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تەشۋىق - تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش، تۆتىنچى، ياش - ئۆسمۈرلەردىن باشلاپ تۇتۇش لازىم. يېقىنقى بىرقانچە قاتلاملارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، تۇرۇۋاتقان مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ھەمدە بىلىم - سەۋىيىسى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارنى بەلگىلەپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەربىيە بېرىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ھەقىقىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىلىرىغا نام بېرىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «شىنجاڭنىڭ 3 تارىخى» تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش، دەرسخانىدىن پايدىلىنىپ تارىخنى بۇرمىلاپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەيدىغان ئايرىم كىشىلەرنى قەتئىي ھالدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تازىلاپ چىقىرىش كېرەك.

(2) تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. تەربىيە ئارقىلىق تونۇش جەھەتتىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلەن: بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى دۈچ كەلگەن ۋەزىيەتنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا توغرا تەھلىل قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى بىلەن تۇز لىنىيىلىك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ

توغرىلىقىنى يەنىمۇ تونۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتقىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، «3 ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلىپ ماركسىزملىق نۇقتىئىينەزەر ئارقىلىق، تارىخقا، رېئاللىققا ۋە ساقلىنىۋاتقان پەرققە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا مەردانىلىق بىلەن قايتارما زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

(3) تەربىيىنىڭ چەكلەش رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. بەش قاراش تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، مەركەزلىك تۈزەش تەشۋىقات تەربىيىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شەرەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش نومۇس دەيدىغان قويۇق جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە پايدىلىنىدىغان پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

3) پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، شەھىرىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىپ،

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلاملار تەشكىلات قۇرۇلۇشىنىڭ ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. بەزى ئۇزۇن مەزگىل ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قابىل كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ رەتكە سېلىپ ۋە ياخشىلاپ، ۋەزىيەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقى ۋە ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيىسىنى ئېتىبار بىلەن كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. رەھبىرى كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان «3 كە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسى» بىلەن كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنى ئاساس قىلغان بىر ئېتىقادنى يەنى كوممۇنىستىك ئالىيجاناپ ئېتىقادنى مۇستەھكەم تىكلەش، بىر ئاساسىي مەقسەتنى يەنى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى مەڭگۈ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، بىر خىل روھنى يەنى يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ بىر» تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتا قۇرۇلۇشلىرى بىلەن ئۇل قۇرۇلۇشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كادىرلارنى بولۇپمۇ رەھبىرى كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدا، ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋەتەننىڭ

بىرلىكنى قوغداش، مىللىي بۆلۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى كادىرلارنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم ئۆلچەم قىلىش كېرەك، مەيلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولسۇن ياكى خەنزۇ كادىرلار بولسۇن ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كادىرى، ھەممىسى مۇشۇنداق زور پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك.

4) توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئاخبارات جامائەت پىكرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ بىر ئىنتايىن مۇھىم بازىسىدۇر. بازار ئېگىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، گېزىت - ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قولىمىزدا چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات ئىنتىزامىنى كۈچەيتىپ، كەسپ ئەخلاقىغا قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم، مىللەت، دىنغا ئالاقىدار تەسادىپىي يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ۋاقتىدا يوليورۇق سوراش لازىم، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خەۋەر قىلىشقا بولمايدۇ. ئاخبارات خەۋەرلىشىش يىغىنى تۈزۈمى، ماقالە تارقىتىش ئۆتكىلىنى ئىگەللەش تۈزۈمى، سىرتتىن كەلگەن ماقالىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمى قاتارلىق ئاخبارات خىزمىتى تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، باشقۇرۇش جەھەتتىكى يوچۇقلارنى ئېتىش لازىم. ئالاقە - تورى ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭىتىش كېرەك. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات ئىشلىرى داۋامىدا ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبىداش» بولىدىغان ۋە «ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا

چۈشىنىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان» ياخشى مۇھىتنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم. ئاخبارات قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي ساپاسىنى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

5) مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دىنىي كىتاب، ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى، قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى، بولۇپمۇ ئېغىر سىياسىي مەسىلە بار دىنىي نەشر بويۇملىرىنى مەنئىي قىلىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىشى، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك. بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قانۇنسىز نەشر بويۇملارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىنى بېسىپ بېرىشنى ھۆددىگە ئالغان كارخانىلار بايقالسا قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. قانۇنلۇق تىجارەت نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن قانۇنسىز نەشر بويۇملىرى تىجارىتى قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى دىنىي سورۇنلار ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان سىياسەت، قانۇن تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىغا قارشى تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

6) دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىلمىي، توغرا تەشۋىق قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم. ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇسۇل - چارىلەرنى ياخشى ئىگىلەش لازىم، ئاتېئىزمنى

تەشۋىق قىلىش سەۋەبى بىلەن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش سەۋەبى بىلەن ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلماسلىققىمۇ بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىش، «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە زەربە بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە، بولۇپمۇ قىسمەن پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان «باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلماسلىق، باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، دىننى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نۆۋەتتە دىننى باشقۇرۇش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلىش كېرەك.

7) خىزمەتلەرنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

ئاساسىي قاتلام — ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئاجىز ھالقىسى، شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىزدىن تالىشىدىغان مۇھىم بازا. مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەشۋىق، تەربىيە خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەڭ ئامما ئارىسىغىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانا، يېزا، بازار، ئىجتىمائىي رايون ۋە مەكتەپلەر ھەرقايسىسى ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ۋە تەنقىد قىلىپ، كەڭ ئاممىغا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ رەزىل ئەپتى بەشىرىسىنى تونۇتۇپ، ئىدىيە جەھەتتە ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرىكەت جەھەتتە قەتئىي توسۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ياشاش

تۈپرىقىنى يوقىتىش كېرەك. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. ئاما ئارىسىدا دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كىشىلەرنى قانۇن تۈزۈم كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئۆگىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇندىن پايدىلىنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش، قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشماسلىق، جەمئىيەتنىڭ ئامىۋى تەرتىپىگە زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك.

8) جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش كېرەك.

ھەر مىللەت كادىرلىرى «ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ»، جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلىشى، دائىم ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى يولغا قويۇش، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئارقىلىق، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خىلمۇ ـ خىل ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، پاكىت ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇمىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئاساسىنى سېلىش كېرەك.

# بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش داۋامىدىكى تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى

جكپ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى
زىننەت ئۆمەر

ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىنلەشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. يېڭى ۋەزىيەتتە، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى قاتتىق خىرىس ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلدى. تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكىلەر سىياسىي ئېڭىنى، ئومۇمىيلىق ئېڭىنى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

## 1. قاتتىق خىرىس

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ

بىلەن يېتىلدۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ روشەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىسى چىڭىتىلدى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش نۇقتا قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق - تەربىيىسى قەتئىي قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزملىق روھى ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى ئۆرغۈتۈلدى؛ ئاممىۋىي خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىلغار تىپلار ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىنىپ، ساغلام، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان تۈرلۈك ئاممىۋىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىلھام بېرىلىپ، روھ ئۆرغۈتۈلدى؛ توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، توغرا كەيپىيات جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش - تەربىيىلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئىدىيىۋى - سىياسىي ساھەدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىمۇ قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە سوتسىيالىزم بىلەن سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىۋى - سىياسىي كۈرىشىنىڭ ئىپادىسى خېلى كەسكىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى ئىنتايىن ئېغىر.

بىرىنچى، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى جىددىيلەشتى. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قاراتقان

«بۆلۈۋېتىش» ، «غەربلەشتۈرۈش»نى جىددىي يولغا قويۇۋاتقان پەيتتە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر «كوسوۋو ۋەقەسى» نىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر قوماندانلىق قىلسا، چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بۇلاڭچىلىق، پارتلىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، قوراللىق جەڭ قىلىش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈپ، كىشىلەرگە ئىدىيە ۋە روھى جەھەتتە ئىنتايىن ناچار تەسىر بەردى.

ئىككىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرى يەنىلا ناھايىتى ھەددىدىن ئاشماقتا. بەزى جايلاردا دىن ئوقۇتۇش، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىش چەكلەپ تۇرسىمۇ توختاپ قالمىدى، دىن ئۆگەنگۈچىلەر ئىچىدە كىچىك ياشتىكىلەر (ئەڭ كىچىكى تۆت ياش بولدى) ۋە ئاياللار كۆپەيدى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسى دىن ئوقۇتۇش، چامباشچىلىقنى مەشق قىلىش نۇقتىسىدىن 1997- يىلى 17 نى، 1998- يىلى ئوندىن كۆپرەكنى، 1999- يىلى يەنە تۆتنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. دەسلەپكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن تالىپ 12000 دىن كۆپرەككە يەتكەن. ناھىيە، شەھەردىن ھالقىغان تەبلىغ قىلىش دىن ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز يامراپ «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئاياللارنى چۈمبەل ئارتىشقا مەجبۇرلاش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرىغا، كادىرلارغا تەھدىت سېلىش ۋە ئۇلارنى كەمسىتىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىشقا ئوخشاش جىنايى ھەرىكەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى.

ئۈچىنچى، ئەكسىيەتچىل ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قارىتا پىسخىك ئۇرۇشى قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى، «ئامېرىكا ئاۋازى» ،

«ئەركىن ئاسىيا» قاتارلىق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى سىڭدۈرۈشى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى، بۇ رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپلاش دائىرىسى كېڭەيدى، چاستوتىسى كۆپەيدى، قۇۋۋىتى ئاشتى، ئاڭلىتىش ۋاقتى ئۇزاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ چېگرا ئىچىگە سىڭىپ كىرىش مەقسىتىدە ئىشلىگەن گېزىت - ژۇرنال 40 تىن كۆپرەككە، ئەكسىيەتچىل كىتاب 100 دىن كۆپرەككە يەتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا قونجىراپ ئېغىزى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇمىدىن جەمئىي 20 مىڭدىن كۆپرەكنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. چېگرا ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى يامراپ كەتتى، ئۇلار ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللارنى، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، كۆپەيتىپ باستى، قولدا يېزىلغان ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى چاپلىدى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى كۆپ خىل، مەزمۇنى قەبىھ بولۇپ، ئالدامچىلىقى، قۇترانقۇلۇقى تېخىمۇ زور. بۇنىڭدىن باشقا بەزى شەھەر - يېزىلاردىكى ماگىزىن، ئاشخانا قاتارلىق سورۇنلارغا دىنىي تۈس ئالغان ئېلان تەشۋىقات رەسىملىرىنى چاپلاپ دىنىي كەيپىياتنى كۈچەيتىۋېتىدىغان ئەھۋاللارنى ھەممىلا يەردە بايقىغىلى بولىدۇ. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىغا زەربە بېرىش» مەركەزلىك ھەرىكىتىدە 1770 ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 30 مىڭدىن كۆپرەك ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرنال، مىڭدىن كۆپرەك سىنئالغۇ لېنتىسى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى.

تۆتىنچى، دىنىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى چىرىتىشى توسۇپ قېلىنمىدى. 80- يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، سىياسەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنغا ئېتىقاد قىلىدى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئۇ يىلدىن بۇيان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش

ئارقىلىق، بەزى جايلاردا ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر تېخى ھەل قىلىنمىدى. تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى كۆپلىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار پۈتۈن خەلق دىگۇدەك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىتتا ياشاپ، دىنىي كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، بىر مۇنچە كىشىلەردە تۆتتىن ئەنسىرەش ئەھۋالى ساقلاندى: بىرىنچىدىن، يۇرتداشلارنى ۋە «ئۈچ خىل ئادەم»لەرنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇزىتىدىغان، نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ئادەم بولماسلىقتىن ئەنسىرەش؛ ئۈچىنچىدىن، مۇبادا كادىرلىقتىن قالسا كەنتتىكىلەرنىڭ كەمسىتىشىدىن، يېتىم قالدۇرۇشىدىن ئەنسىرەش؛ تۆتىنچىدىن، زوراۋان - تېرروررچىلارنىڭ ئۆزىگە زەھەرلىك قول سېلىشىدىن ئەنسىرەش. شۇڭا بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان، بەزىلىرى دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدىغان، بەزىلىرى پارتىيىدىن چېكىنىپ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى ئاشكارا ئېلان قىلغان، بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئايىنىپ ئۆزگىرىپ كېتىپ دۈشمەننى قوغدىغان.

بەشىنچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ بىز بىلەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىش كۈرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە، بولۇپمۇ كەڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل تەربىيە مۇھىتىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مەكتەپتە سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئالسا، مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە ئىسلام دىنىدىن تەربىيە ئېلىۋاتىدۇ. ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ۋىلايىتىمىزدىكى مەكتەپ بىلەن مەسچىتنىڭ نىسبىتى 1:7 بولۇپ، بىز مۇشۇنداق قويۇق دىنىي كەيپىياتتا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي كۈچلەر مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىردى، ئۇلار ياش

ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا بېرىپ دىن ئۆگىنىشكە، ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا قايمۇقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى دىن ئىدىيىسى بىلەن بىخۇدلاشتۇردى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلىدى. مەسىلەن، مەسىلە بىر قەدەر ئېغىر بولغان يەكەن ناھىيىسى باغجى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالساق، 1998- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا سىڭدۈرۈپ، «غازات» قىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى تەرغىب قىلغان. بۇ مەكتەپتىكى 587 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 410 نەپىرى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان؛ 30 ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش خاتىرىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرگەندە كۆپىنچىسىدە بۆلۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتى بولغان. 1998- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە 35 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن سەككىزى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىدىن ئونى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئون يەتتىسى بار. ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرىنىڭ مەخپىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مەكتەپلەرگە ئېقىپ كىرىشى ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلەيدىغان ئاساسلىق مەنبە، شۇنداقلا بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىشىدىكى «كۈچلۈك كاتالىزاتور» بولدى. 1999- يىلى 7- ئايدا بايقالغان پەيزىئاۋات ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا 2- يىللىقتىكى ئىككى سىنىپتىن بولۇپ 40 ئوقۇغۇچى كوللېكتىپ دىنغا ئېتىقاد قىلغان، ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىغان، ئەكسىيەتچىل كىتاب ـ ژورنال كۆرگەن، دەرسخانىدا، ياتاقتا ناماز ئوقۇغان. ئىستاتىستىكىلىق تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈچ يىل ئىچىدە تەكشۈرۈپ پاش قىلىنغان 104 سىياسىي دېلودىكى 146 جىنايەتچىنىڭ كۆپىنچىسى 16—25 ياشقىچە بولغان ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچى 94 نەپەر بولۇپ، 65.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى ئورتاق ئىدىيە مەنبەسى «پان ئىسلامىزم»، «پان تۈركىزم» ۋە بۈگۈنكى دۇنيادا

ئەۋج ئالغان «مىللىي بۆلگۈنچىلىك»، «ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش» پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت زېمىنى كېڭىيىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى كىچىكلەپ كەتتى. بۈگۈنكى دۇنيا قۇرۇلمىسىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، ئىسلام دىنى يېڭى پائالىيەت ماكانىنى كۆچىنىڭ بارىچە تالىشىۋاتقان خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دىنى كۆچلەرنىڭ جىددىي كېڭىيىپ، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ دىن تەلۋىلىكىنى قوزىتىپ، بىز بىلەن ماتارىپ ھوقۇقىنى ۋە كىشىلەر قەلبىنى تالىشىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيىتىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، 1982- يىلىدىن بۇرۇن ۋىلايەت بويىچە پەقەت 7289 مەسچىت بار ئىدى، 1989- يىلىغا كەلگەندە 10 مىڭ 446 گە كېڭەيگەن. ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش قاتلىمى ۋە دەرىجىسىدىن قارىغاندا، ئادەم سانى بارغانسىرى كۆپەيگەن، يېزىلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان قۇرامىغا يەتكەن بارلىق خەلقنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر كۈنى باش ۋاخ ناماز ئوقۇپ كۈندە تەربىيە ئالىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن قارىغاندا، دىن ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ئۆلگىچە دىنىدىن ئايرىلالمايدۇ. كەڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىۋىي ھېسسىياتىدىن قارىغاندا، ھەم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشنى خالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنغا بولغان ھېسسىياتى چوڭقۇر بولۇپ، دىنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، ھەتتا قانۇنسىز دىنغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىمىز چېكىنىش ھالىتىدە تۇردى، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى دېگەندەك بولمىدى.

## 2. چوڭقۇر ئويلىنىش

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى، زىيىنىنىڭ شۇنچە ئېغىر بولۇشىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبى ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بار. لېكىن سوبيېكتىپ جەھەتتىن تەكشۈرگەن ۋە ئويلانغاندا، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ۋە خىزمەتلىرىمىزدە ئېغىر سەۋەنلىكلەر ۋە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ.

(1) يېقىنقى دەۋردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىگە قارىتا سىياسىي سەزگۈرلۈك كەمچىل. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز خەلقئارادىكى «تىنچلىق، تەرەققىيات» نىلا، مەملىكەت ئىچىدىكى «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» تەك پايدىلىق ۋەزىيەتنىلا كۆرۈپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش - بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قارىتا ھوشيارلىقىمىز يۇقىرى بولمىدى، تونۇشىمىز ئاستا بولدى، ئالدىنى ئېلىشىمىز كۈچلۈك بولماي، ئۇزاققىچە پاسسىپ ھالەتتە تۇردۇق. 80- يىللاردا مىللەت سىياسىتىنى ۋە دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بىر تەرەپلىمىلىك ۋە «ھەممىنى يوققا چىقىرىش» كۆرۈلۈپ، دىنىنى باشقۇرۇش كونترولسىز قېلىپ، ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن دىن تەلۋىلىكى پەيدا بولدى. 90- يىللارغا كىرگەندە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىگە قارىتا بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ تونۇشى ئېنىق بولمىدى، بىخۇتلۇق قىلىپ دۈشمەنگە سەل قارالدى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن بولدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تونۇشى چوڭقۇر بولغانلارمۇ، يۈزە بولغانلارمۇ بولدى.

بەزى كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىدە يەنىلا مۇجمەل تونۇش، تۇتۇق پوزىتسىيىدە بولۇپ، ھەرىكەتتە تەۋرىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

(2) «بىر قول قاتتىق، بىر قول بوش بولۇش» مەسىلىسى ئەستايىدىل ھەل قىلىنمىدى. بەزى رەھبىرىي كادىرلار كەسپىي خىزمەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتتىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي يۈزلىنىشنى تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلمايدۇ؛ ياكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ ياكى بولمىسا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىغا قارىتا ئۇزاق مۇددەت تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ بىر مۇنچە رەھبەرلەردە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش ئىدىيىسى ساقلىنىۋاتىدۇ، ماددى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندا ئاسان نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ قاتتىق ۋەزىپە؛ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى ئاستا، سېلىنمىسىمۇ يوق، بۇ يۇمشاق ۋەزىپە دەپ قارايدۇ شۇنى كۆرۈش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىمىزنىڭ ئورنى ۋە رولى تۆۋەنلەپ، پائالىيەت بازىلىرى تارىيىپ كەتتى، قوشۇنى ئاجىزلاپ، خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىنمايۋاتىدۇ.

(3) ئايرىم مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئاجىز ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل مەكتەپتىن 1509 ى، 735 مىڭ ئوقۇغۇچى، 35 مىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى (پۈتۈن ۋىلايەتتىكى دۆلەت كادىرلىرىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ) بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى بەزى مەكتەپلەردىكى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بوشاڭ بولغانلىقى، بەزى مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى يوقىتىپ قويغانلىقى، بەزى

ئوقۇتقۇچىلاردا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە كۈچلۈك دىن ئېڭى بولغانلىقىدىن بولدى. ئۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ياكى سوتسىيالىزمنىڭ دەرس مۇنبىرىدىن بىۋاستە پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تارقاتتى، ياكى مەكتەپ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپكە سىڭىپ كىرىشىگە ماسلاشتى ۋە ئۇنى قانات ئاستىغا ئالدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسىنى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز، سوتسىيالىستىك مائارىپ بازىسىنى مۇستەھكەملىمىگەنلىكىمىز بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

(4) بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەشۋىق - تەربىيە شەكلى ۋە ئۇسۇلى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇك، كونا بولۇپ، قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى كەمچىل. تەشۋىق - تەربىيە تىلغا ئېلىنغان ھامان شوئار چاپلىنىدۇ، ماتېرىيال تارقىتىلىدۇ، دوكلات ئاڭلاشقا، ھۆججەت ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. داغدۇغىسى زور بولسىمۇ ئۈنۈمى ناچار، «يامغۇردىن كېيىن يەر ھۆل بولۇپ، شامال چىققان ھامان قۇرۇپ كېتىدۇ»؛ ئوبيېكتلار ئايرىلمىغان، ماقالىلار ئۇزۇن بولۇپ، قۇرۇق ۋەز ئېيتىش كۆپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئاز. سىياسەت ئېنىق سۆزلەنمىگەن، مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلمىگەنلىكتىن، ئامما قىزىقمايدۇ؛ ئوبرازلار جانلىق، ئاممىباب - چۈشىنىشلىك بولغان، يېزىلارغا، دېھقانلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەشۋىق - تەربىيە ماتېرىياللىرى ۋە ئۇن - سىن بويۇملىرى ئاز؛ ئاساسىي قاتلام تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى بىر ئىزدا توختاپ قالغان، ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، ئۈنۈمى چەكلىك. ھازىر تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىمىز مەيلى قاپلاش جەھەتتە، قىسىم سانى جەھەتتە، ئۇسۇلدا، جەلپ قىلىش جەھەتتە بولسۇن يېزىلاردىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە ۋە دىن جەھەتتىن سىڭدۈرۈشكە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. 1999- يىلى پاش

قىلىنغان بەزى سىياسىي دېلولاردىن قارىغاندا، كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز، ناھايىتى زور خىزمەت ئەترىتىمىز يېرىم يىل، بەزىلىرى بىر نەچچە يىل تەشۋىق، تەربىيە قىلىپ ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىر نەچچە ئەسكى ئادەمنىڭ بىر نەچچە سائەتلىك سەلبىي تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ يەتمەيۋاتىدۇ. بىر نەپەردىن ئەسەبىيسىنىڭ قۇترىتىشى، قورقۇتىشى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى 28 نەپەر پىشقەدەم پارتىيە ئەزايىمىز شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا پارتىيەدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىدى؛ بەزىدە بىر قاپ ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسى بىر نەچچە ئادەمنى ھەتتا نەچچە ئون ئادەمنى ئازدۇردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىدە ھەرگىز قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمەسلىكىمىز، ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە قىيىنلىقىنى چوقۇم تولۇق تونۇشىمىز، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ بازىسىنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

### 3. تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇ كىشىلەر قەلبىنى تالىشىدىغان، ئاممىنى تالىشىدىغان، بازا تالىشىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەيدىغان سىياسىي كۈرەش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاقىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە، بىز تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكىلەرنىڭ تېخىمۇ بىۋاستە ۋەزىپىمىز.

(1) غەم ـ ئەندىشە ئېڭىنى، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىش، مېڭىنى سەگەك تۇتۇش، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردە ساقلىنىۋاتقان «بىر قول قاتتىق، بىر قول بوش بولۇش» مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى ئورنى بولۇش، جاۋابكارلىقى بولۇش، سېلىنمىسى بولۇش، تەكشۈرۈش بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(2) بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. دۈشمەن كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا «قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ ئىشقا سېلىپ» ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇردى، ھەم ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىردى ۋە ئاممىنى زەھەرلىدى. ئۇلار ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىش، سىڭدۈرۈش جەھەتتە كۆپ خىل يول، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ بىزدىن ئاممىنى، بازىنى تالاشتى. بىز تىغمۇ ـ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقايسىمىز ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە تۇزىشىمىز كېرەك. ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، مىللەت، دىن ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تاموژنا قاتارلىق ھەرقايسى تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، دائىملىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتكەن ئاساستا، يەنە پىلانلىق قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا چوڭ جەڭ ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ھۇجۇمنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

(3) ئىدىيە، تەشۋىقات تەربىيىسىنىڭ قاراتمىلىقىنى ۋە ئۈنۈمىنى

كۆچەيتىش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان ئاممىغا ئوخشاش بولمىغان تەشۋىق - تەربىيە ئۇسۇلىنى ۋە تەربىيە مەزمۇنىنى قوللىنىپ، كۆپ قاتلاملىق، ئۇزاق مۇددەتلىك بولغان ئىدىيە جەھەتتىن سىڭدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىسىنى پاكلاشتۇرۇشنى، ھەر مىللەت كادىرلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىسىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك، يېزىلاردىكى ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىدە يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىش، ئىدىيىۋىلىك، بىلىم خاراكتېرلىك، قىزىقارلىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش؛ يېزا خىزمىتىگە ۋە دېھقانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى، قانۇن - قائىدىلەرنى ئۆگىنىشنى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تىپلارنى باشلامچى قىلىش، باشلاش، ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلىتىش، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاممىغا تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىش؛ رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ دېھقانلارغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، «ھەممە كەنتكە تۇتاشتۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، دېھقانلار ياقتۇرىدىغان ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى ياخشى ئىشلەش؛ يېزىلاردىكى ساغلام، ياخشى بولغان ئاممىۋىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، دېھقانلارنى كۆڭۈل ئېچىش داۋامىدا تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دىنىي كەيپىياتنى سۇسلاشتۇرۇش؛ كەڭ يېزىلاردا «ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بۇ پائالىيەتنى ۋاستە قىلىپ، يېزا - ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە يېزا مۇقىملىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئائىلىلەرگىچە

ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ يېزا تەشۋىقات تايانچ قوشۇنىنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تەربىيلەشنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئائىلىلەرگە، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغىچە بېرىپ، دېھقانلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشى ئارقىلىق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈش كېرەك.

(4) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت مەكتەپلەردىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ، بولۇپمۇ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بۇنىڭ ئاچقۇچى. مەكتەپ مۇدىرى ياخشى بولسا مەكتەپمۇ ياخشى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش نۇقتا. سىغەن مائارىپىنى ياخشى تۇتۇپ، لاياقەتلىك مائارىپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان قانۇن، قائىدە - نىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىق قارشىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچىلار مەسئۇلىيەت تۇزۇمىنى يولغا قويۇپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەركىزىي ھالقا. مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەر بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ۋە ئوقۇشسىز قالغان باللارنىڭ قانۇنسىز دىنىي كۈچلەر تەربىيىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. «بەش قاراش» تەربىيىسى، ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش، كومپارتىيىنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي، ئىلغار، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار قەلبىنى ئىگەللەش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرمەسلىكى، يامان ئادەملەر تەرىپىدىن ئازدۇرۇپ ۋە پايدىلىنىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن،

ئۇلارنى ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، خەلق ئەسكەرلىرى مەشقىگە مەركەزلىك قاتناشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ ۋە ئەمگەك قىلدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەم تەربىيىلەش مۇھىتىنى ياخشىلاش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى، چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇھىم شەرت. دىن باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تازىلاش تەرتىپكە سېلىش، «قاتتىق زەربە بېرىش» تە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ياخشى مۇھىتنى ئورتاق يارىتىش كېرەك.

(5) كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدىغان، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىدىغان، كىشىلەر كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان خىزمەتلەرنى كۆپلەپ ئىشلەش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئاممىنىڭ دەرت - ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىشى كېرەك. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تىرىشىپ يېنىكلىتىش؛ نامرات ئاممىنىڭ، قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يېزىلاردىكى «ئۈچ پىشقەدەم» لەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېتىبار بېرىش، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ خىزمەت ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، بيۇروكراتلىقنى ۋە ئاددىي، قوپال خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، دىنغا بولغان ھېسسىياتىنى سۇسلاشتۇرۇش كېرەك. ئاما قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا كادىرلارنى ئىزدىمەي، دىنىي زاتلارنى ئىزدەيدىغان بىنورمال ئەھۋاللارنى قەتئىي ئۆزگەرتىش كېرەك.

(6) تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى قوشۇننىڭ ئىدىيە، كەسپى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. بۇ قوشۇننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۆتۈرەڭگۈ روھى ھالەتنى ساقلاپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەھۋالى ۋە مەسىلىلەر توغرىسىدا

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى
ليۇ لىنتىڭ

## 1. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى

خوتەن «پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر ئېغىر ئۇچرىغان رايون، شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان «ئېغىر ئاپەت رايونى». يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەلدىكى «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» پىكىر ئېقىمى قايتىدىن ئۇلغىيىپ، ھەرىكىتى كۈنسايىن جىددىيلەشتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، دۇنيا قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى، مىللەت، دىن ۋە رايون سىياسىيسىنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى رولى كۈچەيدى، «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ھەرىكىتىنىڭ قالدۇقلىرى باش كۆتىرىپ، قارا نىيىتى تېز يوغىناپ، تۈرك تىلى ئىشلىتىدىغان بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا ـ ئاسىيادىن ھالقىغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقىش نىيىتىدە بولدى. چەت ئەلدىكى بەزى دىنىي تەشكىلاتلارمۇ شىنجاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئەۋەتىپ، «شەرقىي تۈركىستانلىقلار»نى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

دۆلەتلەرنى دوراپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا قۇتىرتىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئاشكارا قوللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلىغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزگە بولغان غەربلەشتۈرۈش، بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىنى تېزلىتىپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىگە تارتتى، يېتەكچىلىك قىلىش بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قوللاپ ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بىزگە سىڭىپ كىرىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، مىللىي مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قالقان قىلىپ، ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مىللەت تەركىبى ئاز، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما كۆپ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىش تەشۋىقات ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، بىز بىلەن بازىنى، ئاممىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالاشتى. ئۇلار «غازات» قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، دىن ئەسەبىيلىكىنى قۇتىرتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇرلاپ، مىللىي ئارازلىقنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېزلىتىشى يېقىنقى يىللاردىكى تۈرلۈك جىنايەت دېلولىرىنىڭ، ۋەقە تۇغدۇرۇش ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددى، مۇرەككەپ بولدى.

## 2. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا قوللانغان ئاساسلىق ۋاستىسى، ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى

خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇدا ئۈچ يىللىق مەركەزلىك تۈزەش ۋە يېقىنقى مەزگىللەردىكى «كۈرەش زوراۋانلىق - تېررورلۇق شايكىسىغا زەربە بېرىش» مەخسۇس كۈرىشى ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلدى ۋە ئۇلار توسۇلدى. لېكىن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىز بىلەن بازىنى، ئاممىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىش كۈرىشى يەنىلا خېلى ئېغىر بولىۋاتىدۇ.

(1) چېگرا سىرتىدىن قارىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن دۈشمەن كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزگە بولغان ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى، ئىدىيە جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى، بۇنىڭ ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «ھاۋادىن سىڭىپ كىرىش»نى جىددىيلەشتۈردى. چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى، قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا، بىزگە قارىتا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار يۇقىرى چاستوتىلىق رادىئو ئىستانسىسىدىن پايدىلىنىپ، رايونىمىزغا قارىتىلغان ئۇيغۇر تىلى پروگراممىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاڭلىتىش قېتىم سانىنى كۆپەيتىش، ئاڭلىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بىزگە قارىتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى جەھەتتە قۇتراتقۇلۇق قىلدى ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىگە ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى» بىلەن «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىدا

شىنجاڭغا قارىتىلغان ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش تەسىس قىلىندى. بۇلاردا ئاڭلىتىلغان مەزمۇنلار ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، ئالدامچىلىق ۋە قۇتراتقۇلۇقى ناھايىتى كۈچلۈك، تەسىرى، زىيىنى ئىنتايىن زور بولدى. 1999- يىلىدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدە دۈشمەن رادىئوسىنى ئاڭلايدىغانلار كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە نىيە ناھىيىسىدىن باشقا، 7 ناھىيە (شەھەر) دە يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئونى تالىشىپ سېتىۋېلىش شامىلى كۆرۈلدى، ھەتتا بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەردە رادىئو پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى. رادىئو سېتىۋالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسى تەشۋىقاتىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن قۇتراپ ئەكسىيەتچىل شايكىلارنى قۇردى. دۈشمەن رادىئوسى ئاڭلاتقان بەزى مەزمۇنلارنى ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىپ ئاممىنى زەھەرلىدى. دۈشمەن رادىئوسىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى، ئالدامچىلىقى، كۆز بويامچىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، جەمئىيەتتە تارقىتىلغاندىن كېيىن ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولدى.

ئىككىنچى، زامانىۋى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسى بولغان خەلقئارا ئالاقە تورىدىن پايدىلىنىپ، قۇتراتقۇلۇق، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاق قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، كۆز بويىدى. مەسىلەن، باش شتابى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە جايلاشقان ئىسلام تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» خەلقئارالىق ئالاقە تورى ئارقىلىق، چېگرا سىرتىدىكى بارلىق «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىغا بىزنىڭ زوراۋان، تېررورچى «كۈرەش» شايكىسىغا زەربە بەرگەنلىكىمىزگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىرىق چىقاردى «قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى ئېلان قىلىپ، «كۈرەش پىدائىيلار قوشۇنى» غا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، پاكىتنى، ھەقىقى ئەھۋالنى بۇرمىلاپ، ئاممىنى قۇتراتتى. يېقىنقى بىر مەزگىلدە خوتەندىكى تالىپلار ئارىسىدا ئېنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتىرىلدى، بولۇپمۇ خوتەن شەھىرى رايونىدىكى ياش تالىپلارنىڭ ئېنگلىز

تىلىنى ۋە خەنزۇ تىلىنى، جۈملىدىن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ يۇقىرى بولدى. بۇ، خەنزۇ تىلىنى، ئىنگلىز تىلىنى چەتكە قاققىدىغان، كەمسىتىدىغان ئىلگىرىكى ئەھۋال بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، بۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىدى.

ئۈچىنچى، بىزدىن چەتكە چىققان خادىملارنى، بولۇپمۇ ھەجگە بارغانلارنى ئۆزىگە تارتىپ چىرىتىپ، قىزىقتۇرۇپ، قىستاپ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى مەخپىي تەربىيىلەپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى، دىن ئەسەبىيلىكىنى قوزغاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدىكى تالىپلار ئۆگىنىش كۇرسىغا مەخپىي قاتناشتى، ھەتتا ئۇرۇش قىلىش م[illegible]تارلىقلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، گۇما ناھىيىسىدە يېقىندا ئافغانىستانغا قېچىپ بېرىپ تالىپلار ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، «غازات» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرماقچى بولغان بىر ئەكسىيەتچىلەر شايكىسى پاش قىلىندى. خوتەن ناھىيىسىدە بىز تۇتماقچى بولغان بىر جىنايەتچى چېگرىدىن مەخپىي چىقىپ، ئافغانىستاندىكى تالىپلارنىڭ ۋە ھەسەن مەخسۇمنىڭ پارتىزانلىق ئەترىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن قاراقاشقا ئوغرىلىقچە قايتىپ كېلىپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلغان.

تۆتىنچى، مال ئارىسىغا يوشۇرۇش، ئەتكەسچىلىك قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، بىز تەرەپكە ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب - ژۇرناللارنى، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، مەخپىي تارقىتىپ، يەتكۈزۈپ، كەڭ ئاممىنى، بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى زەھەرلىدى. خوتەن يېزىلىرىدا ئەكسىيەتچىل قانۇنسىز دىنىي كىتاب - ژۇرناللار، ئۈن - سىن بويۇملىرى بىرقەدەر كۆپ، تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىنغان ماتېرىياللاردىن چېچىنىيە، ئافغانىستان ئۇرۇشىنى ۋە خەلقئارادىكى تېررورچى بىن رادەننىڭ مەشق بازىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىرى، ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندا غازات قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى، «غازات قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى» دەپ بىلجىرلىغانلىقىغا ئوخشاش ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات

بويۇملىرى بار.

بەشىنچى، دىنىي تەشكىلاتلاردىكى ئالماشتۇرۇش شۇنىڭدەك ئىشانە قىلىش، كىتاب تەقدىم قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، بىزگە سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ ئاساسەن 80- يىللارنىڭ ئاخىرى، 90- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بولدى.

(2) چېگرا ئىچىدىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. خوتەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان «ئېغىر ئاپەت رايونى» بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن ھازىرغىچە، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق، بولۇپمۇ 90- يىللارغا كىرگەندىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۈتۈن ۋىلايەتنى زىلزىلىگە سالغان بىر قاتار ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، 1994- يىلىدىكى «11- ئاۋغۇست» جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش ۋەقەسى، 1995- يىلدىكى «7- ئىيۇل» ئۇرۇش، چېقىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى، 1998- يىلدىكى بىر قاتار پارتلىتىش دېلولىرى، 1999- يىلىدىكى «9- ئاۋغۇست» جېدەل چىقىرىش ۋەقەسى ۋە باشقىلار، 1999- يىلى 1- ئايدىن 9- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىلا، خوتەن ۋىلايىتىدە زوراۋان، تېررورلۇق شايكىسىدىن نەچچە ئونى يوقىتىلدى، نەچچە مىڭ گىرانات ۋە بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورا، قىلىچ ۋە نەچچە مىڭ ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب - ژورنال، بىر قىسىم ئۈن - سىن بويۇملىرى قاتارلىقلار يىغىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك - بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاساسەن مۇنۇلار:

بىرىنچى، دىنىي سورۇنلار ئارقىلىق ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى ئاممىغا مەجبۇرىي تېڭىپ، ئىدىيىدە چوڭقۇر زەھەرلەنگەن كىشىلەرنى جىنايەت يولىغا ماڭدۇرۇش. خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىر ۋىلايەت نۇقتىلىق باشقۇرىدىغان مەسچىتتىن 46 سى بار بولۇپ، ئۇلاردا ئاز ساندىكى قانۇنسىز

دىنىي ئۇنسۇرلار تەبلىغ پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات مەزمۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قايمۇقتۇردى، قۇتراتتى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسىدىكى مەھەممەت سابىر ئۈچ قېتىم بۆلگۈنچىلىك تەبلىغ تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قولىغا پالتا ئېلىپ، بىلىگە قىلىچ ئېسىپ ساقچىخانىغا بېسىپ كىرىپ جخ كادىر، ساقچىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان؛ خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسىدىكى ھەبىبۇللا ئەزىز بىلەن لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسىدىكى نۇرمەھەممەت قاتارلىق بەش جىنايەتچىمۇ تەبلىغ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەكسىيەتچىل شايكا قۇرۇپ، غازات قىلىش ۋە كەلگۈسىدە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن خوتەن ناھىيىلىك سىمونت زاۋۇتىنىڭ خەزىنىسى خىزمەتچىسى شۇ شۆفانى ئۆلتۈرگەن.

ئىككىنچى، ھەرخىل يول، ۋاستىلەر ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قانۇنسىز ۋە ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب - ژورنال، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى كەڭ كۆلەمدە ھەقسىز تارقاتقان، يەتكۈزۈپ بەرگەن. قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب - ژورناللار، ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ بولۇپمۇ يېزىلاردا يامراپ كېتىشى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى، ھەربىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسى دېگۈدەك قانۇنسىز ۋە ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب - ژورناللارنى تارقاتقان. خوتەن شەھىرىدە يېقىنقى مەزگىلدە پاش قىلىنغان بىر نەچچە ئەكسىيەتچىل شايكىسىدىن پارتلىتىش قۇرۇلمىلىرى يىغىۋېلىنغاندىن باشقا، يەنە نەچچە مىڭ قانۇنسىز دىنىي كىتاب تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى.

ئۈچىنچى، دىنىي كەيپىيات بىر قەدەر قويۇق بولغان يېزىلاردا ئومۇمىي خەلق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، دىن تەلۋىلىكىنى يولغا قويۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا تەھدىت سالدى، ئۇلارنى كەمسىتتى، چەتكە قاقتى، يېتىم قالدۇردى، باستى. دىن ئەسەبىيلىرى «بىز ئاللاغىلا ئىشىنىمىز، كومپارتىيىگە ئىشەنمەيمىز،

پارتىيە ئاللاھغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، بىز كومپارتىيىگە قارشى تۇرىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى. «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار دوستىمىز، ئېتىقاد قىلمايدىغانلار دۈشمىنىمىز» دەپ جار سېلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە كۈچىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى، ئاتالمىش «يات دىندىكىلەر»گە ھۇجۇم قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، بىزگە تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار ۋە «ئۈچ پىشقەدەم»لەر بىلەن ئۇچراشقاندا سالاملاشماسلىق، ھېيت - بايرامدا ھېيتلاپ بارماسلىق، كېسەل بولۇپ قالغاندا يوقلىماسلىق، قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم قىلماسلىق، قۇدا - باجا بولماسلىق، قازا تاپسا نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك»تىن ئىبارەت «ئالتە قىلماسلىق» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، بىز بىلەن ئاممىنى تالاشتى، ھەتتا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كادىر، ئاممىنى قورقۇتتى ھەم ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

ئۈچىنچى، ئۆز ئالدىغا يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى ئېچىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە تارتتى ھەم ئۇلارنى زەھەرلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئازدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ كۈچ يېتىشتۈرۈپ، بىز بىلەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالاشتى، مەسىلەن، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى تاۋغان كەنتىدە بىر يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى ئېنىقلاندى، بۇ نۇقتىدا 43 كىشى تولۇق بېكىنمە ھالەتتە ئوقۇتۇلغان. ئۇلارنىڭ چوڭى 16، 17 ياش، كىچىكى ئاران 6 ياش بولۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى قاتتىق زەھەرلەپ نابۇت قىلدى، بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن تەلۋىلىرى ئۆز ئالدىغا يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، تالىپ قوبۇل قىلىپ، دىن ئەسەبىيلىرىنى يېتىشتۈردى. بەزى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى ھەتتا بىۋاسىتە ھالدا ئەكسىيەتچىل زوراۋان - تېررورلۇق شايكىسىغا ئۆزگىرىپ جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزدى. لوپ ناھىيىسىنىڭ بۇيا يېزىسىدىكى 75 كىشىلىك

ئەكسىيەتچىل شايكا بىر يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، بۇ يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى كۆرەش زوراۋان، تېررورلۇق شايكىسىنىڭ تەربىيىلەش بازىسىغا ئايلانغان.

بەشىنچى، بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزغا سىڭىپ كىرىشىنى يولغا قويدى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىمىزدا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىزدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدىغانلار كۆپەيدى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ بىر دوختۇرى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەندە ئايەت ئوقۇغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى «ناماز» ئوقۇشقا قۇتراتقان؛ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئۇرچى يېزىسىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ ئاشكارا ھالدا دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان؛ خوتەن شەھىرىدىكى ياپىلاق كەنتىنىڭ مۇئاۋىن كەنت باشلىقى كۆرەش شايكىسىنىڭ تايانچىلىرىنى يوشۇرغان. بەزىلەر تېخى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بىۋاستە قاتناشقان. مەسىلەن، لوپ ناھىيىسىدە 1999- يىلى يۈز بەرگەن «9- ئاۋغۇست» ۋەقەسىدە ئورگاننىڭ بىرقانچە كادىرى، ئىشچى - خىزمەتچىسى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قاتناشقان، ۋىلايەتلىك مېھمانخانىنىڭ كاسسىرى زور زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ كاتىپىشى كۆرەش قاتارلىقلارنى يوشۇرۇپ قويغان.

## 3. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوللانغان تەدبىرلىرىمىز

باش شۇجى جياڭ زېمىن «دۆلەت بىرلىككە كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ئۆتىدىغانلا بولسا، جاھان تىنچ، خەلق ئىناق بولۇپ، ھەممە ئىشلىرىمىز روناق تاپىدۇ؛ دۆلەت پارچىلىنىپ، مىللەتلەر جېدەل - ماجرا قىلىشسا، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ۋەتەن ھاقارەتكە ئۇچراپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كېلىدۇ» غانلىقىنى تەكىتلىدى. ۋەتىنىنىڭ

بىرلىكنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. بۇ مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، مۇشكۈل كۈرەش. زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئىككى خىل ۋاستە بولۇپ، زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش كۆز ئالدىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يەنى ۋاقىتلىق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش بولسا يىراق كەلگۈسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يەنى تۈپتىن تۈزەشتىن ىبارەت. بىر قولدا زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش، بىر قولدا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىشنى تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بەرگەندىلا، ئاندىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىغا، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز ھالدا قاراتمىلىقتا ئىگە تەدبىر، چارىلەرنى قوللاندۇق، ئاساسلىق ئۇسۇلىمىز مۇنداق:

(1) پۈتۈن جەمئىيەتتە كۆپ تەرەپلىك، كەڭ كۆلەملىك قاتلاممۇقاتلام تەشۋىق، تەربىيىنى ۋە ئاممىنى قوزغاش، تەشكىللەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان بىز مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ خوتەننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا دۈشمەننى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك لېكسىيە سۆزلەش ئەترىتى ئەزالىرىنى يېزا، كەنتلەرگە چۈشۈپ، ئاممىغا يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى قوزغاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدۇق. بولۇپمۇ 1999- يىلقى مەخسۇس كۈرەشتىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە 1756 نەپەر

لېكسىيە سۆزلەش ئەترىتى ئەزاسى يېزا، كەنتلەرگە چۈشۈپ، ئائىلىلەرگە بېرىپ تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىككىنچى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىتتىن پايدىلىنىپ، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى كېڭەيتىلدى. مەخسۇس كۆرەش داۋامىدا، بىز ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېلان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىش، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئېلان قىلىش، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىش، مەخسۇس سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن كۆپ تەرەپلىمىلىك تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. تۇتۇش بۇيرۇقىدىن 24 مىڭ نۇسخا بېسىپ، شەھەر - يېزىلارغا چاپلىدۇق. زوراۋان، تېررورچىلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدۇق. ھەممە مۇۋاپىق ۋاقىتتا سىياسەتنى نەقلەشتۈرۈش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، دۈشمەن لاگېرىنى ئۈنۈملۈك بۇزدۇق. تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى، ئۈنئالغۇ فىلىمى ئىشلەپ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىكى 86 يېزا - بازاردىكى 1368 كەنتكە بىر تۇتاش تارقاتتۇق. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق تېلېۋىزىيىلەردە ۋە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك رادىئو تورلىرىدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە مەخسۇس كۆرەشكە ئائىت تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ئاڭلىتىلدى. يەنە تاختا تام گېزىتى ئىشلەش، شوئار چاپلاش، پلاكات ئېسىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، قويۇق جامائەت پىكرى كەيپىياتى يارىتىلىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ھۇجۇمى شەكىللەندۈرۈلدى. ئۈچىنچى، تۈرلۈك دوكلات يىغىنى پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. خوتەن ۋىلايىتىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە بارلىققا كەلگەن بەش قەھرىماننىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئاساسىدا ماتېرىيال تۈزۈلۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ۋىلايەت بويىچە سەييارە دوكلات بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاڭلىغۇچىلار 400 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولدى. دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50

يىللىق كۆرەشكە قاتنىشقان قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن يېقىن قاتنىشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن بېيجىڭگە ئويۇن قويۇشقا بارغان خادىملار ۋىلايەت بويىچە سەييارە دوكلات بىرىشكە ئويۇشتۇرۇلدى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەر بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈرلۈك سەييارە دوكلات بىرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق، نۇرغۇن جانلىق، كونكرېت پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ پارتىيىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز مەدھىيىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، روھلۇق، كۆتىرەڭگۈ، روھىي كەيپىيات بارلىققا كەلتۈرۈلدى. تۆتىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىۋېلىشىغا، دۈشمەننىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى تەشۋىقات، ئۆگىنىش ۋە تۈرلۈك تەشۋىقات خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇپەتتىشلىك قىلىش خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. مەخسۇس كۈرەش جەريانىدا، كۈرەش شايكىسى گورۇھىنىڭ جىنايەت ماتېرىيالىنى تۈزۈپ تارقىتىش ئارقىلىق، ۋىلايەت بويىچە «كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش» پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، مۇقىملىقىنى قوغداش بۇرچى بارلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز يەنە ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا قارىتا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، بىرلىكسەپ، دىن، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مائارىپ تارماقلىرىنى ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاممىغا كەڭ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەربىيە

ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، ۋىلايەت بويىچە بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇردۇق. مەخسۇس كۆرەشتە، ئامما تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان ئەھۋال، تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى 300 دىن كۆپرەككە يەتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەلۇم قىلىنغان يىپ ئۇچىغا ئاساسەن 140 دىن كۆپرەك جىنايەتچىنى تۇتتى، كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھۇجۇمى بىلەن 70 تىن كۆپرەك جىنايەتچى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

(2) مەخسۇس كۈرەشكە ئائىت ئۆگىنىش، تەشۋىقات ماتېرىيالى تۈزۈلۈپ، دۈشمەنگە قارشى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. دۈشمەنىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتى، قۇترىتىشىغا قارىتا، 1998- يىلى بىز «ئاممىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ، 400 مىڭ نۇسخا بېسىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەربىر ئائىلىگە بىر نۇسخىدىن تارقاتتۇق. 1999- يىلى بىز يەنە «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، خوتەننىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى» دېگەن كىتابچىنى تۈزۈپ، ھەرقايسى ئورۇنلارغا، ھەربىر كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسىغا ۋە ئائىلىلەر كومىتېتىغىچە تارقاتتۇق. ھازىر «ئامما بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر» دىن ئىككى يۈز سوئال - جاۋابلىق كىتابچە تۈزۈلىۋاتىدۇ، بۇ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

(3) بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە دائىر فوتو سۈرەت ماددىي بويۇملار كۆرگەزمىسى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دۈشمەن پاش قىلىنىپ، ئاممىغا تەربىيە بېرىلدى. بىز ئۇدا ئۈچ يىل ۋىلايەت بويىچە بۆلگۈنچىلىككە، زوراۋان - تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە دائىر سۈرەت، ماددىي بويۇملار كۆزگەرزمىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇپ، خوتەندە يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش چوڭ، چوڭ دېلولارنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىدۇق، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا سەييارە كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇق، كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەر

مىليون ئادەم - قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى. يەنە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دائىر فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، خوتەننىڭ 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىسلاھات، تەرەققىياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىپ، ئاممىغا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىلا خوتەننى گۈللەندۈرگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى تونۇتۇلدى.

(4) پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل دىنغا ئائىت ئۈن - سىن بويۇملىرى، كىتاب - ژۇرناللار يىغىۋېلىنىپ، ئىجتىمائىي ھاۋا ساپلاشتۇرۇلدى. قانۇنسىز، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرىنىڭ، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ يېزىلاردا تارقىلىپ يامراپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتكە قارىتا، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە پۈتۈن جەمئىيەتتە ئۇلارنى ئېنىقلاش، يىغىۋېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئېنىقلاش، يىغىۋېلىش ئېلانى چىقىرىلدى ھەمدە تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىتلەردە كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ ھەممە ئائىلىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئۆزلىكىدىن قانۇنسىز نەشىر بويۇملىرىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى روشەن بولدى.

(5) مەسچىتلەردە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئاسانلا يۈز بېرىدىغانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە قارىتا، مەسچىتلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، قايسى مەسچىتتە مەسىلە كۆرۈلسە شۇ مەسچىتنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىمى پۈتۈن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمى «ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە ياخشى قاراش، ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ياخشى باشقۇرۇش» يولغا قويۇلدى ھەمدە تەپسىر ئېيتقۇچىلارغا قارىتا «ئۇنىغا رۇخسەت قىلماسلىق» بەلگىلەندى، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە «ئاز سانلىق مىللەت رەھبىري كادىرلىرى مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» ۋە «ئاز سانلىق مىللەت رەھبىري كادىرلىرى مەسچىتتىكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار بىلەن سۆھبەتلىشىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» يولغا

قويۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

(6) يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولى جارى قىلدۇرۇلدى. خوتەندىكى دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ مۇشكۈل، مۇرەككەپ، ئاساسىي قاتلام خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇشتەك ئەمەلىيەتكە قارىتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئورگاندىكى مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار ئاجرىتىلىپ يېزىلغانلارغا ۋەزىپە بىلەن چۈشۈرۈلدى، كادىرلارنى «قوش سەپلەش» سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە ئورگىنىدىن مۇنەۋۋەر كادىرلار تاللىنىپ ئاساسىي قاتلاملار تولۇقلاندى.

(7) ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭدىكى نۇقتا مەكتەپ پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ئىنقىلاپ، تەرتىپكە سېلىپ سوتسىيالىستىك مائارىپ بازىسىنى پاكلاشتۇرۇش بولدى. ۋىلايەت بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنى ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى مەخسۇس قۇرۇپ، ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇشنىڭ قەدەم - باسقۇچىنى تۈزۈپ چىقتى. تەشكىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوشۇننى ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، دىنىنىڭ مەكتەپكە بولغان تەسىرى تۈگىتىلىپ، مەكتەپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەيدىغان، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەيدىغان قۇدرەتلىك بازىغا ئايلاندۇرۇلدى.

(8) تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، جامائەت پىكرى بازا قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرخىل ئەكسىيەتچىل ۋاسىتىلىرىنى جىددىيلەشتۈرىۋاتقان ئەھۋالغا قارىتا، ۋىلايەت مالىيە ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئامالىنىڭ بارىچە جامائەت پىكرى بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. بىرىنچى، كەڭ يېزىلارغا

قارىتىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش. ھازىر، خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا سىمسىز تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە قانىلىدىن پەقەت بىرىلا بار، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەيدۇ. ۋىلايەت ئۇيغۇر تىلىدىكى شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ قانىلى بىلەن خوتەننىڭ سىملىق تېلېۋىزىيە قانىلىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلماقچى، شۇنداقلا ھازىرقى ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتمەكچى. بۇ قۇرۇلۇشقا بىر مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، ئىشلىنىۋاتىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، خوتەن، قاراقاش، لوپدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ يېزىلىرىنى قاپلاپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، خوتەن خەلق رادىئو ئىستانسىسىنى قۇرماقچى. خوتەن ۋىلايىتىدە رادىئو ئىستانسىسى يوق، دۈشمەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ كۈچىيىشىگە قارىتا، خوتەن رادىئو ئىستانسىسىنى قۇرۇش ھەقىقەتەن زۆرۈر. بۇ ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا 2 مىليون يۈەن كېتىدۇ، دەسلەپكى قەدەمدىكى قۇرۇلۇشىمۇ بىر مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بۇ تۈرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ بولدى، مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن يولغا قويغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، 637- ئىستانسىسى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پىلانلىنىۋاتىدۇ. 637- ئىستانسا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۈچ يۈرۈش پروگراممىسىنى ئۇلاپ تارقىتىشقا مەسئۇل. بۇ ئىستانسا 1963- يىلى 7- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ 40 يىل بولاي دەپ قالدى، بۇ ئىستانسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تور لېنىيىسى كونىراپ كەتكەن بولۇپ، قۇۋۋىتى تۆۋەن، چاتاق چىقىپلا تۇرىدۇ، تېزدىن ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىلى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

4. خوتەن ۋىلايىتى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر

خوتەن ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان، چەت ياقىدىكى نامرات ۋىلايەت، يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە (شەھەر)، ئىقتىسادىي ئاساسىمىزنىڭ ئاجىز بولۇشى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى، دۇچ كەلگەن ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ، بۇلار ئاساسەن:

(1) چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن سىڭىپ كىرىشىنى كونترول قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرىنى مەنئىي قىلساقمۇ توگىمەيۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۈنۈم ئىنتايىن ئاز بولدى.

(2) يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى جىددىي مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ. مەبلەغ سېلىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، يېزا، كەنتلەردىكى ئەسلىدە بار بولغان رادىئو ئۆيىدىن باشقا، مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا ئۆزىنىڭ نورمال رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ، بىر قىسىم ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى يوقاپ كېتەي دەپ قالدى.

(3) قاراتمىلىقى بار ئۆگىنىش، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى يېتىشمەيدۇ، ئاساسىي قاتلامدا كەنت دەرىجىلىك تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاتسىزلار، يېرىم ساۋاتسىزلار مەلۇم نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەن، توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ نورمال بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تېلېۋىزىيە، رادىئو پروگراممىلىرى نورمال بېرەلمەيدۇ، سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاممىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش خىزمىتىگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

5. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئالاھىدە ئەھۋالغا قارىتا بىر نەچچە پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىمىز

بىرىنچى، چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «ھاۋادىن سىڭىپ كىرىش»گە قارىتا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ تېخنىكا ۋاستىسى (مەسىلەن، قالايمىقانلاشتۇرغۇچى ئىستانسىسىنى تەسىس قىلىش) ۋە دىپلوماتىيە ۋاستىسى بىلەن توسۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋىلايىتىمىزگە بولغان تەسىرىنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېگرا سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل دىني كىتاب - ژورنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنىڭ مەنبىيىنى توسۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئىككىنچى، چېگرا سىرتىدىكى دىني تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قاتتىق كونترول قىلىش، قاتتىق تەكشۈرۈش، چەت ئەلگە چىقىدىغان، ھەجگە بارىدىغانلارنى ئازايتىپ، چەت ئەلدىن كېلىدىغان تەسىرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشتەك ئالاھىدە ئەھۋالغا قارىتا، خوتەننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ۋە بۇ ساھەنى يۆلەش تەكلىپىنى بېرىمىز. بۇلار ئاساسەن:

1. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىپ، بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە خوتەن يېزىلىرىدىكى مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۆيلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ھەر يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن خوتەنگە قەرەللىك ھالدا ئىككى مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش، يەتمىگەن قىسمىنى خوتەن ۋىلايىتى ۋە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجە

ئۆزى تەييارلاپ ھەل قىلىپ، يېزا، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۆيىنى ئوقتىلىق ياخشى قۇرۇش.

2. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىي كىتاب ـ ژورنال، ئۈن ـ سىن بويۇملىرىنى ھەقسىز تارقىتىشىدەك ئەھۋالغا قارىتا، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۈركۈم ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ۋە ئېسىل ئۈن ـ سىن بويۇملىرىنىمۇ (ئاساسلىقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى) ھەربىر يېزا، بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، ئاھالىلەر كومىتېتلىرىغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز.

3. ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن يۆلەپ، ئاپتونوم رايوندا نەشر قىلىنغان ئاساسلىق گېزىت ـ ژورنال، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، ئۈن ـ سىن بويۇملىرىنىمۇ (ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى) خوتەننىڭ ھەربىر يېزا ـ بازارلىرىغا، مەھەللە ئىش باشقۇرمىسىغا ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىغا، ئاھالە كومىتېتلىرىغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

4. خوتەننىڭ خوتەن خەلق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى قۇرۇپ، تەڭشەلمە چاستوتىلىق تارقىتىشقا مەبلەغ سېلىشنى تەكلىپ قىلىمىز. بۇنىڭغا تەخمىنەن بىر مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ.

5. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تېزدىن ماسلاشتۇرۇپ خوتەننىڭ 637ـ ئىستانسىسىنى ئەسلىدىكى ئورنىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ئۈسكۈنە ۋە قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان بىر مىليون يۈەننى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئېدېئو- لوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا، پارتىيىنىڭ بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرمۇنچە ساھە بىلەن ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇردۇق، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم ئوبلاستىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق. 1998- يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 631 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 47 مىليون 190 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 35 مىليون 100 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرغان «ئىككى باج» 12 مىليون 90 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 17.71% ئاشتى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 160 مىڭ

تونىنغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %4.3 ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى؛ تاشقى سودىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 51 مىليون 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 11 مىليون 920 مىڭ دوللار كۆپىيىپ، %30.23 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت 39 مىليون 260 مىڭ دوللار بولۇپ، %37.85 ئاشتى؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1100 يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 80 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىقتىساد راۋاجلانغان، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلىرى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلگەن، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، تىنچ بولغان، خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بەزىدە كۆتىرىلىپ، بەزىدە پەسىيىپ قالسىمۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ گاھىدا بولۇپ، گاھىدا بولماي قالمايدۇ، بەلكى ھەر ۋاقىت توختاپ قالمايدۇ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئىزچىل تۈردە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي تېما بولۇپ كەلدى. ئۆزاقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن 1990- يىلدىكى «5- ئاپرېل» قوراللىق توپىلاڭ تىنچىتىلغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى ئىجابىي تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ھەر مىللەت خەلقى «ھەممىنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇش» توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى، «تۆت ھەممە ئادەم» ، «بەش ئۆزئارا» ، «ئۈچ ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. مۇقىملىقنى ئويلاپ ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش،

تەرەققىياتقا تەلپۈنۈش ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئايلىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش كەڭ ئىجتىمائىي ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە بولدى.

لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، تارىخىي، جۇغراپىيىۋىلىك، تەبىئىي قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالدى، ئوبلاستقا قاراشلىق ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيە (شەھەر) . بىر قىسىم ئامما يەنىلا نامراتلىق چېكى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبلاستىمىز جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە چەت چېگرا رايونغا جايلاشقان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نىسبىتى زور بولغاچقا، بۇ چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر دىققەت قىلىدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان نۇقتىلىق رايون بولۇپ قالدى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

### 1. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئاساسىي ئېقىمى

1) تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، خەلق ئاممىسىنى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە توغرا ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىشنى نۇقتا قىلىپ، پارتىيىنىڭ

تەشۋىقات ئاپپاراتىنى تولۇق قوللىنىپ، جەمئىيەتتىكى توغرا كەيپىياتنى، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنى، يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك تىكلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇردى. نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتىنى، ھالقىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا، بولۇپمۇ ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشتىكى ھالقا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ساپاسى بىلەن خىزمەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، شۇنداقلا ئىزچىل تۈردە بۇ خىزمەتنى پارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەت قىلىپ چىڭ، ياخشى تۇتۇشتا. 1998- يىلىدىن 1999- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم تەشۋىقات، تەشكىلات تارماقلىرى ئوبلاستلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتىيە مەكتەپلىرىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتلىق نەزەرىيە تەربىيىلەش كۇرسىدىن جەمئىي 11 قارار 24 سىنىپ ئاچتى، ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن جەمئىي 480 كىشىنى (ئوبلاست بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن تەخمىنەن 530 كىشى بار) يېزا بۆلۈم دەرىجىلىك كادىردىن 280 دىن كۆپرەك كىشىنى تەربىيىلىدى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپلىرى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىردىن 4500 ئادەم قېتىم تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) گە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى چوڭ سىستېمىلار، ئورۇنلار 15—30 كۈنگىچە بولغان نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى، ئوبلاست بويىچە 3200 نەپەر ئورگان خىزمەتچىسىنىڭ ۋە 4000 دىن كۆپرەك كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسىنىڭ 85% تىن كۆپرەكى بۇ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە قاتناشتى. تەربىيىلەش ۋاقتى، كۆلىمى مەزمۇنى، ئۇنۇمى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

2) مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئوبلاستلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك مەدەنىيەت تارماقلىرى تۈرلۈك

قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىزمنى مەدھىيىلەيدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى، ئوبلاستلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك ناخشا - ئۇسسۇل (سەنئەت) ئۆمەكلىرى يىل بويى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈرۈپ ئويۇن قويدى. ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىجاد قىلىپ ئوينىغان چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم بېيجىڭغا، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايوندىكى قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يۇكسەك باھاسىغا شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3) رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىلگىرىكى بىر خىللا سىملىق رادىئو بولۇشتىن ھازىرقى سىملىق رادىئو، تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو، سىمسىز تېلېۋىزىيە، سىملىق تېلېۋىزىيىگە تەرەققىي قىلىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سىمسىز ۋە سىملىق بىرلەشتۈرۈلگەن رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلاش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. رادىئو - تېلېۋىزىيەنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى (نەزەرىيە جەھەتتىن قاپلاش) ئايرىم - ئايرىم ھالدا 80%، 85% بولدى، 1998- يىلى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رادىئو - تېلېۋىزىيىنى «ھەممە كەنتلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىسىدا، بىرىنچى تۈركۈمدە ئوبلاستىمىزنىڭ 17 يېزا (بازىرى) غا بېرىلگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى قۇراشتۇرۇلۇپ نورمال ئىشلىتىلىپ «ھەممە يېزىغا تۇتاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. ئىككىنچى تۈركۈمدە ئوبلاستىمىزنىڭ 16 يېزا، 64 كەنتكە بېرىلگەن

تېلېۋىزىيە ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلىشىپ «ھەممە كەنتكە تۇتاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىۋاتىدۇ. چەت، يىراق تاغلىق رايونلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تېلېۋىزور كۆرەلمەسلىكتەك قىيىنچىلىق تۈپتىن ھەل قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

4) مائارىپ سىستېمىسى مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ئىدىيىۋى تەربىيىنى مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، بولۇپمۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا، تۈرلۈك پەنلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. جانلىق، ئېنىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇش، سان - سىفىرلارنى سېلىشتۇرۇش، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىز تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىدىكى قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. سىياسىي دەرسى بىلەن ئىدىيە - ئەخلاق دەرسىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشتىن كونسۇلتاتسىيە بېرىپ، دىنىي ئېتىقاد، ئاتېئىزم، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى قاتارلىقلاردىن لېكسىيە بېرىپ، ئۇلارنى توغرا دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش، مەدەنىيەت قاراش تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى قۇرۇلۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. تۈرلۈك مەكتەپلەر سىياسىي شەرتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىششقا رۇخسەت قىلماسلىق، سوتسىيالىزمنىڭ دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ

بۆلگۈنچىلىككە ئائىت سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، ئوقۇغۇچىلارنى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ۋە دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشقا قۇترىتىش ۋە مەجبۇرلاشقا يول قويماسلىق، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بايقالغان ھامان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن قەتئىي چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چىقاردى.

5) پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. دىن مەسىلىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ھەمدە ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاتۇش شەھىرى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى دىنىي كەيپىيات بىرقەدەر قويۇق، ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن ئاقچى ناھىيىسىدىكىلەرنىڭ دىنىي ئېڭى بىرقەدەر سۇسراق. نۆۋەتتە ئوبلاست بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 1448 ى، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىمدىن 1512 سى بار. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش قانۇن - تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇش يولىغا ئاساسەن ماڭدى. بولۇپمۇ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن «5- ئاپرېل» قوراللىق توپىلىڭدىن كېيىن، ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ۋە بىرلىكسەپ، دىن باشقۇرۇش تارماقلىرى پۈتۈن ئوبلاستتىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كۆپ قېتىم ئىنقىلاپ تەرتىپكە سالدى، تەستىقلاتماي ئۆز ئالدىغا ھەشەمەتلىك بېزىگەن ياكى كېڭەيتىپ سېلىۋالغان مەسچىتلەرنى ۋاقتىدا بۇزىۋەتتى؛ بۆلگۈنچىلىك سۆز - ھەرىكەتلىرىنى قىلغان بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمامىنى ئالماشتۇرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ۋە قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ئوبلاست دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن جەمئىي 18 قارار ئېچىپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى چوڭ - كىچىك

مەسچىتنىڭ ئىماملىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قېتىمدىن تەربىيىلەپ چىقتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئوبلاستىمىزدىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغانلىقى، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ ھەممە قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى، قائىدە - نىزاملىرى يول قويغان دائىرىدە پائالىيەت قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئىگىلىدۇق.

6) مەركەزلىك تۈزەش بىلەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئىدىيىۋىي ساھەدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى بولۇپ قالدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇش جەريانىدا مەركەزلىك تۈزەش، نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ «تۆتنى بىر گەۋدە قىلىپ» تەڭ قەدەمدە ئېلىپ باردى. ھەر يىلى سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، كەسپكە پۇختا، ئىستىلى دۇرۇس بولغان 1600 نەپەر ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت ئورگان كادىرىنى يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئاجراتتى، ئۇلار ھەم مەركەزلىك تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، ھەم نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئاكتىپلىرى بولدى، ھەم مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەشۋىقاتچىسى، ھەم ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنىڭ جەڭگىۋار ئەزاسى بولدى، بۇنىڭ بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تەڭ قەدەمدە

راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقان - چارۋىچىلار ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىسى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلدى. بولۇپمۇ مەركەزلىك تۈزەش ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش ئېڭى روشەن كۈچەيدى. مەسىلەن، 1998- يىلى 6- ئاينىڭ 12- كۈنى ۋە 8- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى بىلەن پىلال يېزىسىدىكى دېھقان ئامما جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەلۇم قىلدى، كېيىنچە خەلق ساقچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى، نەچچە يۈز ئامما، مەركەزلىك تۈزەش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنغان مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن جەمئىي 11 نى تۇتتى. 1999- يىلى 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسى قىزىلتۇ يېزىلىق ساقچىخانا چارۋىچىلار مەلۇم قىلغان 8 ئەر، چۈمپەردە تارتىۋالغان 3 ئايالنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن كېلىپ قىزىلتۇ يېزىسىنىڭ ئۇردولۇڭزو كەنتىگە يىغىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىنتايىن گۇمانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ساقچىخانا دەرھال ساقچىلارنى تەشكىللەپ، شۇ جايدىكى خەلق ئەسكەرلىرى، چارۋىچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنغان 11 ئادەمنى تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئىقرارىغا قارىغاندا، بۇ 11 ئادەمنىڭ چەتكە قېچىشتىكى مەقسىدى «دىنىي ئەركىنلىك» ئىزدەش ۋە بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئىكەن. بۇ، بىر نەچچە يىلدىكى تەربىيە ئارقىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىمىزدا بىرقەدەر كۈچلۈك ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

7) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋىي تەشكىلاتلارنىڭ رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە پائال قاتنىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا دىققەت قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى مۇلازىمەت قىلىش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىدىكى كۈچلەرگە تايىنىپ ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەردە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزدى، بۇنىڭ بىلەن ياشلار ئۆزى ھەق - ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنى ئايرىيالايدىغان، يامان ئادەملەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلمەيدىغان بولدى. ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەنرەك، ئەنئەنىۋي قاراش ئاسارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى چوڭقۇرراق، ئائىلە تۇرمۇش يۈكىنىڭ خېلى ئېغىرراق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىگە قارىتا «ئاياللار تۆھپە يارىتىش»، «ئۆچتە ئۆگىنىپ، ئۆچتە بەسلىشىش»، «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش»قا ئوخشاش ساغلام، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى شەيئىلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدۇرۇپ، كونا قائىدە - يوسۇن ۋە يامان ئادەتلەرنى ئاڭلىق ھالدا تاشلايدىغان قىلدى.

## 2. ساقلىنىۋاتقان ئاجىز ھالقىلار

20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىغا كىرگەندە، خەلقئارادىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بارغانسېرى جانلاندى، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن

كۆچلەر «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئاستىدا تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق زوراۋانلىق - تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەتىنىمىز غەربىي قىسىم چېگرىسىغا جايلاشقان، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، چەتكە تۇتىشىدىغان تاغ ئېغىزلىرى كۆپ بولۇپ يەر شەكلى مۇرەككەپ، ئىزچىل تۈردە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ئالدىنقى سەپ بولۇپ كەلدى. سوبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىرمۇنچە ئاجىز ھالقىلار ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلار ئاساسەن مۇنۇلار:

1) ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىدە «ئۇزۇلۇپ قېلىش» قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان كوللېكتىپ ئوبيېكتلارغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قانداق ئىشلەش، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقان . چارۋىچىلار ئاممىسىغا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ بىۋاسىتە ئۈنۈملۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇشكۇل ھەم جىددىي ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك يېڭى تېما. بۇ جەھەتتە يەنە قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە خادىملار ساپاسىنىڭ چەكلىمىسىگە خېلى زور دەرىجىدە ئۇچراۋاتىمىز، بولۇپمۇ چەت، يىراق يېزا، كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى دائىم، ئومۇمىيۈزلۈك، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشلەش تەسكە توختاۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «بوشلۇق» ئاسانلا شەكىللىنىپ، بۆلگۈنچى ئەكسىيەتچىل ئىدىيە - نەزەرىيىگە ۋە دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئاسانلا پۇرسەت يارىتىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

2) رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچراپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەممە ئائىلىگە بىلدۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ. 90- يىللارغا كىرگەندىن

بۇيان، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى سۈنئىي ھەمراھدا يەتكۈزۈشكە ئەگىشىپ، يەتكۈزۈش ۋاسىتىلىرىمىزنى بارغانسېرى ئىلغار بولدى دېيىشكە بولاتتى، لېكىن بۇنى ئاڭلايدىغان ئاممىنىڭ سانى ۋە قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى ئەكسىچە ئاجىزلاپ تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭدا رادىئو ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا قۇرغان ئىستانسىلىرىنى ئەسلىدە ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرغان چاغدا تارقىتىش قۇۋۋىتى زور، قاپلاش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى ياخشى ئىدى. لېكىن جايلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، تارقىتىش قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت، يىراق تاغلىق رايونلىرىدىكى رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئىنتايىن قىيىن. لېكىن چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تەسىس قىلغان رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ مەسىلەن «ئامېرىكا ئاۋازى» ، «ئەركىن ئاسىيا» رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىقلارنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، ئادەتتىكى رادىئودىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار چېگرا ئىچىدە تارقالدى ۋە تەسىر پەيدا قىلدى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بەزى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرى ئاتۇشتىكى 8108 ئىستانسىسى بىلەن ئاقچىدىكى 8109 ئىستانسىسى ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئىستانسىنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى 100 ۋات، يەنە كېلىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم يېزا - بازارلىرى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يېزا - بازارلىرى پەقەتلا رادىئو ئاڭلىيالمايدۇ. كۆپ قىسىم دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرغىزىستاننىڭ رادىئو پروگراممىلىرىنى ۋە باشقا رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزدە ھازىر

بار بولغان رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىلەش فۇنكسىيىسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. 1998- يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە رادىئونى تاللىشىپ سېتىۋېلىپ چېگرا سىرتىدىكى تەشۋىقاتنى ئاڭلاش ئەھۋالى يۈز بەردى.

3) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھادىسىسى تۈپتىن توسۇپ قېلىنمىدى. تەھلىل قىلغاندا بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى: بىرىنچى، ئىدىيە جەھەتتىكى سەۋەب. ئاز بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىگە كىرگەندە پەقەت تەشكىلىي جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىپ، لېكىن ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە ھەقىقىي كىرمىگەن، ئۆزىنى ئادەتتىكى ئامما بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئىككىنچى، مۇھىت سەۋەبى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت مۇرەككەپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، «بۆلۈۋېتىش»، «غەربلەشتۈرۈش»نى، بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى چىرىتىش ۋە ئىگىلەشنى ئىزچىل تۈردە توختاتمىدى. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي سەۋەب. دىنىي كەيپىيات قويۇق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاتېئىزم» تەربىيىسى تەشۋىقاتىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار تەرىپىدىن دائىم يېتىم قالدۇرۇلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا باشقىلار تەرىپىدىن مەسخىرە، تىل - ئاھانەتكە قېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى زور ئىجتىمائىي بېسىمغا ۋە روھىي بېسىمغا دۇچار قىلىۋاتىدۇ. تۆتىنچى، تونۇش جەھەتتىكى سەۋەب. ناھايىتى كۆپ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ، جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە، دىنىي پائالىيەت بىلەن ئۆرپ - ئادەتكە بولغان چۈشەنچىسى مۇجمەل، قايسىلىرى دىنىي پائالىيەت، قايسىلىرى مىللىي ئۆرپ - ئادەت، قايسىلىرىغا قاتنىشىشقا بولىدۇ، قايسىلىرىغا قاتنىشىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى

تونۇشى مۇجمەل. بەشىنچى، يېزىلاردىكى بىر قىسىم «ئۈچ پىشقەدەملەر» پىشخىنىڭ تەشۋىقلىقىنى يوقىتىپ، پارتىيە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلساقمۇ، دىنىي زاتلارچىلىك تەمىناتقا ئىگە بولالمىدۇق، يەنىلا دىنغا ئېتىقاد قىلغان تۈزۈككەن دەپ قارىغان. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنمىغاچقا ئاممىۋى ئارىسىدا مەلۇم سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى.

4) ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋي تەربىيىدە يوچۇقلار ساقلىنىۋاتىدۇ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلۈپ قالدى. بەزى دىن تارقاتقۇچىلار دائىم تەتىل بەزگىلىدىن ياكى كەچتە ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ئېچىشتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دىن ئۆگىنىشكە كۈشكۈرتكەن. مەسىلەن، ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى ئازغان كەنتىدىكى ياسىنجان قارى 1997- يىلى ئۆز ئۆيىدە بىر قېتىمدىلا 14 — 17 ياشقىچە بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 17 بالىنى تەربىيىلەپ، تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپتە تارقىلىشى، يامرىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇنىڭدەك ئىنتايىن ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل شوئار يېزىش، چاپلاش، بىر قىسىم ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن قېلىپ دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىش، روزا تۇتۇش قاتارلىق دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، خەنزۇ يولداشلارنى تىللايدىغان، ئۇرىدىغان، بۆلگۈنچىلىككە ئائىت ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۈرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە، دىنغا ئائىت گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى «ناماز» ئوقۇشقا، «ئىمام» بولۇشقا يېتەكلەيدىغان، مەجبۇرلايدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى.

5) دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى تولۇق ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ھازىر بار بولغان دىنىي باشقۇرۇش

خىزمەت قوشۇنىدا ئادەم ئاز بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىلار كۆپ بولۇش، كەسپى ساپاسى يۇقىرى بولماسلىق، دىن بىلىملىرى كەمچىل بولۇش، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئىگەللىگەنلەر ئاز، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قانۇن بويىچە مەردانىلىك بىلەن دادىل باشقۇرماسلىق، باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك، ياكى دىنىي زاتلارغا ھەددىدىن زىيادە يۆلىنىۋېلىشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوچۇق تېپىپ، ئۆز ئالدىغا يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بىز بىلەن ئىزباسارلارنى تالاشتى، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ «غازات» قىلىشقا قۇتراتتى.

6) چېگرا باشقۇرۇشتا يەنىلا يوشۇرۇن ئاپەتلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ قورال، ئوق - دورا، تېررورچىلارنى يەتكۈزۈش، ئاخبارات يوللاش قاتارلىق تەرەپلەردىكى سىڭىپ كىرىش سالمىقى جىددىيلىشىۋاتىدۇ. چېگرا ئىچىدە بولسا بىرىنچىدىن چېگرا لىنىيىسىز ئۇزۇن، چەت بىلەن تۇتىشىدىغان ئېغىزلىرىمىز كۆپ؛ ئىككىنچىدىن، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، ئادەم شالاڭ؛ ئۈچىنچىدىن، ئېغىزلاردىكى مۇھىم قاتناش يولى ئۇزۇن، توختاپ قالغان ماشىنىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ تۆتىنچىدىن، تەكشۈرۈش مۇئەسسەسەلىرى، ۋاستىسى ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئېغىر يوچۇقلار ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1997- يىلىدىن 1998- يىلىغىچە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئېغىز ئارقىلىق ئوغۇرلۇقچە قورال يۆتكەش دېلوسىدىن 8 نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوغۇرلۇقچە چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئىنتايىن زور قۇتراتقۇلۇق ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بويۇمىدىن ۋە قانۇنسىز دىنىي كىتاب - ژورنال، ئۈن - سىن لېنتىسى، لازېر نۇرلۇق دىسكا قاتارلىقلاردىن ئون نەچچە دېلونى تەكشۈرۈپ قولغا

چۈشۈردى. دۈشمەن كۈچلەر خىلمۇ - خىل يوللار ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى ئامما ئارىسىغا تارقاتتى ۋە تەسىر پەيدا قىلدى.

## 3. قارشى تەدبىرلەر

1) يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، قاتلاملارنى ئېنىق ئايرىپ، ئوبيېكتنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ بەدئىيلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە، قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش. رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئادەتتىكى كادىرلار، پارتىيىلىك كادىرلار بىلەن ئادەتتىكى ئامما، پارتىيە ئىچىدىكىلەر بىلەن پارتىيە سىرتىدىكىلەرگە قارىتا تەلەپ ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئاز - تولا پەرقلىق بولۇش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن سىڭدۈرۈش بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش يېتەكلەشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىلغارلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن كەڭ دائىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ماھىرلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، ھېسسىياتمۇ، قائىدىمۇ بولۇش، ھېسسىيات بىلەن قائىدىنى بىرلەشتۈرۈش، كىشىلەرنى ھەققانىيەتنىڭ كۈچى بىلەن قايىل قىلىش، ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ھاياجانلاندۇرۇش، كىشىلىك پەزىلەتنىڭ كۈچى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش، تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەش كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئامما ياقتۇرىدىغان پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنى ئاڭلىق قاتنىشىش جەريانىدا بىلىندۈرمەي تەربىيىگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆز ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىدىيە ئەھۋالىنى، مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش نۇقتىسىنى ياخشى تاللاپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىش كېرەك.

يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشنى تېزلىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش كېرەك. يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرى، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەشتىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ۋە سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئادەم تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى پۈتكۈل جەريانغا سىڭدۈرۈش كېرەك. مەكتەپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىبىل ئوقۇتۇش ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلى، مەكتەپ ئىستىلى ۋە تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ئارقىلىق، ئادەم تەربىيىلەشنىڭ ياخشى مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتىكى ئۆزىگە خاس رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

2) دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش. پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ھەر يىلى چەكلىك مەبلەغدىن بىر قىسىم مەخسۇس خىراجەتنى ئاجرىتىپ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپ، يېزا، كەنتلەردە ئۆگىنىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدە قىلىنغان بىر تۈركۈم ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى تېزدىن «ھەممە كەنتكە ئۇلاشتۇرۇش»، ھەممە ئائىلىگە ئۇلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىسىنىڭ ئىجتىمائىي

تەربىيىلەش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئاممىنى نەپىس مەدەنىيەت بىلەن تەربىيىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ساداسىنى ھەربىر كەنتكە تېز، ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك گۈللىرىنى ھەممە يەردە ئېچىلدۇرۇش كېرەك. يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بىرلا خىل، نامرات ياشاش ھالىتىنى زور كۆچ سەرپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

3) ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. دىنىي ئەسەبىيلىككە قاتناشقان ۋە قۇتراتقان، دىندىن پايدىلىنىپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك. كوممۇنىستىك ئېتىقادىنى يوقىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى پائال تەشكىللىگەنلەرنىڭ ياكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىم بولۇۋالغانلارغا قىلمىشىغا قاراپ پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش؛ تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى نەسىھەت قىلىپ پارتىيىدىن چېكىندۈرۈش كېرەك. كوممۇنىستىك ئېتىقادى تەۋرىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قىزغىن بېرىلىپ كەتكەنلەرگە تەنقىد - تەربىيە بېرىپ، ئۆزگەرىش ئىرادىسى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسى بولسا ئۇلارنىڭ تۈزىتىشىگە سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىش كېرەك. دىنىي قاراشنىڭ تەسىر بىلەن جەمئىيەت، ئائىلىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، ئادەتتىكى خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، لېكىن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلالايدىغان، پارتىيە ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت

قىلغانلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە دىننىڭ تەسىرىدىن ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئاتېئىزمنى قەيسەرلىك بىلەن قوغدىغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ توغرا سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئاممىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە قانۇنسىز دىني ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ھەر يىلى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر تويلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى ئىچكى جايلاردىكى ئىقتىساد تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈشكە ئاپىرىپ نەزەر - دائىرىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى بىلەن ئەتراپتىكى ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دىني ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جان - دىلى بىلەن ئىقتىسادنى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشنى تۇتىدىغان قىلىش كېرەك.

4) ھەقىقىي تۈردە ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ «ھاۋاسى»نى ۋە ئوقۇغۇچىلار روھىنى ساپلاشتۇرۇش. كېيىنكى ئەۋلادلارنى تالىشىش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. بۇنىڭغا قارىتا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇشكۈللىكىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەكتەپلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ۋە سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش

ۋە پاكلاشتۇرۇشتىن باشلاپ ئىشلەپ، مەكتەپنىڭ ھاۋاسىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن، بالىلاردىن باشلاپ تۇتۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ۋە ماركسىزملىق ئاتېئىزم تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىپ، توغرا ئىدىيە - نەزەرىيە، ئالىيجاناب ئەخلاق قارىشى، ساغلام ئىجتىمائىي ئاڭ بىلەن مەكتەپنى ئىگەللەش، ئوقۇغۇچىلارنى قوراللاندۇرۇش، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش كېرەك.

5) دىنىي ئىشلارنى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە دىنىي خادىملارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، جىنايى ئىشلارغا زەربە بېرىش فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. مىللەت، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دائىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، قاراتمىلىقى بار تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ، دىن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ دىن باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۆز ئالدىغا ئاچقان دىنىي مەكتەپلەرنى، تەپسىر ئېيتىش ئۆيلىرىنى، چامباشچىلىق مەشىق ئورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى نۇقتىلىق مەسچىتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، بىر ئەرسىنىمۇ تاشلاپ قويماي،

دۈشمەن كۈچلەرگە پايدىلىنىدىغان پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

6) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر، بۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتىن چىقىرىلغان توغرا يەكۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ئىزچىل تۇردە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، تەكشۈرۈش، تىزگىنلەش، زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، ئىزچىل تۇردە «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، دۈشمەنگە بىرىنچى بولۇپ قول سېلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كېلىمات بولۇپ شەكىللىنىپ، مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

7) يوشۇرۇن سەپتىكى كۈرەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاخبارات، ئۈچۈر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك. چېگرا ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، رايون ھالقىپ ھەرىكەت قىلىش، ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزنىڭ مۇھىم تارماقلىرىمىزغا سىڭىپ كىرىپ پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، مەخپىي كۈچ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك. دۆلەت بىخەتەرلىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، كۆپ قاتلاملىق ئاخبارات، ئۈچۈر تورىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەزگۈر بولغان ئاخبارات، ئۈچۈر تورىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بايقاش، رازۋېدكا قىلىش، تىزگىنلەش

ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، توغرا ئاخبارات ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، دۈشمەن ھەرىكەت قىلسىلا بىز بىلىدىغان، دۈشمەنگە بىرىنچى بولۇپ قول سېلىشتەك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگەللەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستى، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا تارمار قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلاش باسقۇچىدىلا يوقىتىش ـ كونترول قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

8) خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر ياقلىق قىلىپ، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر ئاساسى خەلق. جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر ياقلىق قىلغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئۇدا مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، بىخ ھالىتىدە يوقىتىپ، تىرىشىپ زىددىيەتنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىشى، ھەرگىزمۇ قالايمىقانچىلىق چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قايسى رايون، قايسى تارماق، قايسى ئورۇندا مەسىلە سادىر بولسا شۇ رايون، شۇ تارماق، شۇ ئورۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلىشقا ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇشى، باش تارتماسلىقى، قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلماسلىقى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى ياكى زىددىيەتنى يۇقىرىغا ئىتتىرىپ قويماسلىقى لازىم.

# نۆۋەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى تەدبىرلەر

## ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتى بىر قەدەر چېكىدىن ئاشقان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى، 80- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 90- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى، بۇ مەسىلىلەر ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بارغانسېرى تەسىر يەتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى بارغانسېرى قوزغىدى. شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋىلايىتىمىزدىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى ئوبيېكتىپ، توغرا تەھلىل قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ مۇناسىپ تاكتىكىسىنى تەڭشەش ۋە تۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم.

مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، تاكتىكىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ تۇردى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە

ئىگە:
بىرىنچى، ئالدامچىلىق خاراكتېرى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر دائىم «مىللەت»، «دىن» ھەتتا «كىشىلىك ھوقۇق» تونىغا ئورنىۋېلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بولۇپمۇ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىشقا، ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى جېدەل تېرىشقا، ھەتتا ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشقا قۇترىتىشقا؛ قانۇنلۇق دىنىي سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، دىنىي قائىدىلەردىكى تەلەپلەرنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئاممىغا مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلانغان دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلدۇرۇش ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى تېزگىنلەپ ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى ۋەتەنگە ۋە قېرىنداش مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئەكسىيەتچىل «غازات» قىلىش تويۇق يولىغا باشلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىككىنچى، بىرلەشمە خاراكتېرى. چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆز كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تارقاق، ئايرىم - ئايرىم بولۇشتىن بىرلىشىپ بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ ماڭماقتا. شىنجاڭ ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن بىرلىككە كەلگەن سىياسىي ئىتتىپاقنى تۈزدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ زىچ ماسلىشىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات، شايكىلار تەدرىجىي ھالدا

«ئاللاھ پارتىيىسى»گە يېقىنلىشىپ، توپلىنىپ بىرلىككە كېلىش يولىغا ماڭماقتا. جىنايەتچىلەر تەشكىلاتلىرى «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» (نىشاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاساسىي قانۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، شوئارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش)، ئاساسىدا ھەرىكەت قىلمىۋاتىدۇ. 1996- يىلىدىن بۇيان «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيىسى» ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان «10- فېۋرال»، «22- مارت»، «27- مارت»، «29- ئاپرېل»، «15- ئىيۇل» قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى ئىلگىرى - كېيىن پەيدا قىلدى. 1997- يىلى ئۇلار يەنە ۋىلايەت تەۋەلىكىدە تەسىرى زور بولغان «13- ئاۋغۇست»، «28- سېنتەبىر»، «6- نويابىر» پەۋقۇلاددە زور قاتىللىق دېلولىرىنى پەيدا قىلدى. باشقا رايونلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئۇرۇش، چېقىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى، ئۈرۈمچىدىكى بىر قاتار پارتلىتىش دېلولىرىنى پەيدا قىلدى. يۇقىردا ئېيتىلغان بۇ بىر يۈرۈش بۇلاش، پارتلىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قىلغان. ھازىر ۋىلايەت بويىچە «ئاللاھ پارتىيىسى»نىڭ 127 ئەزاسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئۇلار ۋىلايەتنىڭ سەككىز ناھىيىسى، بىر شەھىرىگە تارقالغان بولۇپ، ھەربىر ناھىيە (شەھەر) دە تارماق بۆلۈم قۇرغان، ھەممىسى تېررورلۇق پىلانى تۈزگەن بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى جىنايەتچىلەر تەشكىلاتلىرى تارقاق بولۇشتىن بىرلىشىشكە يۈزلىنىپ، جىنايى ھەرىكەتلەرنى نۇقتىدىن پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتتى.

ئۈچىنچى، ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقى. نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى يەنىلا زوراۋانلىق قىلىش ۋە غەيرىي زوراۋانلىق قىلىش شەكلىدە تەڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل ئىدىيە، قاراشلارنى ئويدۇرۇپ بازارغا سالدى. ئاساسلىقى مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ

5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىگە قارىتا، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى «مەخسۇس دىن ساھەسىدىكىلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ھۆججەت» دەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىچكىرىدىن ياكى بىكىتۆەندىن بىر قىسىم كادىرنى يۆتكەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن چۈشۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى كەنت كادىرلىرىنى ھەتتا كىچىك ئەترەتلەرنىڭ كادىرلىرىنىمۇ خەنزۇلارغا ئالماشتۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى دەپ بۇرمىلاپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش كەيپىياتىنى قوزغىتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ۋاستە تاللىماي مەبلەغ ۋە قورال توپلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەربىي مەشىق قىلىشىنى كۈچەيتىپ، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى كۆپلەپ پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلى ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچىدىن، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىش، سىياسىي دېلو بىلەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەڭ پەيدا قىلىش ئارقىلىق بولدى، جىنايەتچىلەرنىڭ تاپشۇرىشىچە، «بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىشتىكى مەقسەت ئاللاھ پارتىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا مەبلەغ توپلاپ، ھەرىكەت قىلىشقا، قورال سېتىۋېلىشقا خىراجەت يىغىش» ئىكەن. ئىككىنچىدىن، سودا قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ئىشلارنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەش، كۆرۈنۈشتە سودا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئاستىرىتتىن سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق مەبلەغ توپلىدى، ئۈچىنچىدىن، ئىئانە توپلاپ، دىنىي ئۆشرە - زاكات يىغدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر قورال توپلاشتا ئاساسلىقى ئىچكى جايلارغا بېرىپ قورال سېتىۋالدى ياكى زورلۇق ئىشلىتىپ بۇلىدى، ئوغرىلىدى، ياكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنىڭ پارچە زاپچاسلىرىنى ئۆزلىرى ياسىدى، ياكى چېگرا سىرتىدىن ئوغرىلىقچە توشۇپ كىردى. ئۇلار مەبلەغ ۋە قورالغا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتالمىش «سەرخىللار»نى كۈچەيتىپ مەشىق قىلدۇرۇش مەقسىتىدە -

ئۆگىنىش، چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىش نۇقتىلىرىنى ئاچتى. 1999 - يىلى، ۋىلايىتىمىز قانۇنسىز چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىش نۇقتىسىدىن 15 نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەشىققە قاتناشقان 190 ئادەمنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، زور مىقداردىكى مەشىق قىلىش سايمىنى ۋە قورال - ياراغنى ئۇلجا ئالدى.

تۆتىنچى، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ھەربىيلەشتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ دەرىجىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار خىراجەت، خادىمدىن قورال - ياراغقىچە تەدرىجىي قوراللىنىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى قوراللىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بىز تەرەپتىن قوغلاپ تۇتۇشقا دۇچ كەلگەن ھامان قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەرقايسى جىنايەتچىلەر شايكىلىرىنىڭ ھەممىسىدە قورال - ياراغ، ئوق - دورا بار بولۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مەخپىي ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلغان. تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىمۇ مەقسەتلىك، پىلانلىق تەشكىللىك، قەدەم - باسقۇچلۇق بولۇۋاتىدۇ.

بەشىنچى، جىنايەت ۋاستىسى قەبىھلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى، جىنايەت ۋاستىلىرى تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ قەبىھ بولدى. ئۇلار قوللانغان ئاساسلىق ۋاستە: بىرىنچىدىن، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈپ خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنى قورال كۈچى بىلەن قورقۇتۇش ۋە كونترول قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتا «كۆۋرۈكنى بۇزۇش»، «كۆۋرۈكنى پارتلىتىش» ھەرىكەتلىرىنى تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن، پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنى قورقۇتۇش، ئۇلارغا تەھدىت سېلىش، دىنىي زاتلار بىلەن پارتىيە ۋە خەلق

ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلىپ، دىنىي زاتلارنى ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يېتىش؛ ئۇچىنچىدىن، تۈرمىلەردە توپلاڭ كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى، ئىجتىمائىي تېررورلۇق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، كەڭ ئاممىنى، بولۇپمۇ خەنزۇلار ئاممىسىنى ئەندىشىگە سېلىشتىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، ھەرىكىتى خەلقئارالاشتى، ئاشكارىلاشتى. خەلقئارادا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش»نى يولغا قويۇش سىياسىي سۈيىقەستى ئۆزگەرمەيدۇ. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە خەلقئارادىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا قول تىقىپ ئارىلىشىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى ئاشكارا، روشەن بولۇۋاتىدۇ. چېگرا ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ خەلقئارادىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ئۇلار يىراقتا تۇرۇپ ھەمنەپەس بولۇپ، شىنجاڭنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى پائال ئۆزگەرتىپ، يېتىشتۈردى، مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىكسىز تۈردە تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ۋە باشقۇردى. ئۇلار شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەردە ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتىلغان تېررورلۇق، جىنايەت مەشىق بازىلىرىنى قۇرۇپ، ھەربىي خادىملارنى ۋە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلىدى، ئاندىن دۆلەت ئىچىگە (ئاقسۇ ۋىلايىتىدە مۇشۇ تۈردىكى ئادەملەر پاش قىلىندى) ئادەم ئەۋەتتى.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى ۋە قوللىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە تۈرلۈك مىللىي توقۇنۇشلارنى، دىنىي توقۇنۇشلارنى ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى توقۇنۇشنى قوزغىتىشتىن ئايانماي، غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار «ھەرىكەتنى خەلقئارالاشتۇرۇش، توقۇنۇشنى كېڭەيتىش، ئاھالىنى

بىرخىللاشتۇرۇش، كۈرەشنى قوراللىقلاشتۇرۇش» كۈرەش تاكتىكىسىنى ۋە فاڭجېننى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن چېگرا سىرتىدا قوماندانلىق قىلسا، چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى.

يەتتىنچى، جىنايەتچىلەرنىڭ يېشى كىچىكلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدە پاش قىلىنغان ۋە ئىگەللەنگەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «ئۈچ خىل ئادەم»لەرنىڭ يېشى كىچىكلەشكەن، ياشلاشقان، كۆپ قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ يېشى پەقەت 20 نەچچە ياشلا بولۇپ «غازات»، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش»قا ئوخشاش ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى كېيىنلا، دەرھال بۇنىڭغا قاتناشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھىل، ئىنتايىن رەھىمسىز بولغان بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەكسىيەتچىل تەشكىلات قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى يازدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل، جاھىل بولۇپ، ئۆلسىمۇ نىيىتىدىن يانماي مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئەگەشتى.

## 2. نۆۋەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى تەدبىرلەر

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئۇزاقتىن بۇيان تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم ئامىل، دۈشمەن بىلەن بولغان مۇرەككەپ كۈرەش ۋەزىيىتىگە قارىتا، نۆۋەتتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، كادىرلار، ئاممىغا بولغان ۋەزىيەت تەربىيىسىنى داۋاملىق، كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا

ئېرىشكەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئىشەنچىسىنى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش؛ كادىرلار، ئاممىغا بولغان ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى، دىن سىياسىتى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ئاممىنى توغرا ئىدىيە ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇش، بۇ، ۋىلايەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىككىنچى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىننى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا شەرھلىگەن تۆت پرىنسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداپ، قانۇنسىزلىرىغا زەربە بېرىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئاڭلىق ھالدا قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە سىياسەتلەر دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. دىننى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ۋە يېتەكلەش، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دىنىي ئەقىدىلەر، دىنىي قائىدىلەر ياكى دىنىي ئەخلاقتىكى بەزى ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، پاسسىپ تەرەپلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىسلاھات، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش كېرەك. ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ۋىلايەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى تېخىمۇ پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەش

كېرەك. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي تۇردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش كېرەك، بۇ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئاساسى.

ئۈچىنچى، قانۇندىن ئىبارەت بۇ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان تايانچىلارنى، زوراۋان - تېرروررچىلارنىڭ ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىش، بېسىپ زەربە بېرىش، قېزىپ زەربە بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە، ئاكتىپلارغا ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا زەربە بەرگەن ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئالغان جىنايەتچىلەرنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېز پاش قىلىپ، قانۇن بويىچە جازالاش، دۈشمەن ھەرىكەت قىلىدىغان بوشلۇقنى قىسىپ، دۈشمەنگە تىنغۇدەك پۇرسەت، ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي بەرمەي، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ قۇدرەتلىك تەھدىت كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ مۇقىملىقىقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئىشەنچىسىگە ۋە جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، شۇنداقلا دۈشمەن كۈچلەر ئۇقتىلىق تالىشىدىغان ئوبيېكت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشى كېرەك. تۈرلۈك شەكىلدىكى تەشۋىق - تەربىيە

ئارقىلىق، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان سىڭىپ كىرىش، زەھەرلىشىنى توسۇش كېرەك.

ئالتىنچى، مىللەت ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېگەن ئورتاق ۋەتەن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللەت ئېڭىنى ئاكتىپ يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەت ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، تار مىللەتچىلىك ئېڭىنى چۆرۈپ تاشلاشقا يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنى سىغدۇرۇش، ھەم ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە باي بولۇشتەك ۋەتەن بىر پۈتۈنلۈكى ئېڭىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كۆپ مەنبە بىر گەۋدە بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشالايدۇ، تېخىمۇ گۈللەپ - ياشنىيالايدۇ.

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر تۇرلۇك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ چۇڭلۇن

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. تارىختىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىزچىل توختاپ باققان ئەمەس، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە يەنە ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن، كەسكىنلەشكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «مىللەت» ۋە «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت تىنچلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلىپ، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ھەتتا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا مەلۇم تەسىر يەتكۈزدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتا قوللانغان ۋاستىسى ئاسىيلىق ئىككى تەرەپتىن بولۇپ، بىرى «ئەلەم» يەنى

زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى. ئىلى ۋىلايىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بىر يۈرۈش تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئاساسلىق سىياسىي جەھەتتىن توپلىشىپ نامايىش قىلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇترىتىشتىن، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتىلىتىش، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى يوشۇرۇن يۆتكەش، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش قاتارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا تەرەققىي قىلىپ، قوراللىق كۈرەش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنە بىرى «قەلەم» يەنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە ئاممىنى قۇترىتىپ، زەھەرلەپ، بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، كۈچ شەكىللەندۈرۈش. بۇ ماقالىدە ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئارقىلىق بەزى قاراشلار ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 1. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ۋە ۋاستىسى

1. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە ئىسلام ئەسلى دىن مەخسەتچىلىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى، نەزەرىيە مەنبەسى

يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلىدىن ئىبارەت بۇ جاينى ئامالىنىڭ بارىچە شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىش سۇيىقەستى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ۋاستە قىلماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسى — ئىلىغا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىنىڭ ئەكسىيەتچىل پىكىر

ئېقىمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىڭدۇرۇش بولدى.

پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىغا كىرگەن. مەسئۇد، ئابدۇراخمان شادى، سابىت تەلفەت، مۇھەممەت ئىمىن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىق بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلىدا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى ئەڭ بالدۇر قوبۇل قىلغان ۋە تەشۋىق قىلغانلارنىڭ ۋەكىلى. بۇ تەلۋىلەشكەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچلىرى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» ئەكسىيەتچىل ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ يېتەكلىشى ۋە خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئىلى رايونىدا سىياسى مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشنى كۆپ قېتىم قوزغىتىپ، ۋەتەننى پارچىلايدىغان بىر قاتار رەزىل ئويۇنلارنى ئوينىدى. 40- يىللاردا ئېلىخان تۆرىنىڭ ئېقىمغا قارشى ھەرىكىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، زېمىننىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداشمۇ ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، زېمىننىڭ پۈتۈنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشمۇ؟ خۇددى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئېيتقاندەك: «تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە». كېيىن، ئېلىخان تۆرە ئىلغار كۈچلەرنىڭ كۈرەشى ئالدىدا ئامالسىز چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىش ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنىڭ ئىلىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. 50- يىللاردا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش پۇرسىتىدىن

پايدىلىنىپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىسزمنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پىلانلاشتىن سىرت، بىزنىڭ ئىنقىلابى قوشۇنىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلىدا 50 كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش پەيتىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇترىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. 60-، 70- يىللاردا پانئىسلامىزم، پانتۈركىسزم كۈچلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك، مالىمانچىلىق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئەكسىيەتچىل تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇردى. «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» پاش قىلىنىپ، قولغا ئېلىنغان 100 نەچچە ئەزانىڭ ئىچىدە ئىلى رايونىدىن بولغانلىرى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 80- يىللاردا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىسزم بىر مەھەل جىمىغاندىن كېيىن خەلقئارادا قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى، ھەمدە غەربتىن شەرققە كېڭەيدى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاشكارىلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇنلىرىنى، قانۇنلۇقلىرى ئارقىلىق قانۇنسىزلىرىنى قوغداپ، تۇغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش، سودا قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ئامالىنىڭ بارىچە شىنجاڭنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى كۈچەيتتى، ئىلى ئۇنىڭ زىيىنىغا قاتتىق ئۇچرىدى. بولۇپمۇ 80- يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90- يىللاردىن بۇيان، پانئىسلامىزم، پانتۈركىسزمنىڭ ئىلى ئوبلاستىدا قايتىدىن قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدىن سىرت، خەلقئارادىكى ئىسلام ئەسلى دىن مەخسەتچىلىكىنىڭ يامان سۈپەتلىك كېڭىيىشى شىنجاڭ ۋە ئىلىغا سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىر پەيدا قىلدى. ئىلىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىسلام ئەسلى دىن مەقسەتچىلىكىدىكى پاسسىپ، ئەكسىيەتچىل تەركىبلىرىنى ئېخىمۇ كۆپ قېتىم قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارنى قايمۇقتۇردى. يېقىنقى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن «ياشلار مەشرىپى» تەشكىلاتى ۋە «تەبلىغ» ھەرىكىتى بۇنىڭ ئېنىق ئىسپاتى. ئۇلار ئىسلام دىنى ۋە دىنىي ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەتسىزلىكنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، «ئاللاھ بىر» دېگەننى، چوقۇم «غازات» ئارقىلىق غەيرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئاسىيلىرىنى بويسۇندۇرۇش، ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشنى، «سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن» ئىسلام تەشكىلاتى قۇرۇش، باشقىلارنى «قايتىدىن دىنغا كىرىش»كە زورلاش قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلدى، بۇنداق ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشلارنى زەھەرلىشى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى، 1997- يىلى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن «5- فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندە قىلىش ۋەقەسىدە ئۇلار قولىغا «قۇرئان»نى ئېلىپ، «ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى پەقەت بىر ئاللاھدۇر» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى، بۇ ئاخىرىدا ماشىنا كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەرەققىي قىلىپ، خورىدىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

2. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى ئېلىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تاشقى سەۋەب

ئېلىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىرگە ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى ئېلى جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب. 50- يىللارنىڭ ئاخىرى، 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جوڭگوغا قارشى كۈچلەر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قوترىتىپ پىلانلىغان 1962- يىل «29- ماي» ۋەقەسىدە 100 مىڭدىن ئارتۇق چېگرا خەلقنى چېگرىدىن قانۇنسىز چىقىشقا مەجبۇرلاپ، ئىلى ۋە شىنجاڭدا ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىدى. 90- يىللارنىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇشى

بىلەن خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر پەيت يېتىپ كەلدى دەپ قاراپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار دۆلىتى مۇستەقىللىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «ئۇيغۇر دۆلىتى»، «تۈركىستان تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق تارىخنى بۇرمىلىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوزغىتىدىغان كىتاب، ژۇرنال ۋە ماقالىلارنى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدى ۋە ئېلان قىلدى. دۆلەت سىرتىدىكى 30 نەچچە مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەشكىلاتى بىرلىشىش، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشقا تەدرىجى يۈزلىنىپ، شىنجاڭغا بولۇپمۇ ئىلىغا بولغان سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. بىرىنچىدىن، ئىلىغا تەشۋىق قىلىش، قوزغىلاڭ قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، 1995-يىلى مەنئىي قىلىنغان «ياشلار مەشرىپى» قانۇنسىز تەشكىلاتى ۋە «14-ئاۋغۇست» يۈز بەرگەن قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسىدىكى ئاساسلىق ئامىل دۆلەت سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنىڭ ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ قوزغىلاڭ قىلىشى، قايمۇقتۇرۇشىدىن بولغان. ئىككىنچىدىن، رادىئو، ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىردى. ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىس قىلىنغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسى ۋە غەربىي ئاسىيا ئەركىن رادىئو ئىستانسىسى بىنگە بولغان بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىشنى مەزمۇن قىلغان ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژۇرناللار ئۈزلۈكسىز ئىلىغا ئېقىپ كىردى. مەسىلەن، شىنجاڭ تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسىنىڭ سابىق تەھرىرى، قازاقىستان شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ھەزرىتى يازغان، تارىخ بۇرمىلانغان، بۆلگۈنچىلىك كۆككە كۆتۈرۈلگەن كىتاب «شەرقىي تۈركىستان بىلەن تونۇشۇش» ئىلىغا كىرگەندىن كېيىن، 97-يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق

زەھەرلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە «يول بەلگىسى»، «پەيغەمبەرلەر شەجەرىسى»، «ئىسلام نۇرى»، «ئىسلام ئاساسلىرى»، «دىنىي تەپسىر»، «ئىسلام كۆرسەتمىلىرى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژورنال ۋە «ئېتىقاد نۇرى»، «ۋەسىيەت» قاتارلىق مىللىي ئۆچمەنلىكنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، مۇستەقىللىقنى كۆككە كۆتىرىدىغان ئۈن - سىن بويۇملىرى چېگرىدىن ئېقىپ كىرىپ، خېلى كۆپ ساندىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى قاتتىق زەھەرلىدى. بەزى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىغا يەنە ئۇسسۇل ئوينىغىلى بولۇپ، ياشلار ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش داۋامىدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بىلەن تەربىيە ئالغان. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەمىنلىگەن ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەكسىيەتچىل كىتاب، ژورنالدىن 1400 نەچچە پارچە، ئۈنئالغۇ لېنتىسى 2000 قاپتىن كۆپرەك، سىنئالغۇ لېنتىسىدىن 169 قاپ تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن. 1995- يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى ياش يەككە تىجارەتچى مەخمۇت ئابدۇكېرىم شەرقىي شىنخۇا يولىدا قۇتراتقۇلۇقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دىن تەلۋىلىكى قوزغىلىپ، بېشىغا قارا سەللە يۆگەپ، قولىغا كالتەك ئېلىپ، ئۆزىنى «قاري» دەپ ئاتاپ، ئون نەچچە ياشنى توپلاپ، «كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرايلى» دەپ شوئار توۋلاپ، يول بويىدىكى 28 خەنزۇ يەككە تىجارەتچىنىڭ يايمىسىنى ئۆرۈپ، چېقىپ، بىرمۇنچە خەنزۇ ئاممىسىنى يارىلاندۇرغان. ئۈچىنچىدىن، ھەج قىلغۇچىلارنى سېتىۋېلىش، ئۆزىگە تارتىش ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلى ۋىلايىتىدىنلا ھەر يىلى ھەجگە بارىدىغانلار تەخمىنەن 200 نەچچە ئادەمگە يەتتى. بۇ ساياھەت قىلىش، سودا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۈچىنچى دۆلەت ئارقىلىق ھەجگە بارغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئازدۇرۇپ، ئۇلارغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن، بەزىلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھەتتا بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىغا قاتناشقان. مەسىلەن، غۇلجا

شەھىرىدىكى بىر تالىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بارغان بولۇپ، دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىك گورۇھى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ھەمدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېرىشكەن خەرىتە ۋە خىراجىتىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ئۆيى بار، ئۈچ قەۋەتلىك، جەمئىي 21 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ، ئۇنى يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۆيى قىلغان. ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنى بۇرمىلاپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆزى خالىغانچە چۈشەندۈرۈپ، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە زوراۋانلىق بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ تەربىيىلىگەن يەر ئاستى تالىپلىرى 300 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپ قىسمى 97- يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى «5- فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ زوراۋان تايانچىلىرى ۋە قاتناشقۇچىلىرى. ئۇ تەربىيىلىگەن 50 ئايال تالىپ، 1996- يىل ئالدى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە چۈمبەل تارتىپ چىققان، ھەمدە ئاستا - ئاستا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بەزى ناھىيە، يېزىلىرىغىچە يامرىغان. تۆتىنچىدىن، ئادەم تاللاپ چەتكە چىقىرىپ، يېڭى، ياش مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بىر قىسىم ياشلارنى تاللاپ، چەت ئەلگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى سىڭدۈرگەن، ھەتتا ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ياكى ئىلىغا قايتىدىن ئەۋەتكەن. 1996- يىلىلا غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىدىن 7 نەپەر ياش چەت ئەلدە تەربىيىلىنىپ، ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاھابى مەزھىپىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلغان، ھەمدە ئىلىدا يامراپ، ئىلى رايونىدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسى ئەزالىرىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان.

3. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىر مەھەل كۆرۈلگەن ئېغىش ئىلىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا نىسبەتەن يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇردى

پارتىيە 11. نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3. ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىجابىي، سەلبىي تەرەپتىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاللىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى تۈزدى. لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، دىنىي ھەرىكەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىن سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھادىسىلەر قايتا - قايتا چەكلەنگەن بولسىمۇ توختىمىدى.

بىرىنچى، بۇتخانا، مەسچىتلەرنى قالايمىقان سېلىش. قىسقىغىنە ئون نەچچە يىلدا يېڭىدىن سېلىنغان بۇتخانا، مەسچىتلەر ھەسسىلەپ ئاشتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىلى رايونىدا ھازىر 1547 بۇتخانا، مەسچىت بولۇپ، 1979- يىلدىن 1998- يىلغىچە بولغان 18 يىلدا 1414 ى كۆپىيىپ، تەخمىنەن يىلىغا 80 نەچچىسى كۆپەيگەن، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر تېزدىن ئېشىپ، ھازىر 1800 دىن كۆپرەككە يەتتى، بۇ تەستىقتىن ئۆتمىگەن دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ تېزدىن كۆپىيىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە دىن تەلۋىلىكىنى شەكىللەندۈردى.

ئىككىنچى، دىن تەلۋىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ چاتاق چىقاردى. «غازات» قىلىشنى كۆككە كۆتۈرۈپ، «كاپىرلار» غا قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۈچىنچى، دىنىي كەيپىياتنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا - كەنت ئاساسىي قاتلاملاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپەيدى، بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى.

تۆتىنچى، دىن تەلۋىلىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە مەزھەپلەر

ئارا تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئەھۋال دائىم ئىچكى قىسىمدا مەزھەپلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشنى پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بەشىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار رايون ئاتلاپ دىن تەشۋىق قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇلار دائىم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا كۆرۈلگەن بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە قارا چاپلاپ، بەزى كىشىلەرنىڭ نادان، ساددىلىقىدىن ۋە روھى نامراتلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت قابىلىيەتسىز، ئەسقاتمايدۇ دېگەن سەپسەتىنى تەرغىپ قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن پەقەت ئىسلام دىنىنىڭلا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يوقىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى، بۇ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلار ناھايىتى زور قۇترانقۇلۇقفا ۋە ئالداش خاراكتېرىغا ئىگە.

ئالتىنچى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارلىشىش مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى. بىر قىسىم ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى دىنىي سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتە ئاجىز بولۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە قانۇنسىز دىنىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى چىرىتىشنى شەكىللەندۇردى. ھەتتا ئاز ساندىكى يېزا ـ كەنتلەردە دىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن بەزى مەكتەپلەردە دۆلەت بايرىقى چىقىرىلمىدى، دۆلەت شېئىرى ئوقۇلمىدى، پىئونېرلار قىزىل گالىستۇك تاقىمىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى ناماز ئوقۇشقا يېتەكلەپ، قىز ئوقۇغۇچىلارغا قارا رومال ئارتقۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا روزى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزدى.

جەددىي پاكىتلار قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن مىللىي

بۆلگۈنچىلىكنىڭ بىر جۈپ «قوشكېزەك»لەر ئىكەنلىكىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەمىشە دىن نامى بىلەن ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى. بۇ، بىزنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

## 2. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەرقانداق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشتا، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا، ھامان ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپ مۇشۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپمۇ مۇشۇنداق قىلىدۇ.» تارىخى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، مۇئەييەن سىنىپ سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ مۇقەررەر مۇئەييەن ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى. شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىزگە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەندىلا ئاندىن كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تۈزگەن فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، تۈپتىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردۇق. تۈپتىن تۈزەش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز:

(1) ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى چىڭ ئىگىلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا دائىر تەشۋىقات، جامائەت پىكرى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىدۇق

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى.

بىرىنچىدىن، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىرادىسىنى ۋە تەشەببۇسىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تەربىيىلەيدىغان، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇپ زەربە بېرىدىغان، جامائەت پىكرى كەيپىياتى تىرىشىپ يارىتىلدى. مەسىلەن، 1997- يىل 2- ئاينىڭ 5-، 6- كۈنلىرى چاغان، روزى ھېيت يېتىپ كېلىش پەيتىدە غۇلجا شەھىرىدە تۇيۇقسىز ۋەقە يۈز بەردى. ئەينى چاغدا يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، كىشىلەر كۆڭلى خاتىرجەمسىز، بىر ئوچۇم زوراۋان، تېررورچىلارنىڭ خورىكى ئۆسكەن بولۇپ، ئەھۋال جىددىي، مۇرەككەپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىش تەجرىبىمىز يوق ئەھۋالدا بىز ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت باش تېمىنى چىڭ ئىگىلەپ، 2- ئاينىڭ 7- كۈنى چۈشتىن بۇرۇنلا ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا «5- فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى»نى ئارقا - ئارقىدىن بەردۇق. ئارقىدىنلا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئوچۇم زوراۋان، تېررورچىلارنىڭ جىنايىتى ئۈستىدىن

قىلغان غەزەپ ـ نەپرەتلىك شىكايەت ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشرىسىنى پاش قىلدۇق، ئاخبارات ۋاستىلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچىتىش، خاتىرجەملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

ئىككىنچىدىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ مۇقىملىقىنى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى تارىخى تۆھپىسىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، دۈشمەننى چۆچىتىدىغان، خەلق كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدىغان جامائەت پىكرى كەيپىياتى تىرىشىپ يارىتىلدى.

ئۈچىنچىدىن، مەركەزلىك تۈزەشنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچ تىرىشىپ كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 97ـ يىلدىن بۇيان، نۇقتىلىق رايونلاردا ئۇدا ئۈچ يىل جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ئاخبارات ئورۇنلىرىمىز ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، توختىماي زىيارەت قىلىپ، مەركەزلىك تۈزەشتە ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى خەۋەر قىلىپ، دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش، پارچىلاش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتىش رولىنى ئوينىدى.

تۆتىنچىدىن، ئىجابىي تىپلارنى تەشۋىق قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرىدىغان، رەزىللىكلەرنى جازالاپ، ياخشىلارنى كۆيلەيدىغان جامائەت پىكرى كەيپىياتى تىرىشىپ يارىتىلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز دەۋر ئاساسىي مىلودىيىسىنى ياڭرىتىشقا چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىجابىي تىپلارنى كۈچ سەرپ قىلىپ قېزىپ ۋە ئوتتۇرىغا چىقاردۇق، بۇ توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، كىشىلەر قەلبىنى ئويۇشتۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك كۈرىشىگە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈش

رولىنى ئوينىدى. بىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ھالقىلىق پەيتتە ئۆلۈمدىن قورقماي، ئون نەچچە ئۇيغۇر دېھقان قېرىنداشنىڭ ھاياتىنى قوغدىغان «ياخشى ئادەم جى فېڭلەن» ؛ قار بوراندا قاپىلىپ قالغان 100 نەچچە كان ئىشچىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلارنى بەرگەن قازاق چارۋىچى ئابدەننىڭ «يەر ـ جاھاننى تەسىرلەندۈرىدىغان مىللەتلەر مۇھەببىتى» ؛ ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا جان ـ دىلى بىلەن ئۆز جايىدىكى مۇڭغۇل خەلققە خىزمەت قىلغان «قاناس كۆلى بويىدىكى ئاق خالاتلىق شۈجى جاڭ ئەنجىي» ؛ خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن زوراۋان، تېررورچىلار شايكىسى بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان لۈڭ فېي، كۆك يۇڭچياڭ، نۇرتاي قاتارلىق ئۈچ ئىنقىلابىي قۇربانىنى؛ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى دوختۇر ۋاڭ سۈن قاتارلىق ئىلغار تىپتىكى شەخسلەرنى مەيدانغا چىقاردۇق.

بەشىنچى، تاشقى تەشۋىقات گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىلىدا سىياسىي مۇقىم، مىللەتلەر ئىناق، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىقتىساد گۈللىنىۋاتقان جامائەت پىكرى مۇھىتى تىرىشىپ يارىتىلدى. ئىلى «5-فېۋرال ۋەقەسى» ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىز مەبلەغ، ئادەم كۈچى جەھەتتىن تاشقى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىلىنىڭ ياخشى قىياپىتىنى قايتىدىن ياراتتۇق. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئىلىغا ئىقتىسادى سودا كېڭىشىگە، ساياھەتكە، زىيارەتكە كېلىدىغان كىشىلەر ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئالتىنچى، ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، چەكنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىدۇق، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت. چەكنى قانداق ياخشى ئىگىلەشتە ئۆرنەك قىلغۇدەك تەييار تەجرىبە يوق. بىز ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات

بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، غۇلجا شەھىرىدە ئاخبارات ۋاستىلىرى كۆپ بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، سىياسەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، ئاخبارات ئورۇنلىرىنى ۋاقتىدا يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم تەشۋىقاتتا ئورىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، چوڭ پائالىيەتلەردە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشقا دىققەت قىلدۇق. باشتىن - ئاخىر ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەتكە كېلىپ، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلدۇق، شۇنداقلا ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، يېزا ئىگىلىك 4- دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، بەزى مۇھىم تەشۋىقاتلاردا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تەشۋىقاتنىڭ كۈچلۈك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردۇق.

(2) يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىزدەندۇق.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998- يىل شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى تونۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەن كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلغاندىلا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر مەۋجۇت بولۇش شارائىتىدىن ئايرىلىپ، يېتىم قالىدۇ ۋە مەغلۇپ بولىدۇ.» ئۇ يەنە: «ھەر مىللەت ئاممىسىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارىتا ‹يولدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قاپتۇ› دېگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان شۇنداقلا جاپالىق ۋەزىپە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا نۇرغۇنلىغان جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئالدىدا قانداق قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق،

تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئاممىنى توغرا ئىدىيە ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يىتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش، بۇ بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزگە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بىز ئۇدا ئىككى يىل داغدۇغىلىق، كۆلۈمى بىرقەدەر چوڭ بولغان يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. 1998- يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئايى مەزگىلىدە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىن سىياسىي ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى، مەلۇم لېكسىيە سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە 109 كادىرنى ئاجرىتىپ، قىسقا مۇددەتلىك مەركەزلىك تەربىيىلەشتىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركەزلىك تۈزەشتىكى مۇھىم نۇقتا بولغان غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى ۋە قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغا لېكسىيە سۆزلەشكە ئەۋەتتۇق. لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر مەركىزى كومىتېتنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن بۇ دانا ھۆكۈمنى زىچ چۆرىدەپ، شىنجاڭ، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئاممىا ئارىسىدىكى بەزى مۇجمەل تونۇشلارغا بىرلەشتۈرۈپ، تۆت مەخسۇس تېمىغا بۆلۈپ، ئالتە نۇقتىنىڭ ئىنەزەرنى، يەنى، نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى ئەزەلدىنلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەيمىز، نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دەيمىز، نېمە ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى دەيمىز، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قايسىلار، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي

ھەرىكەتنىڭ تۈپ پەرقى قەيەردە، نېمە ئۈچۈن پەقەت سوتسىيالىزملا بىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرالايدۇ دېمىز دېگەن نۇقتىئىينەزەرلەرنى تىرىشىپ گەۋدىلەندۈردۇق. بىز تەشۋىقات ماتېرىيالىنى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ يېزىقلىرىدا تۈزۈپ بېسىپ، ئۇنىڭغا ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارنى سەپلەپ، ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، يېزا، مەيدان كەنتلەرگىچە بېرىپ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ھەر مىللەت ئاممىسى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، دىنىي زاتلار، سودا - سانائەت يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە ئىشسىزلارغا، يۈزتۇرانە تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. تەربىيە ئالغۇچىلار 310 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، ھەربىر ئائىلىدىن بىر ئادەم خەۋەردار بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى لېكسىيە سۆزلەش روشەن نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى، بۇ بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ش پ ب [1998] 28- نومۇرلۇق «ئىلى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك 100 كىشىلىك لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ لېكسىيە سۆزلەش ئەھۋالىدىن دوكلات»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ناھايىتى ئىجاتچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. 1998- يىلدىكى يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، 1999- يىل بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 1998- يىل 7- ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى لېكسىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ، ئوبلاستلىق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان لېكسىيە سۆزلەش ۋاقتىنى تېخىمۇ ئۇزارتىش، دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشىلاش تەلىپىگە ئاساسەن 6- ئايدىن باشلاپ، تۆت شۆبە ئۆمەككە بۆلۈنۈپ، ئىلى، تارغاباتاي، ئالتاي ۋە ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا

چوڭقۇر چۈكۈپ، ئىككى ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشقان، ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەمدىكى يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەشنى ئۇيۇشتۇردۇق. لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن، بىز خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، «پانئىسلامىزم، پانتۈركىسزمنىڭ زەھىرىنى تازلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى» ۋە «ئىلى تارىخىدىن قىسقىچە ئوقۇشلۇق» دېگەن ئىككى كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ۋە نوپۇزلۇق زاتلارنى ئۈستىدىن تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزدۇق. ئۇلار بۇ ئىككى كىتابنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئېنىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئىخچام ئىكەنلىكىنى، كادىرلارغا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا، ئاممىغا ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ھازىر بۇ ئىككى كىتابتىن پۈتۈن ئوبلاستتا 140 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىپ بولدى، شۇنداقلا ئاساسىي قاتلامنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى لېكسىيە سۆزلەشنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىرىنچى، دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 24 ناھىيىدىكى كۆپ قىسىم يېزا، بازار، ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ئومۇملاشتى؛ ئىككىنچى، لېكسىيە ئاڭلىغانلار كۆپ بولدى، گەرچە يازلىق يىغىمنىڭ ئالدىراش مەزگىلى بولسىمۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىدا يەنىلا 8661 مەيدان لېكسىيە سۆزلەش تەشكىللىنىپ، لېكسىيە ئاڭلىغانلار سانى 747 مىڭ ئادەمگە يەتتى؛ ئۈچىنچى، لېكسىيە سۆزلەش قوشۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. ئىراقنى كۆزلىگەندە، بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەشتە ئاساسلىقى يەنىلا ئاساسىي قاتلامغا تايىنىلىدۇ، شۇڭا ئاساسىي قاتلام لېكسىيە سۆزلەش قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش بىر تۈرلۈك ئۇزۇن مۇددەتلىك، خاراكتېرلىك خىزمەت. بىز قاتلاممۇ - قاتلام تەربىيىلەش، يەنى ئوبلاستتىن سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى لېكسىيە سۆزلەش خادىمىدىن 40 نى ئاجرىتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتىپ، ھەربىر

ۋىلايەتتىن 40 تىن 50 كىچە ئادەم ئاجرىتىپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن، يەنە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرگە بېرىپ، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) دە 40 تىن 50 كىچە بولغان لېكسىيە سۆزلەش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق 1200 دىن كۆپرەك ئادەمدىن تەركىب تاپقان لېكسىيە سۆزلەش قوشۇنى شەكىللەندۇردۇق. بۇ قېتىمقى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ يۈزتۈرانە لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئامما، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، دىنىي زاتلار پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ بايراقنى كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقى ھەمدە پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى، بىمەنىلىكى ھەم ئالدامچىلىقى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا، ئېلىمىزغا بولغان خەۋپىنى چۈشىنىۋېلىش، ئېلىمىزنىڭ تارىخىنى چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى. ئىلى لېكسىيە سۆزلەش شۆبە ئۆمىكى يەنە قابىل كىشىلەردىن لېكسىيە سۆزلەش گورۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك، غۇلجا ناھىيىلىك، كۈنەس ناھىيىلىك، توققۇز تارا ناھىيىلىك قاماقخانىلارغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۈنەس ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقانلارغا ۋە قاماقتىكى جىنايەت گۇماندارلىرىغا لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنى بىر قېتىملىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.

## 3. مۇلاھىزە ۋە تەكلىپلەر

(1) ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئېرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۇلاردا كىچىكىدىنلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش،

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرىشىمىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەرىپى تەربىيە بازىسى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىش. بۇ بىر نەچچە يىلدىكى بەزى پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەلىرىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ۋە پاش قىلىنغان بىر يۈرۈش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار - ئۆسمۈرلەر. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلاتلىرى ۋە مەكتەپلەر ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشى لازىم. بىرىنچىدىن، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مەركىزىي كومىتېت بېسىپ تارقاتقان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەمدە شىنجاڭنىڭ تارىخىغا بىرلەشتۈرۈپ، رايونىمىزغا ماس كېلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى دەرسلىكى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىياسەت دەرسلىكىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىگە دائىر مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسەت دەرسلىكىگە ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسىگە دائىر مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش؛ ئالىي مەكتەپلەردە ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسىگە دائىر سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى كۆپەيتىش لازىم. ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى تەربىيىسى بىلەن ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، لاياقەتلىك ئىزباسار بولۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشىغا ئىگە،

سىياسىي ساپاسى ياخشى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى قەرەلگە، تۈركۈمگە ئايرىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ماركسىزملىق مىللەت، دىن نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دەرس مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ۋە قۇتراتقۇلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئىشسىز ياشلار ۋە كۆچمەن ياشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارغا بولغان تەربىيە سالمىقىنى زورايتىپ، بەزى جايلاردىكى ئۇلارنى باشقۇرىدىغان، ئۇلارغا تەربىيە بېرىدىغان ئادەم بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

(2) دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى دىنىي مەسىلىگە دائىر تەجرىبە - ساۋاقنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دىنىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. كۈچ تەشكىللەپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئاتېئىزمنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دىن تەلۋىلىكىنى تەشۋىقات، جامائەت پىكرى جەھەتتىن تىزگىنلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ دىن باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە دىن خىزمىتى كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىن باشقۇرۇش كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ۋە دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، دىنىي مەكتەپلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئالدىغا يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ۋە يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى ئېچىشنى قاتتىق

چەكلەپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان بىر تۈركۈم ئۆلىمار دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تېزدىن يېتىشتۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، خەلقئارا دىنىي تەشكىلاتنىڭ شىنجاڭغا ۋە ئىلىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بەشىنچىدىن، بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى دىننىڭ مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئەدلىيە، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

(3) ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسى. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش باشتىن-ئاخىر بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭدا بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش تېخىمۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچەيتىش دېگەنلىك. بۇ بىر نەچچە يىللىق مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى، تەۋرەپ قالغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش بارغانسېرى مۇھىم ۋە جىددىي بولۇپ قالدى. بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام مەكتەپلىرىنى ياخشى ئېچىش كېرەك. ھەر يىلى بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبىرى كادىرلارنى پىلانلىق، سىستېمىلىق تەربىيىلەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، سىياسەت سەۋىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، بىر تۈركۈم ياش، مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تاللاپ، ئۆستۈرۈپ، يېزا - كەنتلەردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇپ، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلاش كېرەك. ئۈچىنچى، ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلايلى

## ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتى مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇش خەۋپىنى ئىدىيە جەھەتتىن يوقىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشتى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى، ئۈچ يىلدىن بۇيان، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدىيىنى ئەستايىدىل بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق، چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ھەددىدىن ئاشقان خورىكىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت ياراتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش

خىزمىتىدە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لېكىن خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يەنىلا ئۆتكۈر، جىددىي بولماقتا.

## 1. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىلىغا سىڭىپ كىرىشى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قىسمى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلانغان، چېگرا لىنىيىسى 430 كىلومېتىر بولۇپ، چېگرا ياقىسىدا دۆلەت 1- دەرىجىلىك ئېغىزىدىن ئۈچى، يەنى قورغاس، دۇلات ۋە مۇز ئات قاتارلىقلار بار. بۇ ئېغىزلارنىڭ ئېچىلىشى بىر تەرەپتىن ئىلىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىپ - چىقىشىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەيلى مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى ھازىر بولسۇن ئىزچىل تۈردە چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تەشكىلاتىنىڭ تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش، ئەكسىيەتچىل، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلاش لاگىرى بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرۈش، ئۆزئارا سىڭىپ كىرىش «بازىسى» بولۇپ كەلدى.

تارىختا، ئىلى چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە مۇستەملىكە قىلىش ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، چېگرا ئىچىدىكى مىللەتلەر بىلەن چېگرا سىرتىدىكى مىللەتلەر ئۆزئارا تويلىشىدىغان ئەھۋاللار بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك. بولۇپمۇ 1962- يىل «29- ماي» دا نەچچە ئون مىڭلىغان چېگرا خەلقى چەت ئەلگە قاچقان، قانداشلىق، تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن بۇ كىشىلەرنىڭ ئىلىدىكى يەرلىك خەلق بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق ۋە كۆپ. 1992- يىل گوۋۇيۈەن غۇلجا شەھىرىنى چېگرا ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئالاقە مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەنلەر بۇ

قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تۇققان يوقلاش، سودا قىلىش، ساياھەت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تىل بىرىكتۈرۈش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىختىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ داۋامى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، چىڭ سۇلالىسى چېيەنلۇڭ يىللىرىدا چار پادىشاھ روسىيىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ئامۇرسانا قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈشى كۆرۈلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچى ئېلىخان تۆرە ئەينى چاغدىكى ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاشكارە ھالدا «ھەقىقىي مۇستەقىل، ئەركىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ» ئىلىنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن بۆلۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. ئەخمەتجان قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ قايتۇرما زەربىسى بىلەن ئېلىخاننىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئەمەلىيەتتە 1962-يىلدىكى «29-ماي» چېگرا خەلقىنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر قۇترانقۇلۇق قىلغان، ئىلىنى جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ئۇرۇمچىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» نى قۇرغان، ھەمدە ئىلىدا تارمىقىنى قۇرۇپ، ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ تايانچلىرىنى، يېقىن ئادەملىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىلىنى شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولغان.

تارىخ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، غەربتىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ رايونلىرىمىزغا بولغان ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتى كۈنسايىن كۈچەيدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى شەكلىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى ئالاھىدىلىكلەر بولدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى:

(1) مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى، سەپسەتىسىنى تەشۋىق قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى.

20- ئەسىردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى مەخپىي پىلانلاپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. بولۇپمۇ 90- يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭغا بولغان «بۆلۈۋېتىش»، «غەربلەشتۈرۈش» قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئىلى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم دەرۋازا، شۇڭا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلى ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك تاكتىكىسى ۋە پىلانىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق جاي. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، ئۇلار ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرنال، تەشۋىقات ماتېرىيالى، ئۈن - سىن بويۇملىرىنى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئەكىرىپ، بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسىنى جېنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلدى؛ بۇنىڭغا چېگرا سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىق قورالىمۇ يىراقتىن ھەمدەم بولدى، مەسىلەن: «ئامېرىكا ئاۋازى» باشچىلىقىدىكى غەرب ئەكسىيەتچىل تەشۋىق قورالى چېگرا رايونغا، ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا بولغان ئەكسىيەتچىل گەپ - سۆزلەرنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلدى، بولۇپمۇ بۆلگۈنچىلىك سەپسەتە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى؛ بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە داۋاملىق چېگرا سىرتىدا تەربىيىلەنگەن ئەكسىيەتچىل تايانچلارنى چېگرا ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى. يوقىرىقى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن رايونىمىزدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر باش كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاممىغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ھەدەپ سىڭدۈردى. مەسىلەن، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا كۆرۈلگەن «ياشلار مەشرىپى»، «چاي»، «ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى» قاتارلىقلار، ئۇلار قانۇنلۇق دېگەن تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئاستىرتتىن بولسا كىشىلەرگە ئېيتقۇسىز بۆلگۈنچىلىك

ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلار بىر مەھەل ئۆز ئالدىغا يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى ئېچىپ، مەكتەپكە، كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسى ۋە ئىدىيىسىنى تارقاتتى.

ئارقىدىنلا، 1995- يىل غۇلجا شەھىرىدە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى، سەپسەتىسىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان «14- ئاۋغۇست» قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى بەزى يېزا، بازار، مەيدانلاردا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت — «تەبلىغ» مەيدانغا كېلىپ، بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

(2) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بىزگە بولغان «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىشىگە ئەگىشىپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئېلىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «بۆلۈۋېتىش» سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، چېگرا ئىچىگە ئادەم ئەۋەتتى، قورال - ياراغ توشىدى. بولۇپمۇ كوسوۋو مەسىلىسى، چېچېنىيە مەسىلىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شىنجاڭنى، ئېلىنى چېچېنىيە، بوسنىيە - گېرتسوگوۋىنا ۋە كوسوۋو شەكلىدىكى بۆلۈنۈش يولىدا ماڭغۇزۇش كېرەك دەپ جار سالدى. 1997- يىل «5- فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» ئېلىدىن سودا قىلىش، تۇققان يوقلاش، دىن ئۆگىنىش ئۇچۇن چەت ئەلگە چىققان قىسمەن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. ھەم ئۇلارنى خىراجەت بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى تۈركىيىدىكى ئەنقەرە، پاكىستاندىكى بەنجا ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلاردىكى مەشىق نۇقتىلىرىغا ئەۋەتىپ، ئالاھىدە مەشىق قىلدۇرۇپ، مەشىقنى تاماملىغاندىن كېيىن يەنە

قايتىدىن تۈركۈملەرگە بۆلۈپ چېگرا ئىچىگە ئۆتتىپ، ئىلىدا بىر يۈرۈش زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلدى. 1997- يىلى 2-ئاينىڭ 8- كۈنى غۇلجا ناھىيىسى ئۈچئۇن يېزىسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى مۆمىن قاتارلىق يەتتە ئادەم بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى يوشۇرۇن پىلانلاپ، بىگۇناھ ئامما ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىلارنى ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى؛ 1997- يىلى 3- ئاينىڭ 14- كۈنى ھەسەنجان باشچىلىقىدىكى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىدىكى تېررورلۇق شايكىسى ئوبلاستلىق پىلىچى كۆمۈركىنىدىن پارتىلاتقۇچ دورا، كاپسۇلا ئوغۇرلاپ پارتلىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى؛ غۇلجا شەھىرىدە 1997-يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى، غۇلجا ناھىيىسىدە 1997- يىلى 6- ئاينىڭ 26-، 28- كۈنلىرى، قورغاس ناھىيىسىدە 7- ئاينىڭ 4-، 14-كۈنلىرىدىكى بىر يۈرۈش ئادەم ئۆلتۈرۈش، ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە پارتلىتىش قاتارلىق ۋەقەلەردە بىگۇناھ ئامما، ئاساسىي قاتلام كەنت كادىرى، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزاسى بولۇپ بىرنەچچە ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 1997- يىلى بىر يىلدا پۈتۈن ۋىلايەتتە زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسىدىن 32 سى كۆرۈلدى.

(3) قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر مەمۇرىيەت، ئەدلىيىگە ئارىلىشىپ، ئەكسىيەتچىل قاراشتىكىلەرنىڭ خورىكى ئۆستى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر دائىم «قانۇنلۇق» دېگەن تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ياشلارنى تاماكا چەكمەسلىككە، ھاراق ئىچمەسلىككە، دىنىي ئەقىدىنى بۇزىدىغان ئەسكى ئىشلارنى قىلماسلىققا نەسىھەت قىلىشنى نىقاپ قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان خېلى بىر قىسىم ئاممىنى قايمۇقتۇردى. ئۇلار تارقاتقان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسلىقى:

1. «ئاللاھ بىر» نەزەرىيىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، دىن تەلۋىلىكىنى قوترىتىش. ئۇلار «مۇسۇلمانلار پەقەت ئاللاھقىلا ئىشىنىشى، ئاللاھدىن سىرت ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك» دەپ جارسالدى. «5-فىۋرال» دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن، پاراكەندىچىلىك سېلىش

نامايىش قوشۇنى «ئاللاھ بىر» دېگەن لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى. ئۇلار «تەبلىغ» پائالىيىتىدە قانداقتۇر «ھۆكۈمەت تەستىق سالغان مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ، ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ، ئىمامنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئالغان تۇرمۇش خىراجەت پۇلى ھارام»، «خەنزۇلار سالغان مەسچىتتە ناماز ئۆتەشكە بولمايدۇ»، «ناماز ئۆتىمىگەنلەر خائىن، كومپارتىيە ئۇچۇن 30 يىل ئىشلەپ ئاندىن ناماز ئۆتىسە بىكار بولىدۇ»، «ئاسمان، تۇپراق، سۇنى ئاللاھ ياراتقان، باجنى پەقەت ‹ئاللاھ› غىلا تاپشۇرۇش كېرەك، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ جۆيلىگەن.

2. «مەمۇرىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۇرۇش» نەزەرىيىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش. «تەبلىغ» ھەرىكىتى «توي خېتى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن ‹نىكاھ› ئوقۇش (ھارام)، چوقۇم ئالدى بىلەن توي خېتىنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن ‹نىكاھ› ئوقۇش، ھۆكۈمەت تارقاتقان كىملىك، توي خېتى، تىجارەت كىنىشكىسى، پىراۋا، خەلق پۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ‹ھارام› ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك»، «قۇرئاندا پىلانلىق تۇغۇت يوق» دەپ تەرغىپ قىلدى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن ئەسەبىيلىرى «ئىسلام دىنىنى گۈللەندۇرگۇچىلەر» ۋە «دىننى ئىسلاھ قىلغۇچىلار» قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتالمىش «مىللىي مۇستەقىللىق»، «مىللىي ئازادلىق»نى كۆككە كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇش، ئاياللارنىڭ خىزمەتكە قاتنىششى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «ھارام» دەپ تەرغىپ قىلدى.

3. «غازات» قىلىش نەزەرىيىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇلار «كاپىرلار ئاللاھ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى» دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، «غازات» قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ «بۇيرۇقىنى» ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، «غازات» قىلىشنىڭ مەقسىدى «كاپىرلارنى يوقىتىش، كاپىرلارغا ھۇجۇم قوزغاش» دەپ جارسالدى، ئۇلار «كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ناماز

ئوقۇغاندىنمۇ چوڭ ساۋاپ»، «خۇدا ئەرلەرنى غازات قىلىش ئۈچۈن ياراتقان» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۇلار كىشىلەرنى «غازات ئۈچۈن ئۆلگەنلەر ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپلا قالماستىن، يەنە ئاللاھنىڭ رۇخسارىنىمۇ كۆرەلەيدۇ» دەپ ئالدىدى. ئۇلار «غازات» قىلىش تەرغىپ قىلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسى، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئاچقان مەخپىي دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۈزلۈكسىز زەھەرلىدى. ھازىر قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرنىڭ «مەسچىت»تىن ئىبارەت بۇ جامائەت پىكرى بازىسىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ يېڭى ئالامەتلىرى تەدرىجىي كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

(4) مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشنى تېزلىتىپ، بىز بىلەن مائارىپ بازىسىنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنى تالىشىش

قىسمەن مەكتەپلەردىكى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، دىنىي كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىردى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 2.5% مەكتەپتە دىنىي ئىدىيە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قول چوماقى ۋە تايانچىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

قورغاس ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇشۈكۈر بۆلگۈنچىلەر ئۈچۈن پارتلاتقۇچ بۇيۇم ياساپ بەرگەن؛ قورغاس ناھىيىسى لەڭگەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پەرھات موللاخۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلاشقا قۇترىتىدىغان ئەكسىيەتچىل سىنئالغۇ لېنتىسىنى قانۇنسىز كۆچۈرۈپ تارقاتقان؛ غۇلجا شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېرروزلۇق ۋەقەسىگە چېتىلىپ قالغان؛ غۇلجا ناھىيىسى چولقاي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى پارتلاتقۇچ بويۇمنى ياساشقا قاتناشقان. بۇ مىساللار دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزنىڭ مائارىپ بازىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە

باشلىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىر قىسىم مەكتەپلەر رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىدىكى مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس. مەسىلەن: نىلقا ناھىيىلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق رەھبەرلىك بەنزىسى قانۇنسىز دىنىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان. توققۇز تارا ناھىيىلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى ئۆز مەكتىپىدە ئەكسىيەتچىل سىياسىي لوزۇنكىنى بايقىغاندا يوشۇرۇپ، مەلۇم قىلماي جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزىسىدىكى 25 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەپتارتماستىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىسى ئابدۇشۈكۈرگە ئۆۋالى بولدى دەپ يۇقىرىغا مۇراجەتنامە سۇنغان. نىلقا ناھىيە ياقا ئۇلاستاي يېزىسىدا خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 35 نەپەر ئوقۇغۇچىسى قانۇنسىز يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش سىنىپىغا قاتناشقان. قورغاس ناھىيە سار بۇلاق يېزىلىق خۇيزۇ مەكتەپنىڭ %80 ئوقۇغۇچىسىدا روزا تۇتۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. يۇقارقى ئەھۋاللار مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىز دىن مائارىپ بازىسىنى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىۋاتقانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى.

(5) ھەرىكەت دائىرىسىنى شەھەردىن يېزىغا يۆتكەپ، بىزدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى بازىسىنى تالىشىش

زەربە بېرىش سالمىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ناھىيە (شەھەر) بازارلاردىكى ھەرقايسى مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈش، ئامممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۈزەشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ھەم بۆلگۈنچىلەر شەھەردە يوشۇرنالماي، ھەرىكەت دائىرىسىنى شەھەردىن يېزىغا، شەھەردىن شەھەر بازار بىلەن يېزا تۇتاشقان جايلارغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى؛ تەشۋىق قىلىش تالىشىش ئوبيېكتىنىڭ سوبيېكتلىرى شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى، ئاھالىلەردىن دېھقان، چارۋىچى ئامما ھەم ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە يۆتكەلدى؛ تايانچلارنى تەربىيىلەش

بازىسى، پارتلانقۇچ بويۇملارنى ياساش، سىناش ئورۇنلىرىمۇ شەھەر - بازارلاردىن يېزا - كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۆتكىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ئامىنى تالاشتى؛ يېزا - كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن دىنىي ۋەزىپە ھوقۇقىنى تالاشتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى مەكتەپلەردىن ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى تالاشتى.

(6) ئىلغار تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزدىن تەشۋىقات ماكانىنى تالاشتى

يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىلغار تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن كۈچەپ بارچە پايدىلىنىپ، بىزدىن تەشۋىقات ماكانىنى تالاشتى. ئىلىنىڭ بازارلىرىدا دۆلەت سىرتىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەن قانۇنسىز دىن تەشۋىق قىلىش پىلاستىنكىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى، ئۈنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق ئۈن - سىن بويۇملىرى قايتا - قايتا چەكلەنگەن بولسىمۇ توگىمىدى، مەنبەسى تۇسالمىدى. 1999- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىلا شەھۋانىي مەزمۇندىكى، غازات قىلىش تەرغىپ قىلىنغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرىدىن 191 قاپ قولغا چۈشۈرۈلدى. ئىلىنىڭ چېگرا لېنىيىسى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تەشۋىقات ئەسلىھەلىرىمىز ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقتىن گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك دائىرىگە ۋە ماكانغا يەتكۈزۈش تەس، ئەكسىچە دۆلەت سىرتىدىكى بەزى تەشۋىقات ۋاستىسى ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇۋۋىتى چوڭ، تاغلىق رايوندا ياكى چېگرىغا يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاڭلايدىغىنى، كۆرىدىغىنىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلنىڭ رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىسى بولىۋاتىدۇ.

ھازىر يۇقىرى پەن - تېخنىكا دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئىنتېرنېت كۇلۇبى» غۇلجا شەھىرىدە پەيدا بولدى (نۆۋەتتە

شەھەر بويىچە توققۇزى بار)، ئورغۇن ساغلام بولمىغان ئىدىيە، ئۆقتىئىنەزەرلەر بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىپقىپ كىردى، بۇ شۈبھىسىزكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

## 2. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇرۇش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلى ۋىلايىتى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قاۋجىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى خىزمەت لايىھەسى ۋە خىزمەت پىكىر يولىنى باسقۇچلارغا، قاتلاملارغا بۆلۈپ بېكىتىپ، جامائەت پىكرى بازىسى قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتكەن خورىكىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

(1) بازا قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جامائەت پىكرى ھۇجۇمىنى زورايتىش

ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن بىز تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىسى قورۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردۇق، ھەمدە زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، قانۇن بىلىملىرى، مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەت تەشۋىق تەربىيىسىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇردۇق. 1992- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى «ئېلى كەچلىك گېزىتى» نى، ئېلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى، ئېلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنى قۇردۇق. 1997- يىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇيغۇرچە ۋە

قازاقچە قانالالار تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتتە رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە قانالىلىرى ۋە ئىلى كەچلىك گېزىتىنىڭ ئۈچ خىل يېزىق نۇسخىسى بولۇش، ھەمدە ئىلى ئىقتىساد رادىئوسىنى 24 سائەت ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ھازىرغىچە پۈتۈن ۋىلايەتتە: ۋىلايەت دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، تەڭشەلمە چاستوتىلىق رادىئو ئىستانسىلىرىدىن ھەر بىرسىدىن بىرى؛ ناھىيە دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن توققۇزى، ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ تارقىتىش رادىئو ئىستانسىسىدىن ئىككىسى؛ يېزا - بازار دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتىدىن 138 ى؛ كەنت دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۆيىدىن 522 سى (يىل ئاخىرىدا «كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش» ئاخىرلاشقاندا 633 كە يېتىدۇ) قۇرۇلۇپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 83% ۋە 88% كە يەتتى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى پروگراممىلارنى تەڭ قەدەمدە تارقىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، بىر قەدەر زىچ بولغان رادىئو، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسال قاپلىنىش تورى شەكىللەندۈرۈلدى.

ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇقىملىقنى قوغداش تەشۋىقات خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىگىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىگە خىلاپ، مىللىي ھېسسىياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان خەۋەر، ماقالە، گەپ - سۆز، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى قاتارلىقلارنى ھەرگىز باسمىدى، قويۇپ باقمىدى، خەۋەرلەردە مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئىش - ئىزلارنى داغدۇغىلىق ھالدا

تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي
قوغدىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ھازىرقى دۈشمەن ئەھۋالى ۋە
جەمئىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى ئاخبارات
ۋاستىلىرى بۇ جەھەتتىكى خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق
مىللەت تىللىرىدا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ھەمدە تۈزۈلۈك
سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. 1995- يىلى «14-
ئاۋغۇست» قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن،
ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى «غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئېلانى»نى تېزدىن باستى ۋە ئاڭلاتتى. ھەمدە «كىم مۇقىملىققا
بۇزغۇنچىلىق قىلسا شۇ جىنايەتچى بولىدۇ» ۋە «مۇقىملىق خىزمىتىنى
ئۇزاققىچە بوشاشتۇرماي تۇتۇش كېرەك» قاتارلىق بەش پارچە ئوبزور
ماقالىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ھەق
- ناھەقنى ئېنىق ئايرىتقۇزۇپ، مەيدانىنى مۇستەھكەملىدى. بولۇپمۇ
1997- يىل «5- فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ ئالدى - كەينىدە، «ئىلى كەچلىك
گېزىتى»، ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىلى خەلق رادىئو
ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۈچ خىل تىل - يېزىقتىن
پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئائىت 800 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى
ۋە كۆچۈرۈپ باستى. ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى دۈشمەنگە قارشى
تۇرۇش كۈرىشىدە بۇرغىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زور
مىقداردىكى پاكىتلار ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان، تېررورچى
جىنايەتچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش
قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش
كۈرىشىدىكى جەڭگىۋارلىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى.

پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى مۇۋاپپەقىيەتلەر تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلىدا يۈز بەرگەن غايەت زور
ئۆزگىرىشلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن نامايەن قىلىپ، سوتسىيالىزمنى

مەدەنىيلەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى مەدەنىيلەشنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى. مەسىلەن، 1998-، 1999- يىللىرى «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 20 يىللىقى» ۋە «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى» دەك پۇرسەتنى تۇتۇپ، «50 يىللىق تەرەققىياتقا نەزەر»، «20 يىللىق شانلىق مۇۋاپپەقىيەتلەر» قاتارلىق تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، بۇ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغاشتا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

(2) لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنى پائال تەشكىللەپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزتۇرانە تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ۋە ئاممىغا بولغان تەشۋىق، تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1997- يىلدىن بۇيان ئىلى ۋىلايىتى ئۈچ يىلدا جەمئىي 7498 كادىرنى تۆۋەنگە ئەۋەتىپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق ئېلىپ باردى. تۆۋەنگە ئەۋەتىلگەن كادىرلار يېزا، كەنت ئائىلىلەرگىچە بېرىشتەك پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىغا تايىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ھەر مىللەت ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئائىلىلەرگىچە تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ مېڭىسىگە ئورناتتى، مەركەزلىك تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئېرىنمەي ئېتىز - ئېرىق بويلىرىغا، دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچى ئاممىغا ئېقىم مەسىلىلىرى، ھەمدە قانۇن - تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەشۋىق - تەربىيىنى قايتا - قايتا ئېلىپ باردى. 1997- يىل يازلىق تەتىلدە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا، بازار، مەيدان، كەنت (ئەترەت) لەردىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى لېكسىيە سۆزلەش گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈنۈپ كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ، يېرىم ئاي داۋاملاشقان تەشۋىق، تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1998- يىل، پۈتۈن ۋىلايەتتە يىل بېشىدا 2517 كادىرنى

ئۆزۈن مەزگىل ئاساسىي قاتلامغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەندىن سىرت، 12- ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە 1795 نەپەر ئورگان كادىرى ئاجرىتىلىپ، «مىڭ كىشىلىك لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى» تەشكىللەپ، سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى 150 نەچچە يېزا، بازار، مەيدانغا لېكسىيە سۆزلەشكە ئەۋەتىلدى، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى بىر يېرىم ئايدىلا 3948 مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ، 667 مىڭ ئادەمنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتە بىر قېتىملىق «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش» تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى، ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇنلىغان ئامما بىزنىڭ جخ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە ئورگانلىرىمىزغا كېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ يوشۇرۇن، رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋاقتىدا، دەل، ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشىمىزنى ئىشەنچلىك، قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

(3) باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاممىنى تارىخى ماتېرىيالىزملىق قاراش بىلەن تەربىيىلەش

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى، ھەم ۋاڭ لېچۈەن شۇجى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 5- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 5- قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىندىكى سۆزىنىڭ روھىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللىدى. ھەر مىللەت

كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنى شىنجاڭ تارىخى، مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ۋە يېتەكلىدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆگىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ۋىلايەت بويىچە «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ قالدۇق زەھىرىنى تازلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەربىيە ئوقۇشلۇقى» ۋە «ئىلى تارىخىغا دائىر قىسقىچە ئوقۇشلۇق» قاتارلىق كىتابتىن 400 مىڭدىن كۆپرەك تارقىتىلدى، ھەممە مىللىي يېزىقتىكى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى»، «يىغىلىش، نامايىش قىلىش قانۇنى» ۋە «دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» دىن ئىبارەت «ئۈچ قانۇن، بىر بەلگىلىمە» ماتېرىيالىنى تەرجىمە قىلىپ بېسىشقا تەشكىللەپ، 10 مىڭ نۇسخا باستۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە «شىنجاڭنىڭ ئۈچ تارىخى» تەربىيە ماتېرىيالىنى (خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىدا) تۈزۈپ 140 مىڭ نۇسخا بېسىپ، ئۇنى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى.

(4) مەكتەپ بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش

1. ئىدىيىۋى تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىملىق خىزمىتىدىكى «بىرىنچى قول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش. 97- يىلدىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ، مەمۇرىي تارماقلىرىدا مۇقىملىق خىزمىتى رەھبەرلىك گورۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياكى ئىدارە باشلىقى گورۇپپا باشلىقى بولۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىگە مەخسۇس كادىر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 99- يىلىنىڭ بېشىدا، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دىكى مائارىپ تارماقلىرىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، 3 تىن 4 كىچە مەخسۇس (قوشۇمچە

ۋەزىپىدىكى) خادىم سەپلىنىپ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ھەرقايسى يېزا (بازار) مەيدانىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشخانىسىغا 1 دىن 2 گىچە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مەخسۇس كادىرى سەپلەندى؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەردە سىياسىي تەربىيە ئىشخانىسى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇپ، 2 دىن 3 كىچە سىياسىي يېتەكچى سەپلىنىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر تۇتاش تۇتۇپ، تەڭ باشقۇرۇشتەك بىر گەۋدە خىزمەت قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

2. پىلان تۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇقىملىق خىزمىتىگە ئائىت بىر يۈرۈش ھۆججەتلەرنى، مەسىلەن، «مەركىزىي كومىتېت [96] 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇقىملىق خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»، «مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى، 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش، مائارىپ سىستېمىسىدا مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»، «مائارىپ سىستېمىسىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش، مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇقىملىق خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»، «مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بىخەتەرلىك خىزمىتى تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە «ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر

دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە باھالاش كۆرسەتمە سىستېمىسى» قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلىپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر مەۋسۇمنىڭ ئاخىرى ۋە ئوقۇش باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قىشلىق، يازلىق كانىكۇللاردا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا 7 كۈندىن 10 كۈنگىچە سىياسىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1999- يىلىنىڭ بېشىدا، مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ۋىلايەتلىك «شىنخۇا لوڭقىسى»نى تالىشىش «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەربىيە ئوقۇشلۇقى» بويىچە كىتاب ئوقۇپ جاۋاب بېرىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، 200 نەچچە مىڭ نۇسخا «ئوقۇشلۇق» تارقىتىلىپ، 200 مىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا بىر قېتىملىق چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بولدى.

3. مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلدى. پارتكوم (باش ياچېيكا، ياچېيكا) رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام مەكتەپلەر پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

4. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنىپ، مەكتەپلەردىكى ھەرخىل كىتاب، ماتېرىياللار، كونسپېكت - دەرسلىك قاتارلىقلار چوڭقۇر تەكشۈرۈلۈپ، تۈرلۈك دەرسلىكلەر مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق، جۇغراپىيە، تارىخ، ئىدىيە - ئەخلاق دەرسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ماركسىزم، لېنىنىزم ساۋاتلىرى ھەم مىللەتلەرگە دائىر ساۋات، «ئۈچ تارىخ» تەربىيىسى قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى تەلەپلەر بويىچە تولۇق، ياخشى تەسىس قىلىندى. تىزىملىتىلمىغان ياكى كام تىزىملىتىلغان

دەرسلىكلەر ۋاقتىدا تولۇقلاندى.

5. مەكتەپلەرنىڭ جخ، قوراللىق ساقچى، ئەدلىيە، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بىرلىكسەپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ئورگان خىزمەت كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان قەرەللىك ئالاقىلىشىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، مەكتەپ سىرتىدىن سىياسىي يېتەكچى تەكلىپ قىلىنىپ، قەرەلسىز ھالدا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيە سىنىپى ئېچىلىپ، مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئالاقىدار قانۇن، قائىدە، نىزام بىلىملىرى توغرىسىدا، ماركسىزملىق مىللەت قاراش، دۆلەت قاراش، دىن قاراش ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى توغرىسىدا، پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەت سىياسىتى ھەم «ئۈچ تارىخ» توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى.

6. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قەرەللىك، قەرەلسىز بولغان تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسى، تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئېچىلدى ھەمدە ھەر قېتىملىق ئۆگىنىش تەسىراتى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئارخىپقا سېلىنىپ، ئۇ مائارىپ خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى يىللىق تەكشۈرۈش، ئىلغارلارنى باھالاش، ئۇنۋان باھالاش ھەم ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىندى.

7. مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش سالمىقى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ۋە چېتىلىپ قالغان 30 نەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغاش

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە بىز ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل ۋاسىتىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تەشۋىقات ماشىنىسى، تەشۋىقات ۋەرىقى، تاختاي گېزىتى ۋە مەخسۇس بەت قاتارلىق تەشۋىقات بازىسىدىن كۆپ قېتىم پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، ماركسىزملىق مىللەت قاراش ۋە دىن قاراشنى تەشۋىق قىلدۇق. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە 1800 ماشىنا (قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسى) چىقىرىلدى، 1 مىليون 400 مىڭ پارچە تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىلدى، تاختاي گېزىتلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ 614 قېتىم تەشۋىق قىلىندى، بۇنىڭغا قاتناشتۇرۇلغان تاختاي گېزىتى 12 مىڭغا يەتتى، 8400 سان مەخسۇس تەشۋىقات بېتى ئىشلەندى. بولۇپمۇ 1999- يىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە تەشۋىقات بۆلۈمى باش بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە «شىنخۇا لوڭقۇسى — ‹شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەربىيە ئوقۇشلۇقى›، كىتاب ئوقۇش، جاۋاب بېرىش مۇسابىقىسى»نى قانات يايدۇردى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كادىر، ئامما، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىنىڭ سېتىۋالغان «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەربىيە ئوقۇشلۇقى» 320 مىڭ نۇسخىغا يەتتى (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدۇ). 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كىتاب ئوقۇش، جاۋاب بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. يېزا، ناھىيىلەردىكى قاتلاممۇ - قاتلام تاللاش مۇسابىقىسى ئاساسىدا ۋىلايەت غۇلجا شەھىرىدە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، پۈتۈن ۋىلايەتتىن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە 90 كاماندا، 600 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يۇقۇرقى پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى شىنجاڭ تارىخىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

(6) خىزمەت فاڭجېنىنى تەكشەپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان خورىكىگە قاتتىق زەربە بېرىش

1998- يىلدىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى زوراۋان، تېررورچىلارغا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە «قوغلاپ زەربە بېرىش، بېسىپ

زەربە بېرىش، قېزىپ زەربە بېرىش» تەك كۈرەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، خىزمەتتە بىرقەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان 102 زوراۋان تېررورچىدىن ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ قولغا ئالغىنى 59 بولۇپ، قولغا ئېلىش ئومۇمىي سانىنىڭ %57.4 نى ئىگەللەيدۇ. بولۇپمۇ 1999- يىلدىن بۇيان ۋىلايەت بويىچە بۆلگۈنچىلىك شايكىسىدىن 15 ى، قورال، پارتلىتىش ئۈسكۈنىسى ياساش ئۇۋىسىدىن توققۇزى بىتچىت قىلىندى، قانۇنسىز ھەرىكەت قىلىش ئورنىدىن 36 ى بىكار قىلىندى، دېلولارغا چېتىشلىق 291 ئادەم قولغا ئېلىندى، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ قېچىپ يۈرگەن 14 جىنايەتچى قولغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھامۇت ماموت قاتارلىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان تۆت مۇھىم جىنايەتچى قولغا ئېلىندى؛ «6- ئاپرېل» زوراۋانلىق، تېررورلۇق گورۇھى دېلوسىنىڭ باش جىنايەتچىسى خەمىت قاتارلىقلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، چوڭقۇر يوشۇرۇنغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر تاپانچىلىرىدىن 20 نەچچىسى قېزىپ چىقىرىلدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىش ھەرىكىتى داۋامىدا بىر يەنە زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسىدىن ئىككىنى يوقاتتۇق، باشلامچىلىق قىلغان تاپانچىلاردىن 26 نى قولغا ئالدۇق، ئالتە تال مىلتىق، 200 پاي ئوق، 11 دانە كاپسۇل، ئۆزى ياسىغان بومبىدىن بەش دانە ۋە زور بىر تۈركۈم پارتلىتىش دورىسى، قاتىللىق قوراللىرىنى قولغا چۈشۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر يەنە ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرنالدىن 1747 نۇسخا، ئەكسىيەتچىل ئۈن - سىن بويۇملىرىدىن 750 قاپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 1720 پارچىنى قولغا چۈشۈردۇق.

(7) دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

«5 ـ فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تېزدىن 300 نەچچە دىنىي زات قاتناشقان يىغىن ئاچتى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا، بازار، مەيدانلارمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 500 نەچچە مەيدان دىنىي زاتلار ئۆگىنىش يىغىنى ئاچتى. 10 نەچچە مىڭ دىنىي زات مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ھازىرغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە دىنغا ئائىت قانۇن ـ تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسىدىن جەمئىي 119 قېتىم ئېچىلىپ، 6202 ئادەم تەربىيىلەشكە قاتناشتى، قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش ماتېرىيالىدىن (ئۈچ خىل تىلدا) جەمئىي 4500 نۇسخا تارقىتىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيە، يېزىلاردا دىنىي زاتلار قانۇن ـ تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسىدىن 290 قارار ئېچىلىپ، 5742 دىنىي زات تەربىيىلەشكە قاتناشقان. بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى، قانۇن ـ تۈزۈم سەۋىيىسىنى ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتەردى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بىز يەنە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يەر ئاستى دىن ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى ھەم دىن ئۆگەنگۈچىلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتۇق. قانۇنسىز سېلىنغان دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 58 نى ئەمەلدىن قالدۇردۇق، تاقىۋەتتۇق. 1992 ـ يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) دە دىنىي سىنىپتىن سەككىزى، دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 18 ى ئېچىلىپ، قانۇن ـ تۈزۈم قارشىغا ئىگە، دىنىي بىلىم سەۋىيىسى بار ياش دىنىي كەسپى خادىمدىن 218 ى تەربىيىلەندى، ئۇلاردىن 177 ئادەم لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، 86 ئادەم دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ.

## 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى تەدبىرلەر

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ھالىتىگە قارىغاندا گەرچە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بىرقەدەر تىنچ، مۇقىم بولسىمۇ لېكىن يوشۇرۇن، سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇقىمسىز ئامىللارنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، جاپالىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك. شۇڭا بىز قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمەي، ھەسسىلەپ ھوشيار بولۇپ، پائال، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بارلىق دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى مەغلۇپ قىلىشىمىز كېرەك.

(1) مىللەت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئامما ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەت، دىن سىياسىتى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىدا «مىللەت مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، پەيدا بولۇش مەنبەسى قانداق بولسۇن، شۇ مىللەت ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئىلغار ياكى قالاق بولسۇن، دىنىي ئېتىقادىي ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قانداق بولسۇن ھەممىسى بىردەك باراۋەر بولۇش كېرەك» دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ھەرقانداق مىللىي كەمسىتىش ۋە ئىزىشنى چەكلەپ، ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات جەھەتتە ئىتتىپاق، ئىناق، سەمىمىي دوستانىلىقتا تولغان سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە بەرپا قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى

مەنزىرىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

(2) پانئىسلامىزم، پانتۈركىسىزم سەپسەتىسىنى تەنقىت قىلىپ، تارىخى ماتېرىيالىزم ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەش كېرەك

پانئىسلامىزم، پانتۈركىسىزم سەپسەتىسىنى زور كۈچ بىلەن تەنقىد قىلىپ، تارىخى ماتېرىيالىزملىق قاراش ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى يېتەكلەش لازىم. ئامما ئارىسىدا جۇڭگو تارىخى، شىنجاڭ تارىخى ھەم ئېلىمىزنىڭ رايون ئەھۋالىنى ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ مېڭىسىگە شىنجاڭ ھەتتا ئېلىمىز ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جاي ئىكەنلىكىنى، تارىختا كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشى ۋە ئۆز ئارا تولۇقلىشى سەۋەبىدىن مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئېلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى، بەدىئىي تۇرمۇش يۈكسەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ئورنىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت، سەنئىتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، مەدەنىي ساپاسىنىڭ ئورتاق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئېلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

(3) ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ياچېيكىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ئىدىيۋى، سىياسىي تەربىيە جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق، بىر ئىتتىپاق ئەزاسى بىر نۇر» بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېلىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ھەر مىللەت ئاممىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي پروگراممىسى تەربىيىسىنى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم

تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھۆل تىشقا ئايلاندۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيۋى تەربىيىنى — ئىدىيۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ھەممىدىن مۇھىمى قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە ھەق - ناھەقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، ئېسىل نەرسىلەر بىلەن ناچار نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلىك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سەپسەتىلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئاڭلىق تاقابىل تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

(4) ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك

رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژورنال، كىتابلارنىڭ ئىجابىي تەشۋىقات ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدا قولغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم. كۈچلۈك جامائەت پىكرى قورالىدىن پايدىلىنىپ، ساغلام، ئاتېئىزم جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىمى ۋە جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى ۋاقتىدا كۈچلۈك پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش لازىم. بولۇپمۇ مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى بېسىش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي تىل - يېزىقتىكى رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىتلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى كۆپلىگەن ساغلام روھى ئوزۇق بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەش كېرەك.

نەزەرنى — ئاممىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنى تەربىيە جەريانىدا ئويغىتىش، تەربىيە جەريانىدا يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

(5) كۆرەش شەكلىگە ئاساسەن تەربىيە ئۇسۇلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىش كېرەك

مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، بوزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ھالدا كەنت، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە گەرچە بىز بەلگىلىك ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلىغان بولساقمۇ، لېكىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، تەربىيىلەش شەكلى، تەربىيىلەش مەزمۇنى، تەربىيىلەش ئوبيېكتى قاتارلىق جەھەتلەردە دائىم بەزى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئۇچراشتىن، خىزمەت جەريانىدا بەزى سەۋەنلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇڭا تەربىيىنىڭ يېڭى يولى، يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش نۆۋەتتە ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتتىكى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى. مەسىلەن، «قوش تىل» ئۆگىنىش قەدىمىنى تېزلەتكەندە ھەم تىللارنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتكىلى، ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

(6) سىياسەت جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسى قوزغۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىھەگە، ئىستېمالغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان تارماقلار بولۇپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، قوزغۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرغاندىلا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋىلايەت تەشكىلىي تۈزۈلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتى قىسقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىلايىتىمىزنىڭ مالىيىسى ئىنتايىن قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە بولغان سېلىنما ناھايىتى كەمچىل بولدى. بۇ، ئىدېئولوگىيە

تارماقلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى ۋە چەكلىدى. مەسىلەن: تەشۋىقات بۆلۈمى ئىدېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ باشلامچى ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەمىشە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق خىزمەت تەسەۋۋۇرى ھەم پىكىر يولىغا ئىگە، لېكىن ئىقتىسادنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن دائىم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامال قىلالمايدۇ، ناھىيە (شەھەرلىك) تەشۋىقات بۆلۈملىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كۆپ قىسمىنىڭ كەسپى راسخوتى يوق. دائىم جىددى خىزمەت بولۇپ قالغاندا ناھىيە (شەھەر) رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن راسخوت ئىلتىماسىنى بېجىرگىلى بولىدۇ.

رادىئو تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، گېزىتخانا تېخىمۇ قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقتا قالدى. ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 خىل تىلدا پروگراممىا تارقىتىدۇ، لېكىن ۋىلايەت مالىيىسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خادىملىرىنىڭ مۇئاشىنى ھۆددىگە ئالغاندىن سىرت، ھەر يىلى پەقەت 50 مىڭ يۈەن كەسپى راسخوتى بېرىدۇ، ئەمما بۇ مەبلەغ تېلېۋىزىيىنىڭ بىر يىللىق نورمال قويۇلۇشىدا سەرپ قىلغان توك پۇلىنى تۆلەشكىمۇ يەتمەيدۇ. «ئىلى كەچلىك گېزىتى» ئۈچ خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ، 100 گە يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، يىللىق كەسپى خىراجىتى 900 مىڭ يۈەن، 1999ـ يىلى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتىلدى، ئەمما يەنىلا 2 مىليونغا يېقىن مەبلەغ كەم. بۇ گېزىتخانا قۇرۇلغىنىغا سەككىز يىل بولسىمۇ تا بۈگۈنگىچە ئۆزىگە تەۋە ئىش بېجىرىش ئورنى يوق.

مەدەنىيەت تارماقلىرىمۇ شۇنداق، ۋىلايەتتە ھازىر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۆمىكىدىن ئۈچى بار، بىر مەدەنىيەت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تا بۈگۈنگىچە ئىش بېجىرىش، رېپېتىسىيە قىلىش سورۇنى يوق بولۇپ، رېپېتىسىيە قىلىش ھەققى ھەم سىرتقا چىقىپ ئويۇن قويۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىرلىك سەپ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئويۇشمىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ

ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىقتىساد كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقى مەۋجۇت، بۇ شەك - شۈبھىسىزكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىدىيولوگىيە تارماقلىرى خىزمىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىخ ئۇلارغا يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى ئۈچۈن، بىز يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھەم مالىيە تارماقلىرىنىڭ بىزگە سىياسەت، مالىيە جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئىدىيولوگىيە تارماقلىرىغا بولغان ئىقتىسادىي سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىمىز.

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بوشاشماي پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك

## ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

كۆپ يىللاردىن بېرى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەت مۇقىملىقى خىزمىتىگە ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت تەۋەسىدە بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى زور كۆلەملىك يۈزتۇرانە تەشۋىقات، تەربىيە قانات يايدۇرۇلۇپ، كادىرلار ۋە ئامما ئىچىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپى قۇرۇلۇپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ۋىلايەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ساغلام راۋاجلانماقتا.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەجرىبىسى ۋە ئۇسۇلى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلايمىز.

## 1. تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللار

1) ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ چىقىش. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي كۈرەش دېمەكتۇر. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم كادىرلار ۋە ئاممىغا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى ئىزچىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. كادىرلار ۋە ئاممىغا كەڭ دائىرىلىك چوڭقۇر، ئىنچىكە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ مەنبەسى.

ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشتە، بىز ئاساسلىقى مۇنداق ئۇسۇللارنى قوللاندۇق: بىرىنچى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردۇق. 1997ـ يىلدىن بېرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىككى قېتىم زور كۆلەملىك يۈزتۇرانە لېكسىيە سۆزلەش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. مۇكەممەل بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئىككى قېتىملىق لېكسىيە سۆزلەش تەربىيىسىگە ناھىيە (ئىدارە) دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلاردىن 96 سى، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلاردىن 122 سى، ئادەتتىكى كادىرلاردىن مىڭدەك ئادەم ئاجرىتىلغان. مىڭ كىشىلىك لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى 300 نەچچە گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ، يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى، مەھەللىلەر، مەكتەپلەر، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارغىچە بېرىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزى، ماركسىزملىق «بەش قاراش» ۋە 15ـ قۇرۇلتاي روھى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»، «فالۇن گۇڭپىسى» ۋە «ئىككى جۇڭگو نەزەرىيىسى» قاتارلىقلارغا رەددىيە

بەردى، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار 680 مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇ خىلدىكى لېكسىيە سۆزلەش تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماي، شەكلىمۇ خىلمۇ - خىللاشتۇرۇلدى، مەسىلەن، كونسۇلتاتسىيە، تام گېزىتى، رادىئو، نوتۇق سۆزلەش، ئىمتىھان ئېلىش، سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار. ئامما بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ: «يۈزتۇرانە تەشۋىقاتنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى جانلىق ئىكەن، ئاڭلىغان كىشى چۈشىنەلەيدىكەن، ئېسىدە تۇتالايدىكەن» دېيىشتى. ئىككىنچى، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى تۈزۈلدى ۋە بېسىپ چىقىرىلدى. 1996- يىلدىن بۇيان كەڭ كادىرلار، ئامما ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىز ئادەم تەشكىللەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قاراش، دىن قاراش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال - جاۋابلىق كىتابلاردىن 40 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكنى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى، ماركسىزملىق «بەش قاراش» نى ئۆگىنىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ئوقۇشلۇقىدىن 100 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكنى باستۇردۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يۇقىرى دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ بىزدىن زاكاس قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ھەرخىل ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئاكتىپ سېتىۋېلىپ، ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇردۇق.

ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۆگىنىش، تەربىيە ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئامما شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالدى، «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» نىڭ ئەكسىيەتچىل ئالدامچىلىق ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا بولغان ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كۆپ يىللاردىن بېرى جەمئىيەت مۇقىم

بولۇپ كەلدى، بۇنىڭ ئەڭ تۈپكى سەۋەبى بىزنىڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى، تەربىيىنى قەتئىي بوشاشماي تۇتقانلىقىمىزدىن، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىدىن بولدى. كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى كۆتۈرۈلسە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھېچقانداق پۇرسەت تاپالمايدۇ. ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىمۇ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئېرىشىدۇ.

2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. تارباغاتاي ۋىلايىتى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئىناق ئۆتۈشى، ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى تۈرلۈك ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى ئىشلەشتە بىز ئاساسلىقى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر يىلىنىڭ 5- ئېيىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ياخشى تۇتۇپ، 5- ئاي ئارقىلىق پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولدۇق. كونكرېت ئۇسۇلىمىز: تەربىيە ئېيى پائالىيىتى پىلانىنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيە ئېيى پائالىيىتىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇشتىن ئىبارەت بولدى. مەسىلەن، 1999- يىلدىكى 17- قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، بىز ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدە ئون بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا مۇنداق ئون يېڭى ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندى: بىرىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى «4- ماي ھەرىكىتى»نىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل تەربىيىدە، ياشلارنى ئاساسلىق تەربىيە ئوبيېكتى قىلىشتەك ئالاھىدىلىك بارلىققا

كەلتۈرۈلدى. ياشلار ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، ئۇلارغا شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقاتقان ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالىرىنى پاش قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئىككىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئاساس قىلىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ش ئا ئە ت دۆلىتىمىزنىڭ يوگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك بۇ زوراۋانلىق قىلمىشنى ئەيىپلەش بىلەن بىرگە ئىتتىپاقلىقنى ئېخمۇ كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى؛ ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە ئېيى پائالىيىتىدە ئىدىيىۋىلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» نىڭ يادروسى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش، شىنجاڭدا، سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش دېگەنلىك، يولداش جياڭ زېمىن يادرولىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت؛ تۆتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى «ئوچۇق - ئاشكارە بولۇش قۇرۇلۇشى» بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىرلەشتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى. مەمۇرىي ئىشلار، كەسپى ئىشلار، كارخانا ئىشلىرى، كەنت ئىشلىرى، مەكتەپ ئىشلىرىدا ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشنى يولغا قويۇش ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشقا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق؛ بەشىنچى، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە بۇتكەش ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بۇرۇنقىدەك كىتاب - ژۇرناللا ئوقۇشتەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئاممىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى، بولۇپمۇ، تۆۋەنگە بېرىپ كېسەل كۆرۈش، دېھقان - چارۋىچىلار ئويلىغاننى ئويلاش، ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى، غەمخورلۇقىنى ئاممىغا يەتكۈزۈش خەلق ئاممىسىنىڭ سەمىمىي قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى؛ ئالتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەدەنىي ئورۇن بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش جەريانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ يەتتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ۋۇدېڭيۈندىن ئۆگىنىش، ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلەش، تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى، ۋۇدېڭيۈن يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى، ئۇنىڭ روھى تۈرتكىسىدە ۋىلايىتىمىزدە جاڭ جياتىڭ، مۇقىيات، قۇمار قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپلار مەيدانغا كەلدى. بىز ئۇلارنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ، تەقدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق؛ سەككىزىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ توققۇزىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

تەربىيىسى نامراتلارنى يۆلەش قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەربىيە پائالىيىتىدە مول خىلمۇ - خىل، تەسىرلىك، جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

پۇختا، ئۈنۈملۈك بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

3) تەربىيىنى باللاردىن باشلاپ تۇتۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا پۇختا ئاساس سالدۇق. ۋىلايىتىمىزدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 165 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %19.7 نى ئىگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسى (بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى)، شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەربىيە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوقۇم باللاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. تەربىيە جەريانىدا بىز ئوخشىمىغان ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى تۈزۈپ، باستۇرۇپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ ئاساسى روھى ۋە ماركسىزملىق «بەش قاراش»نىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى دەرسلىككە، دەرسخانىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىگە كىرگۈزدۇق. نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرسلىك ئوقۇتۇشىغا يۇقارقى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئېلىش دائىرىسى %90 دىن

ئاشتى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى يەنىمۇ تونۇپ، «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## 2. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئۆزۈندىن بېرى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشىمىز زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، لېكىن، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئەگىشىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە تولۇق ماسلىشىپ كەتكىنى يوق.

1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىگە بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئۆزۈندىن بېرى چوڭ ۋەقەلەر يۈز بېرىپ باقمىدى، جەمئىيەت نىسبەتەن مۇقىم، شۇڭا بىر قىسىم ئامىمدا، جۈملىدىن ئاز ساندىكى رەھبىرى كادىرلاردا ۋىلايەتتە ھېچقانداق ۋەقە سادىر بولمايدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى مۇھىت بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ دەپ قارايدىغان، بىخۇتلۇق ئىدىيىسى ئاز - تولا باش كۆتۈرۈپ، سەل قاراش كەيپىياتى كۆچىيىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك.

2) تەشۋىقاتتىكى بەزى خىزمەتلەر كەينىدە قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تەشۋىقات خىزمىتى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ،

ئىلگىرىكى خىزمەتلىرىمىزدە بىزنىڭ بەزى تەشۋىقات خىزمەتلىرىمىز ۋاقتىدا يېتىشىپ ماڭالماي، خىزمەتتە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق، مەسىلەن، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىدە شۇنداق بولدى. تەشۋىقاتىمىزنىڭ ۋاقتىدا، جايىدا بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ئەسلى ئاددى بولغان بۇ خىزمەت مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

3) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سىرتتىن كەلگەنلەرنى باشقۇرۇش دېگەندەك مۇكەممەل بولمىدى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈستىلىق بىلەن نىقاپلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پۇرسەت تېپىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

4) ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ تەسىرىدە روزا تۇتتۇۋاتىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ «مائارىپ بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش» پرىنسىپىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپ. مەسىلەن، 1999- يىلى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ رامىزان ئېيىدا ۋىلايەتلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتقان، گەرچە بۇ ئىش ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى ناھايىتى يامان بولدى.

5) ۋىلايىتىمىزدىكى ئايرىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، باشقۇرۇش دېگەنلىك ياخشى بولماسلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ئاللاھ پارتىيىسىنىڭ بىر غوللۇق ئادىمى ساۋەنىنىڭ ئۇلانئۇس بازىرى سەنگۇڭدىيەن كەنتىدە ئۈستىلىق بىلەن نىقاپلىنىپ ئىككىي يىلدىن ئارتۇق يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. ھەر قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى سىرتتىن كەلگەنلەرنى تەكشۈرۈشكە بارغىنىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھوشيارلىقى كۈچلۈك بولمىغانلىقى، ئېڭى تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك، ئاكتىپ ماسلاشماي، جامائەت خەۋپسىزلىكى، بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ رازۋېت خىزمىتىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرگەن.

## 3. قارشى تەدبىرلەر

يۇقارقى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن كۈچەيتىمەكچى:

1) تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۈرەش يۆنىلىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش. ئىلگىرى بەزى يولداشلىرىمىزدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش مەسىلىسىدە بىخوتلۇق ئىدىيىسى، بوشىشىش كەيپىياتى بولغان، بۇنىڭ توپ سەۋەبى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشەنمەي، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە زىيادە ئۈمىتۋار بولۇپ كېتىپ، ناھايىتى جىددى، مۇرەككەپ مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتە، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك. ئەمەلىيەتتە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى، بولۇپمۇ ش ئا ئە ت يوگوسلاۋىيەنى بومباردىمان قىلغاندىن بېرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ خورىگى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇلار ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىپ، بىر تەرەپتىن مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىپ، كوسوۋو كىرزىسىنىڭ يۈز بېرىشى «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ تاشقى مۇھىتىغا تېخىمۇ پايدىلىق، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى دەپ قارىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش يېڭى پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، مىللىي توقۇنۇشنى كېڭەيتىۋېتىش، قوراللىقلاشتۇرۇش، مىللەتنى بىرخىللاشتۇرۇش ھەمدە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مۇھىم نىشان قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتىگە دائىر بىز ئىگىلىگەن

ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە: «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى سىياسىيلەشتۈرۈش، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنى ئاشكارىلاشتۇرۇش، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكىلەر تىل بىرىكتۈرۈشنى ئوچۇق ئاشكارىلاشتۇرۇش، خادىملار تەركىبى مۇرەككەپلىشىش، قورال - ياراغنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتەك يېڭى ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىمىز ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق تۈزەيدىغان رايون بولمىسىمۇ، لېكىن كۈرەش ۋەزىيىتى ئوخشاشلا جىددى ھەم مۇرەككەپ. 1998- يىلدىن بېرى جەنۇبىي شىنجاڭ، ئىلى، شەرقىي شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرى ۋىلايىتىمىز تەۋەسىگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، «غازات» قىلىشنى كۆككە كۆتۈرۈپ، مەخپىي ھالدا ئەزا قوبۇل قىلىپ، قورال ياساپ، رايون ھالقىغان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات قۇرۇشنى پىلانلاپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تېنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى بۇزماقچى بولدى. بۇنىڭغا قارىتا بىز چوقۇم سەگەك بولۇپ، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، دەلمۇ - دەل تاقابىل تۇرۇشىمىز، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. مۇقىمسىز ئامىللارنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

2) تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىش. تەشۋىقات تارماقلىرى پارتكومنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى خىزمىتىگە دائىر ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، تەشۋىقات پىلانىنى بالدۇرراق تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. تەشۋىقات خەۋەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ھېچقانداق پۇرسەت بېرىلمەسلىكى لازىم. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە دائىر ماتېرىياللارنى يىغىپ، سالمىقى بار تەشۋىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، جامائەت پىكرى

يېتەكچىلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئەسلىھەلەرنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، تەشۋىقات شارائىتىنى ياخشىلاپ، تەشۋىقات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى جەمئىيەت مۇقىملىقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

3) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سىرتتىن كەلگەنلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. جەنۇبىي شىنجاڭ، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر تايانچىلىرىنىڭ ۋىلايىتىمىز تەۋەسىگە سىڭىپ كىرىشىدىكى مۇھىم ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى پەردازلاپ، شەھەر يېزىلارنىڭ تۇتىشىدىغان جايلىرىغا، چەت يېزا كەنتلەرگە سوقۇنۇۋېلىپ، تۈرلۈك ساختا قىياپەتلەر ئارقىلىق ئاممىنى ئالداش؛ پۇرسەت تېپىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى ۋە مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلاش؛ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە يىرىكچىلىك سېلىپ مىللىي ماجرا تۇغدۇرۇپ، ئاسترىتتىن ئەزا قوبۇل قىلىپ بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، يوشۇرۇنچە قورال ياساپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ جەھەتلەردە ئىلگىرى بىز ساۋاق ئالغان. چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن بۇندىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سىرتتىن كەلگەنلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز، يامان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

4) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. بىرىنچىدىن ئوقۇغۇچىلارغا پەنگە ئىشىنىش دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەردە قانۇن - تۈزۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر سەپلەش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن

مەكتەپلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مالىيىدە مەبلەغ قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ پەن - تېخنىكا سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى، ئەخلاق تەربىيىسى پائالىيىتى بازىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇش كېرەك.

5) ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋىلايىتىمىزدىن ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىلسىلا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئېغىر زەربە يەيدۇ.

6) نۇقتىلىق رايونلاردىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئىلىغا قارىغاندا ۋىلايىتىمىزدە جەمئىيەت نىسبەتەن مۇقىم، ئەمما ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىمۇ قىسمەن مۇقىمسىز ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تارىختا چەتكە قېچىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ چىققان، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى يۇسۇپ مۇقاسوف قازاقىستانغا قېچىپ بېرىلىۋالغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچنىڭ كاتتىبېشىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار زوراۋانلىق قوراللىق كۈرەش سۈيىقەستى ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. شۇڭا بىز ئاساسىي يوللار (يەنى جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى قاتارلىق تارماقلار) نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىنى قاتتىق نازارەت قىلىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە پەيدا بولغان ھامان ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

# سانجى ئوبلاستىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
سۈي شۇجېي

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ھەمدە ئۇنى مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

## 1. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر

(1) كادىرلارغا، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان ماركسىزملىق

مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش.

كادىرلارغا بولغان تەربىيىگە ئوبلاستلىق پارتكوم ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بۇ توغرىلىق مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، كۆپ خىل شەكىل ۋە يوللارنى قوللىنىپ، كادىرلار تەربىيىسى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ بازا ۋە تاۋلاش ئوچىقلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كادىرلارنى خىزمەتتىن ئايرىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە شىنجاڭ تارىخى قاتارلىقلار كادىرلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم مەزمۇن ۋە زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىندى. ئۈچ يىلدىن بۇيان پارتىيە مەكتىپى تەربىيىسىدە ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (شەھەر) لىك يېزا (بازار) لىق پارتىيە مەكتەپلىرىدە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن جەمئىي 2622 قارار ئېچىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل كادىردىن 248 مىڭ 85 ئادەم قېتىم (ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 57321 ئادەم قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 807 ئادەم قېتىم (ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 126 ئادەم قېتىم)؛ يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 14356 ئادەم قېتىم (ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 3366 ئادەم قېتىم)، بۆلۈم دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىرلار 232920 ئادەم قېتىم (ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 53802 ئادەم قېتىم) تەربىيىلەندى. كادىرلارنىڭ تەربىيىلىنىش دائىرىسى 95% كە يېتىپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقى ۋە سىياسىي قەتئىيلىكى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

ئىككىنچى، پارتكوم مەركىزى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىپ، مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىري كادىرلار مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكى كۈچەيدى.

ئۈچىنچى، ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەر يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى سەييارە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى، قىسىم، مەكتەپلەرگىچە بېرىپ، سەييارە لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە دوكلاتىدا مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 5- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چۈرىدەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەر چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك سۆزلەندى، لېكسىيە سۆزلەش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بىرقانچە يىلدىن بېرى جەمئىي 1325 مەيدان لېكسىيە سۆزلىنىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ۋە ئامما تەربىيىگە ئىگە قىلىندى.

(2) ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، يۈزتۇرانە تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش.

سانجى ئوبلاستى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق چوڭ ئوبلاستى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا خوشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى مەسىلىلەر تەدرىجىي ئاشكارىلىنىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە شۇ بولدىكى، دېھقانلارغا، چارۋىچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە يېتەرلىك بولمىدى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىغا ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىنمىدى. قىسمەن جايلاردا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1997- يىلدىن باشلاپ بىز مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس كۈرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەزمۇن قىلىنغان يۈزتۇرانە تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

بىرىنچى، ئوبلاستلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك، يېزا (بازار) لىق ئورگانلاردىن ھەر يىلى زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزا - بازار، كەنت، گورۇپپىلارغا ئەۋەتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە يۈزتۇرانە تەربىيە نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلدى.

ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلۇپ، مەڭگۈ قايتىپ كەتمەيدىغان خىزمەت ئەترىتى بەرپا قىلىندى. نۆۋەتتە پۈتۈن ئوبلاستىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەسپىي ۋە قوشۇمچە تەشۋىقاتچىدىن 1688 ى سەپلىنىپ، ھەربىر مەمۇرىي كەنت، تەبىئىي كەنتتە بىردىن تەشۋىقاتچى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقايسى شەھەر، ناھىيىلەر ئاساسىي قاتلام تەشۋىقاتچىلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قەرەللىك تەربىيىلەپ، قەرەللىك يىغىن ئېچىپ ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش مەزمۇنىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. ھازىر بۇ تەشۋىقاتچىلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئائىلىلەرگە، ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى

تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋە خەۋپىنى پاش قىلىپ، ئاممىنىڭ بولۇپمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھەق، ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۈچ يىلدىن بويان، كەنتتىن يۇقىرى ئاممىۋى يىغىنلار 110 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك ئېچىلىپ، 985 مىڭ پارچە ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بېسىپ تارقىتىلىپ، ئاممىنىڭ تەربىيە ئېلىش دائىرىسى 99% كە يېتىپ دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئىدىيىۋى مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇلدى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان، يېزا ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ماس ھالدا ئوبلاستىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېزىلاردىكى مەدەنىيەت ئۆيى، قىرائەتخانا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەربىر كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتكەن بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئۆيلىرى ۋە مەدەنىي پائالىيەت مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەر قېتىملىق چوڭ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ۋە تېرىلغۇنىڭ ئالدىراش ئەمەس چاغلىرىدا، ھەرخىل ساغلام ۋە پايدىلىق بولغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، قانات يايدۇرۇپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە چىرىتىشىگە ئۈنۈملۈك قارشى تۇردى.

(3) ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزملىق، ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش.

ئوبلاستىمىزدا ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپتىن 657 سى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 224415. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرى 206، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 74779.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھەرخىل خۇراپاتلىق، سەپسەتە ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىشكە قارىتا ھەرقايسى مەكتەپلەردە ئىلىم ـ پەنگە ئىنتىلىش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئاتېئىزمدا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى. ھەر مىللەت ياش، ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلىرىغا ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك، كوللېكتىۋىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە شىنجاڭ تارىخى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى» دېگەن ئىككى كىتابنى ئوقۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمدىكى پائالىيەتتە، پۈتۈن ئوبلاستىتىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە جەمئىي 5612 قېتىم سىنىپ يىغىنى، 2516 قېتىم ئەترەت يىغىنى 1325 قېتىم مەخسۇس تېما مۇزاكىرىسى تەشكىللىنىپ، كىتاب ئوقۇش تەسىراتىدىن 18621 پارچە يېزىلغان. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار خۇراپاتلىق، سەپسەتە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ھەم ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە كەلتۈرىدىغان خەۋپىنى تەدرىجى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلاردىكى ھەرخىل مەكتەپلەرمۇ «قولتۇقلۇشۇپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەش» مىللەتلەر بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇندى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «قولتۇقلۇشۇپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەش» قوشماقلىرىدىن بولغان مەكتەپلەر 497 گە يەتكەن؛ مەكتەپلەر، پىئونېرلار، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئوقۇغۇچىلىرىغا 700 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئوقۇشسىز قالغان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 80 ئوقۇغۇچىغا ياردەم بەرگەن.

(4) «بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، يەنە بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش» تا چىڭ تۇرۇش، ئاساسىي مېلودىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش.

سانجى ئوبلاستى چوڭقۇر تارىخى مەدەنىيەت چوغلانمىسىغا باي بولۇپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوبلاستىمىزدا مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ گۈللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە، 1979- يىلى «شىنجاڭ خۇيزۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى چىقىرىلىشقا باشلاپ، ھازىرغىچە 111 سان چىقتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭ ۋە ئوبلاستىمىزدا بىر تۈركۈم خۇيزۇ يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. 1991- يىلى تەسىس قىلىنغان قازاق يېزىقىدىكى «ئۆگىنىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» ژورنىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئوبلاستلىق مىللىي سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان چوڭ تىپلىق ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما «يۇرتىمىز گۈلگە پۈركەلدى» ، «گۈل ۋە غۇنچىلار» قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق تىياتىر دەپ باھالاندى ۋە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوبلاستتىكى ھەرقايسى شەھەر، ناھىيىلەردە ھەر يىلى مىللىي تۇسكە ئىگە مىللىي تەنتەربىيە يىغىنلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى، ئاقىللارنىڭ ئېيتىشىش يىغىلىشى، خۇئار يىغىلىشى قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردىكى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئويۇشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. جەمئىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق مەدھىيە ناخشىسى ياڭرىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشمۇ قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى. 1998- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قانۇنسىز دىنىي نەشر بويۇملىرىدىن 674 نۇسخا، ئۈن - سىن بويۇملىرىدىن 147 سى يىغىۋېلىندى. مۇشۇ يىللارنىڭ مابەينىدە مەخسۇس

رەتكە سېلىش، مەخسۇس تەكشۈرۈش ئىشلىرى دائىملىق تەكشۈرۈش بىلەن ئۇرگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، مەدەنىيەت بازارلىرىغا قارىتا دائىم زور كۆلەملىك ئىنقىلاب تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەرغىپ قىلىنغان كىتاب - ژورنال ۋە ئۈن - سىن بويۇملىرى بايقالغان ھامان يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوبلاستىمىز مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش يېڭى دەۋر مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر ئىجادىيەت. 1983- يىلدىن بۇيان، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاي ئارقىلىق يىلنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇدا 17 يىل داۋاملاشتۇردۇق، ھەمدە پائالىيەتتە پىلان بولۇش، سەپەرۋەر قىلىش، تەكشۈرۈش بولۇش، خۇلاسىلەش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە جايلار ھەرخىل تەشۋىقات قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش ۋە مەدەنىيەت قاراشنى، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى، دىن سىياسىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزملىق ئىدىيىسىنى، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى

بىر يۈرۈش يولىيورۇقنى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ۋە «ھەر مىللەت بۆيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن» دېگەن ئىدىيىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسى، ئائىلىسى بەرپا قىلىش، ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچىلار بىلەن خەلق، يەرلىك بىلەن بىڭتۇەن بىرلىكتە بەرپا قىلىش قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى كۆپ خىل شەكىلدىكى بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ھازىر، پۈتۈن ئوبلاستتىكى 5 ناھىيە، ئۈچ شەھەرنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ناھىيە، شەھەرگە، 85% ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇنغا ئايلاندى. ئىلگىرى - كېيىن ئالتە قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 418 ئورۇن، 849 شەخس مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخس بولۇپ تىكلەندى، بەزىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

(6) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئىشىنىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش

ئوبلاستىمىزدىكى بىر قىسىم رايونلاردا يەنىلا ناھايىتى ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش مەسىلىسىگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئىشىنىش مەسىلىسىنى پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، «ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاتېئىزم تەربىيىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئىشىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇپ، يۇقىرىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا، دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادىتى پەرقلەندۈرۈلۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسىلىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭدا تەربىيىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغان ۋە دىنىي ھەرىكەتكە قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ئۆزگەرتىش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەندى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە زور كۆپ سانلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرى دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشمايدىغان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پارتىيە قوينىغا قايتىپ كەلدى. تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چىكىندۈرۈلدى، نەسىھەت بەرسىمۇ چېكىنمىگەنلەر پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ساپلىقى ساقلاپ قېلىندى. بۇ نەچچە يىلدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشى نەتىجىسىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى، 1995- يىلى پۈتۈن ئوبلاستتا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزاسى 410 بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %0.79 نى ئىگىلىگەن، 1998- يىلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 87 بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %0.15 نى ئىگەللىدى، بۇنىڭ بىلەن يىلمۇ - يىل ئازىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

**2. نۆۋەتتە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىن نۇقتىلار**

(1) گەرچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىز ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە

ئەمما ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى دىن سىياسىتىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان تەشۋىق تەربىيىنى ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن قىسمەن پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ قىسمەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۇ جەھەتتە بىلىدىغىنى ئاز، يۈزە بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ قىسمەن پارتىيىلىك كادىرلار ھەتتا ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مىللەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشى مۇجمەل، بەزى بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت، بەزىلىرىدە ھەتتا تار، خاتا ئىدىيىۋى قاراشلار ساقلاندى.

(2) پارتىيە ئەزالىرىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەۋالى توسۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى يەنىلا ساقلانماقتا.

پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بارلىقىنى تەشۋىق قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى ۋە ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىغا سەل قارالدى، خىزمەتلىرىمىزدە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغداشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، قانداق قىلغاندا بىر ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداشقا، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداشقا سەل قارالدى.

دىنغا بولغان باشقۇرۇشتا زىيادە كەڭچىلىك قىلىنىپ، ئېتىپاقلىقلا تەشۋىق قىلىنىپ كۈرەش تىلغا ئېلىنمىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى قىسمەن پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيىلىك كادىرلار سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان دىنىي ھەرىكەتلەرنى دادىللىق بىلەن باشقۇرۇش ۋە چەكلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى، دائىم دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە خىزمىتى ۋاقتىدا ئىشلەنمىدى. ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىدى، شۇڭا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى توسۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ.

(3) ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىدە مەدەنىيەت دەرسى تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىگە سەل قاراش ھادىسىسى ساقلاندى، بولۇپمۇ چەت يىراقتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ماركسىزملىق، ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ.

### 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە مۇلاھىزە

(1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ھازىر، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر مەيلى ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى جەھەتتە ياكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى پائالىيەتچان ھالەتتە تۇرىۋاتقان بىر مەزگىل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇنىمۇ كۆرىشىمىز كېرەككى، بىر تەرەپتىن بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلەر مەۋجۇت، يەنە بىر تەرەپتىن، غەربتىكى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۈشمەن كۈچلىرى بىزنى يوقىتىش نىيىتىدىن يانماي، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزگە قارىتىلغان «غەربلەشتۈرۈش» ، «بۆلۈۋېتىش» سۈيىقەستىنى كۈچەيتمەكتە. بۇنداق مىللەت، دىن مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. سانجى ئوبلاستىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مۇقىملىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي

مۇقىملىق ۋەزىيەتنى ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە ئوبيېكتىپ تارىخى مۇھىتى ۋە ئوبلاستىمىزنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك، دۈشمەن ئەھۋالى جەمئىيەت ئەھۋالى يەنىلا بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددى بولماقتا. يولداش ماۋزېدۇڭ: «بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھەمىشە ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئىنقىلابىي سىنىپلار شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، بىر قولدا زەربە بېرىشنى، يەنە بىر قولدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى تۇتىشىمىز كېرەك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە چىرىتىشىنى ئىدىيىۋى يىلتىزى جەھەتتىن ئۈزۈل - كېسىل تازىلىغاندىلا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشكىلى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(2) ئىجابىي تەشۋىق - تەربىيىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان كۈچلۈك جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىلگىرىكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيە ئاساسىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا بولغان ئىجابىي تەشۋىق - تەربىيىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. بۇنىڭدا، بىرىنچى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن، سىياسىتى تەربىيىسىنى شۇنىڭدەك شىنجاڭ تارىخىغا دائىر قايتا تەربىيىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەشۋىقاتىنى دادىل ئېلىپ بېرىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، كىشىلەرگە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى، ئىنسانلار

جەمئىيەتنىڭ تارىخى تەرەققىيات مۇساپىسىنى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلدۇرۇپ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە فېئودال خوراپاتلىققا ئاڭلىق قارشى تۇرىدىغان قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، گېزىت - رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش ۋە دىن قاراشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىدەك توغرا ھۆكۈمنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش؛ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر شىنجاڭنىڭ باراۋەر ئىگىلىرى دېگەننى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(3) يۈزتۇرانە تەربىيىنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

بىرىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يۈزتۇرانە تەربىيىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام تەشۋىقات قوشۇنىنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، تەشۋىقاتچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلاملاردىكى بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى - مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. مەدەنىي

يېزا ـ بازار، مەدەنىي كەنت ۋە ئۆن يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنى تۈرلۈك ساغلام بولغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك.

ئىككىنچى، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ئۇلاردا كىچىكىدىنلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىنى چىڭ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى، سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە ماركسىزملىق، ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭ تارىخى تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك. تەربىيە، ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. كۈچ تەشكىللەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ۋە قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى ئىنچىكە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى نورمال دىنىي ھەرىكەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ چېگرىسىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن دىنىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەمەل قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىق

ئايرىۋېلىشقا يېتەكلەش، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەپتى - بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى پەرق ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان تەسىرىنى ئازايتىش كېرەك.

(4) ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەش سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت نامرات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامرات كەنتلەرنى ئاساسى جەڭ مەيدانى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش سېلىنمىسىنى كۆپ خىل يوللار بىلەن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى نۇقتا قىلىپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئائىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش كېرەك.

يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش كېرەك، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تېرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك، ھەم ئۇلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش، ھەم ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈش كېرەك. پەقەت ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن

پەن - تېخنىكا بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن تەبىئىي بايلىقنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق مېخانىزم تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

(5) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتىشكە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى قەرەللىك تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا تەشۋىقات تارماقلىرى باش بولۇپ، بىرلىك سەپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مائارىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مەدەنىيەت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار زىچ ھەمكارلىشىپ ۋە ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىشى كېرەك. تەشۋىقات تارماقلىرى كادىرلار ۋە ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشى، ئىتتىپاق كومىتېتلىرى، مائارىپ تارماقلىرى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشى، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت تارماقلىرى ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى مول مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ھوشيارلىق بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغداش كېرەك.

# بەش ئاڭنى كۆچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيىۋى ئىستىھكام قۇرايلى

## بۆرتالا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
## گويىڭخۇا

**1. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتىكى ھوشيارلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىخۇتلۇق ئىدىيىسىنى قەتئىي يېڭىش لازىم.**

بىرىنچى، ئىقتىسادىي خىزمەت يۈكسەلسىلا مۇقىملىق خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ، دەيدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىپ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دەيدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىقتىسادىي خىزمەت مۇقىملىق خىزمىتى ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ماددىي ئاساسى، بىراق ئۇ مۇقىملىق خىزمىتى ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتى مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت كاپالىتىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، مىڭبىر جاپادا قولغا كەلگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مېۋىسى بىراقلا بەربات بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەيدىغان بىخۇتلۇق ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتىكى ئىدىيىۋى ھوشيارلىقنى ھەر ۋاقىت ساقلاش كېرەك. ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھېچنېمە قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ توختىماي ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇزۇن داۋام قىلسا خەلق

ئامممسى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يوقىتىدۇ، ھەتتا دىكتاتۇرنىڭ رولى ۋە دىكتاتۇرا ئورگانلىرىغا قارىتا گۇمان پەيدا بولىدۇ، مانا بۇ ھەممىدىن قورقۇنۇچلۇق.

ئۈچىنچى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە ئاز - تولا نەتىجىگە ئېرىشىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ بولدى قىلىدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىر قىسىم تېررورلۇق شايكىلىرىنى يوقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىر قىسىم تايانچلىرىنى قولغا ئالدۇق، بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورىنى قولغا چۈشۈردۇق، بىراق بۇلار بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، چېگرا ئىچى، سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر يېڭى، تېخىمۇ چوڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۈزلۈكسىز ئادەم تەربىيىلەپ ئەۋەتىۋاتىدۇ، ئۈزلۈكسىز قورال - ياراغ، ئوق - دورا ياساپ، يېڭى زوراۋانلىق، تېررورلۇق سۇيىقەستلىرىنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز، ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشىمىز، ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ئومۇمىي غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**2. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتە ئامما ۋە مۇداپىئە كۈرۈش ئېقىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە پۈت قويغىدەك ئورۇن بەرمەسلىكىمىز لازىم.**

ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش — پارتىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنى ئېلىپ بېرىشتىمۇ ئوخشاشلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

بىرىنچى، ئاممىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيەت

ئېگىنى كوچەيتىش، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، قايسى ياش قاتلىمىدىكى، قايسى جىنىستىكى، قايسى رايوندىكى ئادەم بولسۇن، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. ئاممىغا مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ھەربىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ھاياتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى؛ بۇ مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كېچىش، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىمىزدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئاممىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى شەرەپ ۋە نومۇس ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش شەرەپلىك، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نومۇس، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەقدىرلىنىشكە لايىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قاتناشقۇچىلارنى چوقۇم پاش قىلىش، زەربە بېرىش كېرەك دەيدىغان ئىدىيىنى مۇسەھكەم تۇرغۇزۇش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە ھېچقانداق پۇرسەت قالدۇرماسلىق كېرەك. ئۈچىنچى، ئاممىغا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ھەق - ناھەق ئېڭىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. ئوچۇق - ئاشكارە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئوڭاي پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما دىنىي نىقاپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىر قىسىم ئاممىنىڭ كۆزىنى ئوڭايلا توسۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاممىغا نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئاممىغا ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت. تۆتىنچى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ئاممىنىڭ پاش قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرگەن ئاساستا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىش كېرەك. «ئامما ھەقىقىي قەھرىمان» . بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە، ھەرقانداق چاغدا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئاممىغا

تايىنىش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئامما مۇداپىئە كۈرۈش، ئاما تۇزەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسىلا، دۈشمەنلەرگە پۇت قويغىدەك ئورۇن قالمايدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش خىزمىتى ياخشى، ئەمەلىي ئىشلىنىدۇ.

**3. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئورتاق باشقۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇستەھكەم پولات سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ھەممە تەرەپنىڭ ئىتىبار بېرىپ، بىرلىكتە تۇتۇش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قەيسەر رەھبەرلىك يادروسى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاممىنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ئاخبارات، تەشۋىقات تارماقلىرى ھەرخىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان قويۇق ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشى، ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

بىرلىك سەپ، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ئارقىلىق دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوللاپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشى؛ ئاممىۋى تەشكىلات تارماقلىرى ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ

ئىدىيىۋى خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلىشى كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت قاتارلىق سىياسىي قانۇن تارماقلىرى «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش» پرىنسىپى بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىشى كېرەك. تەڭ تۇتۇش، ئورتاق باشقۇرۇش خىزمىتىدە، بىرىنچىدىن، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلىشى كېرەك، ھەرقانداق ئورۇن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىش خىزمىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ بېرىدەك. ئىككىنچىدىن مەخسۇس باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەربىر ئورۇننىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بىر ياكى بىرقانچە مەخسۇس باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، مەخسۇس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆتۈپ تۇرماسلىق، تايىنىۋالماسلىق، ھەممىسى ئۆز خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، باشقۇرۇشنى خالاش، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش، باشقۇرۇشنى بىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەمكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەربىر فۇنكسىيىلىك تارماق بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ ھەممە تەرىپى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر تەرىپى، شۇڭا ھەرقايسى تارماقلار ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشى، بىر - بىرىگە ئىتتىرىش ياكى تالىشىپ يۈرۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، بىرلىكتە باشقۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلار زىچ ماسلىشىپ دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتىكى كۈچلۈك بىرلەشمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**4. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشتىكى دىكتاتۇرا ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىش پۇرسىتى بەرمەسلىك لازىم.**

دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە دىكتاتۇرا ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ،

«تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش» كېرەك. بىرىنچىدىن، زوراۋانلىق تېررورلۇق قاتارلىق جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرگە قوغلاپ ۋە بېسىپ زەربە بېرىش، دۈشمەنلەرگە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بەرمەسلىك كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىدىغان ئادەملەر ۋە جىنايەت گۇماندارى يىپ ئۇچلىرىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ تىزگىنلەش، سۈرۈشتۈرۈش، تەكشۈرۈشنى توختاتماسلىق، دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي قاتلامدىكى ساقچىخانىلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلەرگە قاتمۇ - قات تور، قاپقان قۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالدىن خەۋەر بېرىشنى ياخشىلاپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارىتا يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىپ، بايقالغان ھامان دەرھال بىر تەرەپ قىلىش، يوشۇرۇن خەۋپ قالدۇرماسلىق كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ۋە ئىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك؛ يەتتىنچىدىن، ئاقما نوپۇسلارنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ يۈرۈپ دېلو سادىر قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ سەككىزىنچىدىن، ئاخبارات، ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سىگنال بېرىشتە ئالدىدا مېڭىش كېرەك.

**5. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىرىنچى قولنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، بىرىنچى

قولىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقانداق بىر بىخ خاراكتېرلىك مەسىلىنى نەزەردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق لازىم. ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش ھالىتىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشى ۋە ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىشى، ئاممىنىڭ ئوي - خىيالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، قىسمەن ئاممىدىكى «مېنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق» دەيدىغان خاتا خاھىشنى تۈگىتىپ، ئاممىنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، ئاممىنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىغا تەربىيە بېرىش، كەيپىياتنى ئوڭشاش، زىددىيەتنى پەسەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بوزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى بەرمەسلىك كېرەك.

# «ئىككى قولدا تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ ئىدېئو- لوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەيلى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى
شى خويچۇڭ

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ، بۇ بىر ئىلمىي ھۆكۈم. بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى، بولۇپمۇ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قورغۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈزۈن مەزگىل بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ياخشى ئىدىيىۋى جامائەت پىكرى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۇرپاننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا نىسبەتەن مۇھىم رېئال ئەھمىيەت ئىگە.

## 1. ساقلانغان مەسىلىلەر

1) ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش

كۆرۈشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئۇزۇن مۇددەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس.

نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئامىللار ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل بەزى كادىرلار ئامىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولۇشتىن ئىبارەت. بەزى ئورۇنلار ۋە بەزى كادىرلار بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تونۇشقا تازا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاز سانلىق كادىرلار ئارىسىدا بىخوتلۇق، بوشاڭلىق ۋە جەڭدىن زېرىكىش كەيپىياتى ساقلانماقتا، بەزىلەر مەسىلىلەرنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقىماي، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلماي، قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرماقتا؛ بەزىلەر پەقەت قانۇن جەھەتتىكى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى تەدبىرلەرنىلا تەكىتلەيدۇ، ھەر مىللەت كادىرلار ئامىسىنى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە تەربىيىلەش، يېتەكلەش كەمچىل بولماقتا، ئىدىيە بازىسىنى تالىشىش بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېزا، مەكتەپ قاتارلىق ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىپادىسى ئېخىمۇ گەۋدىلىك. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېزا، مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىش يۈزلىنىشى ئىنتايىن روشەن بولماقتا؛ نەزەرىيە تەتقىقاتى، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ۋە مەدەنىيەت مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە، باشقۇرۇش، تۈزۈم ۋە نازارەت قىلىشنىڭ كۈچلۈك بولغان رەھبەرلىك مېخانىزمى تېخى شەكىللەنمىدى، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىدىغان ئاجىز ھالقىلار يەنىلا ساقلانماقتا.

2) ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى ئاجىز.

(1) يېزىلارنىڭ تەشۋىقات مەدەنىيەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇكەممەل ئەمەس. يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پەقەت بىر نەپەر تەشۋىقات خادىمى ياكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان

يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرىلا بار بولۇپ، كەنتلەردە مەخسۇس ياكى قوشۇمچە تەشۋىقات خادىمى ئاساسىي جەھەتتىن يوق. يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلىرى تولۇق ئەمەس، كەنتلەردە بۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان ئادەم ئاساسىي جەھەتتىن يوق دىيەرلىك.

(2) تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيىسى تۇراقسىز، يېزىلاردا، بىر قىسىم يېزا، كەنت تەشۋىقات ئىدىيە خىزمەتچىلىرى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولماسلىقى، خىزمەت ئاڭلىقلىقىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ۋە ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن خىزمەت قىزغىنلىقىنى ۋە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىقىنى يوقىتىپ قويىدى، بەزىلەر بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى.

(3) تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا، بۇ قوشۇننىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، بولۇپمۇ كەسپىي ساپاسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقى، مۇتلەق كۆپ سانلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولمىغانلىقى، مۇنتىزىم، سىستېمىلاشقان كەسپىي تەربىيىلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن، يۈز بەرگەن يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشتا تولۇق تەييارلىق قىلالماي، خىزمەتتە پاسسىپ ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ.

3) تەشۋىقات تەربىيە، مەدەنىيەت بازىلىرى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك ئەمەس.

(1) تەشۋىقات، ئىدىيىۋى تەربىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ سورۇنلىرى ئاددى، ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل، ئەسلىھەلىرى كونا. گەرچە ۋىلايىتىمىزدە، يېزا، كەنت پارتىيە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلەش سورۇنلىرىنى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن تەشۋىقات

مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ قاتتىق دىتال قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى سىلىنما يەنىلا يېتەرلىك بولماي ۋاتىدۇ. بەزى چەت - ياقا يېزا، كەنتلەرنىڭ رادىئو ئۇسكۇنىلىرى جىددىي يېڭىلاشنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى كەمچىل، پائالىيەت سايمانلىرى ئاددىي، قىرائەتخانىلاردىكى گېزىت - كىتابلارنىڭ مەزمۇنى كونا، قاراتمىلىقى يوق بولۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن ناھايىتى يىراق.

(2) يېزا، كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولۇش ۋە تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇش يېتەرسىز بولۇپ، دائىم دېگۈدەك ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇلۇش ھالىتىدە تۇرىۋاتىدۇ.

(3) يېزىلاردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش ئاجىز. ئۇزاقتىن بۇيان بىز مەدەنىيەتنى ئاساسلىقى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا تايىنىپ باشقۇرۇپ كەلدۇق، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن بىر خىل ئاددى ھالدىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان قۇرۇلما بولۇپ، بۇ خىل تۈزۈلمە يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. بەزىلەر مەدەنىيەتنى پەقەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى باشقۇرغاندىلا ئاندىن ئورۇنلۇق بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ مەدەنىيەت باشقۇرۇشى، جەمئىيەتتە، كۆپ تەرەپلەرنىڭ مەدەنىيەت باشقۇرۇشىنى قوللايدىغان مۇھىتنى بەرپا قىلىشى يېتەرسىز.

4) يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس.

يېزىلارنىڭ يېزا، بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، يېزا، بازارلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى «بىرىنچى قول رەھبەر ئىككى قولدا تۇتۇش» ۋەزىپىسىنى تېخى ئۈستىگە ئالغىنى يوق، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلانى كەمچىل، پىكىر يوللىرى ئوچۇق ئەمەس، نىشانى ئېنىق ئەمەس، تەدبىرى كۈچلۈك ئەمەس، خىزمەتتە ئىزچىللىق كەمچىل، بەزىدە يۇمشاق بەزىدە قاتتىق، بەزىدە چىڭ

بەزىدە بوش بولۇش ھادىسىلىرى مەۋجۇت.

«پائالىيەتنى ۋاستە قىلىش»، «مەنىۋى مەدەنىيلىكتە بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش» قا بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغىنى يوق، قانات يايدۇرۇلغان ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاش ھۆجەيرە قۇرۇلۇشى تېخى تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشمىدى.

5) ئاتېئىزم تەشۋىقات، تەربىيىسىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) يېزىلاردىكى بەزى كادىرلار، دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىغا ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلساق ئۇلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تېگىپ قويىمىز دەپ قارايدۇ؛ بەزى يېزا پارتىيە ئەزالىرىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

(2) كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىگە سەل قارالدى. نۆۋەتتە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ يېزا، مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىپ، بىز بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنى تالىشىش مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

## 2. ئاساسلىق قارشى تەدبىرلەر

1) تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىدېئولوگىيە ساھەسى مۇقىملىق مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە بىرلىككە كېلىشى لازىم. بولۇپمۇ نۆۋەتتە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىزگە قاراتقان سىڭىپ كىرىشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، تىرىشىپ سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق

يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىنى خەلقئارا دائىرىدىن كۆزىتىپ ۋە ئىزدىنىپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىشى كېرەك. مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش، يۇكسەك سىياسىي ھوشيارلىقنى ساقلاپ، كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىگە يېتىش، ئېغىش، بىخ ئۇرۇش خاراكتېرىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، قەتئىي كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

2) پارتىيىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. بۇ نەچچە ئون يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان تۈپ تەجرىبىدۇر. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، بىر تۈركۈم سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك، كەسپتە پۇختا، ئىستىلى دۇرۇس تەشۋىقات كادىرلىرىنى تىرىشىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىقادى قەتئىي، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە كەسپچانلىقىقا ئىگە، كەسپنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت ئەھۋالىغا قارىتا ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈشى، دائىم تەتقىق قىلىشى، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇنىۋېرسال تارماق سۈپىتىدە، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. بازا ئېگىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، بولۇپمۇ رادىئو،

تېلېۋىزىيە، گېزىت، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقات تارماقلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش سالمىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىمىزگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش كېرەك.

3) يېزىلارنىڭ تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ناھىيە، يېزا، كەنت تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى، تەشۋىقات قوشۇنىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تەشۋىقات بۆلۈملىرى ھەر يىلى يېزا، بازارلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال پەسىللىرىدىن پايدىلىنىپ ئاز دېگەندىمۇ 2—3 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، يېزا، كەنت دەرىجىلىك تەشۋىقات خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ناھىيە، يېزا (بازار) كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش نىشانىغا يېتىش، ھازىر بار بولغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەت تور نۇقتىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تارقىتىش، قاپلاش تورىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. يېزا (بازار) لارنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتلىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ياخشى تەييارلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، پروگراممىلارنى ئىشلەش، تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، پروگراممىلارنى تارقىتىش، قوبۇل قىلىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

4) يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش سالمىقىنى زورايتىش لازىم.

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى باشتىن ـ ئاخىر بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپ ئەخلاقى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيىسىنى ھەم ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ۋە پەن ـ مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە توغرا قىممەت قارىشى تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم. بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەشنى ئەستايىدىل، پۇختا، ئۈزلۈكسىز يولغا قويۇش لازىم.

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە قاتنىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىشنى جەزمەن ئاما كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسىلىلەردىن باشلاپ، ئاممىنى كەڭ ـ كۆلەمدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى قىلىش، زەھەر چەكلەش، فېئودال خۇراپاتلىققا ۋە قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كەڭ ـ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاش، كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش؛ پارتىيىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەت تەربىيىسىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش، ساۋاتسىزلىقنى

تۆگىتىش خىزمىتىنى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

5) تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا، جەزمەن ماددىي كاپالەت بولۇشى كېرەك، ماددىي كاپالەت بولمىسا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس. شۇڭا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر بولغان مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچكە كاپالەتلىك قىلىش، ھەمدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنمىسىنى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مەركەزنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتۇرۇش لازىم. ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يولغا قويغىلى بولىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مەبلەغ، سېلىنما يوللىرىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ سېلىنما سالمىقىنى تەدرىجىي زورايتىشقا يېتەكلەش لازىم. تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چەكلىك مەبلەغنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى
لىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرەيلى
ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2- نومۇر پوچتا نومۇرى: 830003)
شىنجاڭ ئاخباراتى تىجارەت تەرەققىيات شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىل تاغ يولى 289- نومۇر پوچتا نومۇرى: 830002)
فورماتى: 1/32 باسما تاۋىقى: 18
2000- يىلى 5- ئايدا بېسىلدى
بېسىشقا رۇخسەت [illegible] نومۇرى (2000) 160 نومۇرلۇق